DR. MEHMET YAKUP BUĞRA

# Hatıralarım

# خاتىرەلىرىم



Çeviri
ABDULLAH OĞUZ

بسم الله الرحمن الرحيم

# Hatıralarım

Dr. Mehmet Yakup Buğra

Uygurca'dan Türkçe'ye Çeviri
*Abdullah Oğuz*

İstanbul /2017

# خاتىرەلىرىم

مۇھەممەد ياقۇپ بۇغرا

ئۇيغۇرچىدىن تۈركچىگە تەرجىمە قىلغۇچى

**ئابدۇللاھ ئوغۇز**

ئىستانبۇل/2017

# İÇİNDEKİLER

*Takdim*....................6

Önsöz.................... 8
Sulh ile Kurtuluşun İlanı....................42
Tezek Toplamaya Çıkan Komiser....................48
Hâkimiyeti Güçlendirme....................52
Temizlik Hareketinin Başlangıcı....................56
"Devrim Karşıtı Unsurları Temizleme" Hareketi....................60
Kira hakkını kısıtlama, Zorbalara karşı duruş....................64
Sindirme Hareketinin Hedef Kitlesi (Kurbanları)....................70
Sindirme Hareketinde Yöntem ve Siyaset....................82
Temizlik Hareketlerinin "İcabına Bakma" safhası.................... 148
Hüküm İlan Etme Safhası.................... 164
Hapis, Emek İle Dönüşüm ve Yeni Hayat Kampları.................... 168
Emek ile Dönüşüm Kampı.................... 176
Dammu'da 5 Yıl.................... 190
Atçuy İnkılabı.................... 202
Kültür Devrimi.................... 218
Tünelin Ucunda Görünen Işık.................... 238

EKLER
*Neseb Tablosu (Şecere)*....................256
*Fotoğraflar*....................259

مۇندەرىجە

كىرىش سۆز.......................(9)

«تىنچلىق بىلەن ئازات بولغان» لىقىنىڭ ئېلانى.....(43)

تېزەك تەرگىلى چىققان كومىسار..(49)

«ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەش»....(53)

تازىلاش ھەرىكىتىنىڭ باشلىنىشى..(57)

«ئىنقىلابقا قارشى ئۇنسۇرلارنى تازىلاش» ھەرىكىتى....(61)

ئىجارە ھەققىنى كەمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش(65)

بېسىقتۇرۇش ئوبيېكت (نىشان) لىرى..(71)

بىسىقتۇرۇشتىكى ئۇسۇل ۋە سىياسەت (83)

تازىلاش ھەرىكەتلىرىنىڭ «چارە كۆرۈش» باسقۇچى (149)

تۇرما، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانى ۋە يېڭى ھايات مەيدانى (169)

ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئەتىرىدى .(177)

دەممو دا بەش يىل... (191)

ئاتچۇي ئىنقىلابى...(203)

مەدەنىيەت ئىنقىلابى..(219)

«يۇچۇقتىن كۆرۈلگەن يۇرۇغلۇق»..(239)

# Takdim

Dedem Mehmet Yakup Buğra, dillere destan bir hayat yaşamış, birkaç ömre sığacak kadar sıkıntılara göğüs germişti. Bunca sıkıntı ve dertlere rağmen bizim için gölgesinde huzur içinde yaşadığımız bir çınar gibiydi. Hepimize kol kanat gererdi. Aklım başıma geldiği günden itibaren hepimizin özellikle de benim hayatımda çok önemli bir yeri vardı. Torunlarının yani bizlerin iyi bir eğitim alması için elinden gelen her şeyi yapmıştı.

Dedemin hatırlarını ilk okuduğum zaman çok duygulanmıştım İlk hissiyatım dedem hayattayken kıymetini bilemediğim için duyduğum pişmanlıktı. Kitabın tercümesinin yapılması gündeme geldiğinde bu yüzden çok sevindim. Boğazımdan geçen her lokmada hakkı olan dedemin aziz hatırasına küçük bir katkı yapabilme fırsatı beni çok heyecanlandırmıştı.

Rabbime sonsuz şükürler olsun ki bana bu kıymetli eserin tercümesini bitirmeyi etmeyi nasip etti. Bu tercümenin, dedemim hatıralarının asıl hedef kitlesi olan aile bireylerinin okuyabilmelerine katkı yapması en büyük dileğimdir.

Esas itibariyle dedemin hayatının Doğu Türkistan'da geçen 1949 -1976 yıllarını kapsayan bu hatıratın, Çağatay Devleti'nin hükümdarı Sultan Yunus Han'ın (XV.yüzyıl) döneminde yaşamış, Babür Şah'ın da isim babası Hoca Ubeydullah Ehrarî' ye uzanan aile tarihimizin, özellikle dedemin hayatının tamamının kayıt altına alınmasına bir başlangıç olmasını Rabbimden niyaz ediyorum.

Dedemin hatıraları aynı zamanda dünya tarihinde önemli yere sahip çalkantılı bir döneme yapılan bir şahitlik ve tarihe düşülmüş bir kayıttır. Bu nedenle dönem tarihi açısından da çok önemli bir belge niteliğindedir. Bu yönden de ilerde bilimsel çalışmalara kaynak olacağına eminim.

Bizler için maddi manevi her türlü fedakârlığı yapan ve bize bu kıymetli hatırayı miras bırakan canım dedem seni çok özlüyoruz, Rabbim mekânını cennet eylesin, bizlere de seninle beraber olmayı nasip etsin.

Son olarak bu hatıranın tercümesini yapmak için beni yönlendiren dayım Nur Ahmet Buğra'ya, düzenlemesi ve baskı aşamasındaki katkılarından dolayı kuzenim Muhammed Ali Alioğlu'na ve Merve Altunay'a; başta Annem Babam olmak üzere bütün aileme teşekkürü borç bilirim.

Abdullah OĞUZ

*Mart 2017/İstanbul*

# Önsöz

27 Aralık 1947 günü, 14 yıl süren, Hindistan, Afganistan ve Suudi Arabistan'daki zorlu gurbet hayatımızı sonlandırıp vatanımıza geri döndük. Kendi vatan toprağımızda, akrabalarımızın arasında olmamız dolayısıyla, huzurlu bir hayat geçirme ümidim günden güne artmaktaydı. Babam, yurtdışından geldikten sonra çok geçmeden Urumçi'ye Hazretim'in yanına gitti. Gurbetteki cefalı hayatımızdan sonra, biraz olsun rahat ve huzurlu günler geçirme ümidiyle gittiği Urumçi'den aradığını pek bulamamış olarak geri döndü. Baba mesleği olan Tebabet dükkânı açıp, işlerimizi yavaş yavaş yoluna koymaya başladık. Ancak, bu huzurlu günler uzun sürmedi. Komünist rejim, yurdumuza sanki bir karabasan gibi çöktü. Hatıramda işte bu karabasan ve fırtınalarla dolu, 1949'dan 1976'ya kadar süren 27 yıllık korku ve dehşet içindeki günlerimi önemli başlıklar halinde yazmaya çalıştım.

Bu önsözü ve hatıralarımın bir kısmının taslağını 1977 yılının Mayıs ayında, yani Türkiye'ye gelişimize 1 yıl olmak üzereyken yazmıştım. Özellikle ailemin başına gelen zorlu günleri önemli başlıklar halinde hatırlayarak yazmayı düşündüm. Böyle bir hatıra yazmayı vatanımdaki günlerimden beri çok arzu ediyordum.

## كىرىش سۆز

(1947 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، 14 يىل ھىندىستان ئافغانىستان ۋە سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى مۇشەققەتلىك مۇھاجىرەت ھاياتىمىزنى ئاياغلاشتۇرۇپ، ۋەتەنگە قايتىپ كەلدۇق. ئەمدى، ئۆز ۋەتەن تۇپرىقىمىزدا ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمىز ئارىسىدا خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈمىدىم كۈندىن ـ كۈنگە ئاشماقتا ئىدى. دادام چەت ئەلدىن كېلىپ ئۇزۇنغا قالماي ئۇرۇمچىگە ھەزرىتىمنىڭ قېشىغا كەتتى. مۇساپىرچىلىقتىكى جاپالىق ھاياتىن كېيىن، بىرئاز بولسىمۇ راھەت ۋە پاراغەتلىك كۈن كۆرۈش يولىنى ئىزدەپ كەتكەن ئۇرۇمچىدىن دادام ئانچە قانائەتلەنمەي قايتىپ كەلگەندى. ئاتاكەسپى بولغان تىبابەتچىلىك دۇكىنى ئېچىپ، دادام بىلەن ئىشلىرىمىزنى ئەمدىلا خاتىرجەم يولغا قويۇشقا باشلىغاندۇق. لېكىن، بۇ خاتىرجەملىك ئۇزۇنغا بارمىدى. كوممۇنىست رېژىمى يۇرتىمىزغا خۇددى قارا بوراندەك بېسىپ كىردى. مانا، بۇ قارا بوران ۋە چاپقۇنلاردىكى 27 يىللىق قورقۇ ۋە دەھشەت ئىچىدىكى كۈنلىرىمنى مۇھىيم تېما قىلغان ئاساستا خاتىرلەپ چىقتىم).

بۇ كىرىش سۆزنى ۋە خاتىرەمنىڭ بىرقىسىم تېزىسلىرىنى1977 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، يەنى تۈركىيىگە كەلگەنلىكىمىزگە بىريىل بولاي دەپ قالغان كۈنلەردە يېزىپ قويغاندىم. 1949 ـ يىلدىن، 1976 ـ يىلغىچە بولغان 27 يىللىق بىر مەزگىل ئىچىدە ۋەتىنىمدە يۈز بەرگەن ھادىسىلەرنى بولۇپمۇ، ئائىلەمنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلىك كۈنلەرنى تېما قىلغان ھالدا خاتىرە يېزىپ قالدۇرۇشنى ئويلىدىم. بۇنداق بىرخاتىرە يېزىشنى ۋەتەندىكى چاغلىرىمدىن تارتىپ بەكمۇ ئارزۇ قىلىپ كەلگەندىم.

Facialı günlerimizin tanığı olan annemin yıllardır kötü olan sağlığı birden ağırlaştı. Bitmez tükenmez maceralı ve külfetli muhitten kurtulup, özgürce nefes alabileceğimiz bir ortamda sağlığı azda olsa düzelir diye bir ümidim vardı. Fakat bu geçen bir yıl içinde aklıma getirmekten bile korktuğum şüphem kesinleşti, kanser hastalığı ilerleyip son safhaya gelmişti. Hepimiz bir ümitsizlik içinde kaldık. Bazı olayları annem hayattayken yazmam gerekiyordu ama buna vakit yoktu. Ben annemin arzusu olan son hac görevi için acele etmekte idim. Fakat bazı büyüklerimiz buna karşıydı. Onlar "bu kadar para harcayıp hac yapmak gereksiz" diyorlardı. Abim, annem 4-5 yıl daha yaşar diye ümit etmekteydi ama bu kadar vakit yoktu. Onun için ben annemin dizinin dibine oturup, birkaç satır olsada taslak yazdım. Mucize gibi bir fırsat geldi, annemi ve İklimnisa Hanımı alıp hacca gittim. Hacca gitmeye yakın annemin ağrıları arttı. Hac vazifesini yaparken epey zorluk çekti. Bazen ben sırtlayıp, bazen de İklimnisa Hanım koluna girip haccı tamamladık. Hacdan sonra annem "beni Mekke'de bırakıp gidin" diye ısrar etse de, annemle birlikte sağ salim Ankara'ya geri geldik.

*24 Aralık 1978*

Bugün annemin birinci vefat yıldönümü. Öğleden önce yapılan hatim ve tesirli Türkçe dualar hâlâ kulağımda yankılanıp

پاجىئەلىك كۈنلىرىمىزنىڭ گۇۋاچىسى بولغان ئانامنىڭ يىللاردىن بېرى داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ناچار سالامەتلىكى بىردىن ئېغىرلاشتى. تۆگىمەس - پۈتمەس كۆلپەت ۋە ماجىرالىق مۇھىيتتىن قۇتۇلۇپ، ئەركىن بىر نەپەسكە ئىگەبولغان شارائىتتا سالامەتلىكى بىرئاز بولسىمۇ ياخشىلىنىپ قالار دېگەن ئۈمىدىم بارئىدى. لېكىن، يېقىنقى بۇبىر يىل ئىچىدەخىيالىمغا كەلتۈرۈشكىمۇ قورقىدىغان گۇمانىم مۇقىملىشىپ قالغان، يەنى، بالاياتقۇراك كېسىلى تەرەققى قىلىپ، ئاخىرقى باسقۇچقا يېتىپ قالغانىدى. ھەممىمىز بىر ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە قالدۇق. بەزى ۋەقەلەرنى ئانام ھايات ئىكەن يېزىۋېلىشىم كېرەك ئىدى. ئەمما، بۇنىڭغا ۋاقىت يوقتى. مەن، ئانامنىڭ ئارزۇسى بولغان ئاخىرقى ھەجنى قىلىۋېلىشى ئۈچۈن ئالدىرماقتا ئىدىم. لېكىن، بەزى چوڭلىرىمىز بۇنىڭغا قوشۇلمايتتى. ئۇلار «ئۈنچىلاپۇل خەژلەپ ھەج قىلىش، ئارتۇقچە بىر ئىش» دەپ تۇراتتى. ئاكام، ئانام تېخى 5 ، 4 يىل ھۇما كۆرەر دەپ ئۈمىد قىلاتتى. ئەمما، ئۇ قەدەر زامان قالمىغانىدى. شۇڭا مەن، ئانامنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ، بىرقانچە بەت بولسىمۇ تېزىس يېزىۋالدىم. مۆجىزىدەك بىر پۇرسەت قولغا كېلىپ، ئانامنى ۋە ئىقلىم نىساخاننى ئېلىپ، ھەجگە كەتتىم. ھەجگە يېقىن ئانامنىڭ ئاغرىغلىرى كۆپىيىپ قالدى. ھەج ۋەزىپىلىرىنى ئاداقىلىشتا خېلى زورلۇق تارتتى. بەزىدە مەن ھاپاچ ئېتىپ يۈرۈپ بەزىدە ئىقلىمنىساخان يېتىلەپ ھەجنى تۆگەتتۇق. ھەجدىن كېيىن، ئانام «مېنى ھەرەمدە قويۇپ كېتىڭلا» دەپ تۇرۇۋالغان بولسىمۇ ئانام بىلەن قايتىپ، ساق سالامەت ئەنقەرەگە كەلدۇق.

1978 - يىلى، 12 - ئاينىڭ 24 - كۈنى؛

بۈگۈن ئانامنىڭ ۋاپاتىغا بىر يىل بولۇپ قالدى. چۈشتىن بۇرۇن ئوقۇلغان خەتمى قۇرئان ۋە تەسرلىك تۈركچە دۇئالار تېخىچە قولۇغۇمدا جاراڭلاپ

duruyordu. Birden hatıralarımı yazma işi aklıma geldi ve bu önsözü yazmaya başladım. Yukarıda yazdığım gibi, böyle bir hatıra yazmayı hasret ile hayal etmekte idim. "Öyle bir gün gelir mi?" diye uykusuz geçen gecelerde olaylar, hadiseler ve annemin sık sık anlattığı başından geçen acıklı yaşanmışlıkların teker teker gözümün önünden geçip durdurduğu karanlık zülmetli günlerde tamamen ümitsizliğe kapılıp, ardından biraz rahatlayıp ümit sanki güneşin doğuşu gibi ufukta görünmeye başladığında, uykuda kâbus görüp korkuyla uyanan kişi gibi azıcık kendimi rahat hissettiğim zamanlarda, böyle bir hatıra yazmaya karar vermiştim.

1957 yılında babam esnaf ve sanaatkarlara karşı yürütülen "Ahlak Düzeltme" denen temizlik hareketinde 15 gün mücadeleye tabi tutulup, benzersiz maddi ve manevi işkencelere uğradı. Bir gün akşam "Eğitim"den döndüğünde "benim işim olmadı hükümet bizden çok şüpheleniyor, beni tutuklayacaklar gibi duruyor hazırlıklı olun, 1949'da Hazretim ile gitmediğime şimdi çok pişman oldum" demişti. Dayanılmaz ağır azap ve sıkıntılı günler bizi beklemekteydi. Çünkü komünistlerin hapishanesinin nasıl bir cehennem olduğu ve tutuklananların aile fertlerine toplum içinde reva görülen muamele ve aşağılama herkese ayan beyan malum idi. Konunun gizli polis teşkilatının soruşturmasına bırakılması ile babamın hayatta kalacağına yönelik ümidimiz arttı ve bir süre bu korkunç karabulutlar üzerimizden dağılır gibi oldu.

تۇرىدۇ. بىردىن خاتىرە يېزىش ئېسىمگە كەلدى. تېزىسنى قولۇمغا ئالدىم ۋە بۇ كىرىش سۆزۈمنى يېزىشقا باشلىدىم.... يۇقىرىدا يېزىپ ئۆتكىنىمدەك، بۇنداق بىر خاتىرە يېزىپ چىقىشنى ھەسرەت بىلەن خىيال قىلىپ يۈرگەنىدىم. شۇنداق بىر كۈنمۇ كېلەرمۇ؟ دەپ ئۇخلىماي ئۆتكۈزگەن كېچىلەردە ۋەقەلەر، ھادىسىلەر ۋە ئانامنىڭ پات ـ پات سۆزلەپ بېرىدىغان ئېچىنىشلىق كەچۈرمىشلىرى بىر ـ بىرلەپ كۆز ئالدىمدىن ئۆتۈپ تۇرغان قاراڭغۇ زۇلمەتتەك كۈنلەردە پۈتۈنلەي ئۈمىدسىزلىنىپ، كېيىنچە بىرئاز خاتىرجەم بولۇپ، ئۈمىد خۇددى تاڭ نۇرىغا ئوخشاش ئۇپۇقتا كۆرۈنۈشكەباشلىغاندا، چۈشىدە قارابېسىپ، قورقۇپ ئويغانغان كىشىدەك ھالەتتە بىر مەزگىل خاتىرجەم بولغان چاغلىرىمدا ــ بۇنداق بىرخاتىرىنى يېزىشنى ئويلىغانىدىم.

57 ـ يىلى، دادام سودا سانائەتچىلار ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلغان «ئىستىل تۈزۈتۈش ھەرىكىتى» دىن ئىبارەت تازىلاش جەريانىدا، 15 كۈن «كۆرەشكە تارتىلىپ»، مىسلىسىز قىين ـ قىستاق ۋە روھىي ئازاپلارغا ئۇچرىدى. بىركۈنى ئاخشىمى «ئۆگىنىش» تىن قايتىپ كېلىپ، مېنىڭ ئىشىم بولمىدى. ھۆكۈمەت بىزدىن بەك گۇمانلىنىدىكەن، مېنى قولغا ئالىدىغاندەك تۇرىدۇ. ھازىرلىقتا بولۇڭلار. 49 ـ يىلى ھەزرىتىم بىلەن كەتمىگىنىمگە ئەمدى بەكمۇ پۇشمان قىلدىم» دېگەنىدى. كۆتۈرەلگۈسىز ئېغىر ئازاپ ـ ئۇقۇبەتلىك كۈنلەر بىزنى كۈتمەكتەئىدى. چۈنكى، كوممۇنىستلارنىڭ تۈرمىسىنىڭ قانداق بىر دوزەخ ئىكەنلىكى ۋە قولغا ئېلىنغانلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىگە جەمئىيەتتە راۋا كۆرۈلىدىغان مۇئامىلە ۋە خورلاش ئەھۋالى ھەممىگە ئايان بىرئىش بولۇپ قالغان. مەسىلە مەخپى ساقچى ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈشىگە قالدۇرۇلۇپ، دادامنىڭ ھايات قالىدىغانلىقىغا كۆزىمىز يەتتى ۋە بىر مەزگىل بۇ قورقۇنچ قارابۇلۇتلار تارقالغاندەك قىلدى.

1959 yılında bütün memleket çapında geniş kapsamlı bir ahlak düzeltme hareketinden ibaret kanlı bir temizlik hareketi başlayıp, her yeri kızıl terör kapladı ve bizim için de endişeli günler yeniden kendini hissettirdi. Ardı ardına açılan hüküm ilan etme için toplu mahkemeler, sokaklarda her köşe başına asılan kızıla boyanmış heybetli ölüm cezası ilanları, yüzüne kara sürülüp, boynuna ismi ve suçunun yazıldığı büyük bir tahta asılıp, kolu ensesine kadar çekilip bağlanmış halde her pazar günü şehrin sokalarında dolaştırılıp ibreti âlem yapılan, toprak ağası, zorba, zengin çiftçi ve din kisvesi ardına saklanmış devrim karşıtı unsur diye adlandırılan biçareler ve başka tehdit ile dolan korkunç manzaralar.

Bunların hepsi bir felaketin habercisiydi. Babam 6 ay boyunca gece gündüz devam eden "Ahlak düzeltme eğitimine" çağrıldı (yeri geldikçe, eğitim, terbiye, eleştirme, karşı koyma, mücadele, halk gözetimine bırakma, yok etme, vb denen komunist jargon üzerinde duracağım).

19 Şubat 1959 tarihinde, doktorluk hizmeti yaptığım Guma'nın Koştag denen yerinde babamın vefat haberini aldım. Beklenmedik bu musibet ile sanki başıma bir dağ yıkılmış gibi geldi. Hoten devlet hastanesinden gönderilen araç ile gece yola çıkıp, ertesi sabah seher vakti Hoten'e geldim. Babam iki gün önce (17 Şubat 1959 günü) defnedilmişti. Bütün aile, akrabalar ve konu komşu derin bir matem içindeydi. Babamın acıklı ölümü ile gam

1959 ـ يىلى، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە  كەڭ كۆلەملىك ئىستىل تۈزۈتۈش ھەرىكىتىدىن ئىبارەت بىر قانلىق تازىلاش باشلىنىپ، ھەممە يەرنى قىزىل تېرور قاپلىدى ۋە بىز ئۈچۈن ئەندىشىلىك كۈنلەر يەنە باشلىدى. ئارقا ـ ئارقىدىن ئېچىلىۋاتقان ھۆكۈم ئېلان قىلىش ئۈچۈن سوت يىغىنلىرى، كوچىلاردا دوقمۇش ـ دوقمۇشقا چاپلانغان ئۈستىگە قىزىل رەڭ چىچىلغان ھەيۋەتلىك ئۆلۈم جازاسى ئېلانلىرى،  يۈزىگە قارا سۇۋاپ، بويىنىغا  ئىسمى ۋە قالپىقى يېزىلغان يوغان بىر تاختا ئېسىپ، قولىنى گەجگىسىگە تارتىپ باغلاپ  ئېلىپ كىرىپ، ھەر بازار كۈنلىرى شەھەردە كوچا ئايلاندۇرۇپ، سازايى قىلىنىۋاتقان ئىنقىلابقا قارشى ئۇنسۇر، پومىشچىك، زومىگەر، باي دېھقان ۋە دىنى تونىغا ئورۇۋالغان نەخ ئەكسىل ئىنقىلابچىلار دەپ  نام بەرگەن بىچارە كىشىلەر ۋە باشقا تەھدىت بىلەن تولغان قورقۇنچ مەنزىرىلەر....

بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر پالاكەتنىڭ خەۋەرچىسى ئىدى. دادام 6 ئاي كېچىلەپ ـ كۈندۈزلەپ داۋام قىلغان «ئىستىل تۈزۈتۈش ئۆگىنىشى»گە چاقىرىلدى. (يېرى كەلگەندە كوممۇنىستلارنىڭ ئۆگىنىش، تەربىيەلەش، پىپەن قىلىش، قارشى تۇرۇش، كۆرەش قىلىش، قالپاق كەيگۈزۈش، يوقۇتۇش  ۋە ھاكازا.... دېگەنلىرى ئۈستىدە توختىلمەن).

1959 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، دوختۇرلۇق خىزمىتى بىلەن گۇمانىڭ قوشتاغ دېگەن يېرىدە دادامنىڭ ۋاپات بولغان خەۋىرىنى ئالدىم. كۈتۈلمىگەن بۇ مۇسىبەت بېشىمغا خۇددى بىرتاغ  يېقىلغاندەك كەلدى. ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىدىن ئەۋەتكەن ماشىنا بىلەن كېچىسى يولغا چىقىپ، ئەتىسى سەھەردە خوتەنگە كەلدىم. دادامنى ئىككى كۈن بۇرۇن (2 ـ ئاينىڭ 17ـ كۈنى) يەرلىكتە قويۇپ بولغانىكەن. پۈتۈن ئائىلە، تۇغقانلار ۋە يۇرت ـ مەھەللە چوڭقۇر ماتەم ئىچىدە ئىدى. دادامنىڭ ئېچىنىشلىق ئۆلۈمى بىلەن غەم ـ

ve endişe dolan içim birden karardı. Annem o gün bana babamın bize yazdığı son mektubu gösterdi. (Bu mektup babamın mesh ayakkabısının altından çıkmıştı). Babam bütün dert elem zulüm, işkence, minnet, pişmanlık ve nedametleri kendisi ile alıp gitmişti. Babamın bize söyleyeceği daha ne kadar sözü ve derdi vardı kim bilir? Ama mektubunda "beni yapmadığım işleri yaptım diye itiraf edeceksin diye zorluyorlar. Herşey mümkün, kendinizi çok üzmeyin" diye bize teselli vermekteydi.

Annem bu mektubu iyi saklayıp, "Allah abin ile görüşmeyi nasip ederse, ona göstereceğiz" diye ümit etse de bu mümkün olmadı. Çünkü ertesi gün polis gelip o mektubu alıp gitti. İspiyoncular bunu derhal ihbar etmiş olsa gerek.[1] Bu faciadan 17 yıl geçtikten sonra Allah abim ile görüşmeyi nasip etti. Annem bunları abime anlatabildi mi bilmiyorum.

Babamın vefatından sonra, rejimin ailemi takip altına alışı ve özellikle benim üzerimdeki kontrolü arttı. Bunları da hatıramın ilgili bölümlerinde anlatacağım.

[1] Hoten de yürütülen "Ahlak Düzeltme" hareketine liderlik eden hükümet idarecileri, kendilerinin dağıttığı yalan uydurma sözlerinin ve insanlıktan çıkmış, işkence ile itiraf ettirme gibi zalimane yöntemlerinin açığa çıkmasından endişe etmiş olsalar gerek ki, bu mektuptan çok korkmuşlardı. Annem vermemek için çok uğraşmış olsa da polisler tavizsiz durup mektubu alıp gitmişti.

ئەندىشىگە تولغان كۆڭلۈم بىردىن بوزۇلدى.... ئانام ئۇ كۈنى ماڭا، دادامنىڭ بىزگە يازغان ئاخىرقى خېتىنى كۆرسەتتى. (بۇخەت دادامنىڭ مەسىدىن چىققان ئىكەن). دادام ھەممە دەرت ـ ئەلەم، زۇلۇم، قىين ـ قىستاق، تاپا ـ تەنە ۋە پۇشمان ـ نادامەتلارنى ئۆزى بىلەن ئېلىپ كەتكەنىدى. دادامنىڭ بىزگە سۆزلەپ بېرىدىغان يەنە قانچىلىك سۆزلىرى ۋە دەرتلىرى بولغىدى! ئەمما، بىزگە خېتىدە « مېنى قىلمىغان ئىشلارنى قىلدىم دەپ ئىقرار قىلسەن دەپ، زورلاۋاتىدۇ. ھەرقانداق بىر ئەھۋال يۈزبېرىشى مۇمكىن، غەمكىن بولماڭلار» دەپ تەسەللى قىلماقچى بولغان.

ئانام، بۇخەتنى ئوبدان ساقلاپ، خۇدايىم ئاكىڭىز بىلەن كۆرەشكىلى نىسىپ قىلسا، ئۇنىڭغا كۆرستىمىز» دەپ ئۈمىد قىلغان بولسىمۇ بۇ، مۇمكىن بولمىدى. چۈنكى، ئەتىسى ساقچى ئىدارىسىدىن ئادەم كىرىپ، ئۇ خەتنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەن. جاسۇسلار بۇنى دەرھال مەلۇم قىلىشقان بولسا كېرەك.(1) بۇپاجىئەدىن 17 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، خۇدايىم ئاكام بىلەنمۇ كۆرەشكىلى نىسىپ قىلدى. ئانام بۇ لارنى ئاكامغا ئاڭلىتالدىمۇ ؟ بىلمەيمەن.

دادامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ھۆكۈمەتنىڭ ئائىلىمىزنى تەقىپ ئاستىغا ئېلىشى ۋە مېنىڭ ئۈستىمدىكى تەكشۈرۈشلەر كۆپەيدى. بۇلارنىمۇ خاتىرەمنىڭ مۇناسىۋەتلىك جايلىرىدا يازىمەن.

---

(1) خوتەندە ئېلىپ بېرىلغان ئىستىل تۈزۈتىش ھەرىكىتىگە رەھبەرلىك قىلىۋاتقان ھۆكۈمەت كىشىلىرى ئۆزى تارقاتقان يالغان ـ ياۋاداق سۆزلىرى ۋە ئىنسانىيەت قېلىپىدىن چىققان، قىيناپ ـ قىستاپ ئىقرار قىلدۇرۇش قاتارلىق زالىملىق ماھىيىتىنىڭ ئاشكارا لىنىپ قىلىشىدىن ئەندىشە قىلغان بولۇش كېرەككى، بۇخەتتىن ناھايىتى چۆچۈپ كەتكەن. ئانام بەرمەسلىككە تىرىشقان بولسىمۇ، ساقچى ئىدارىسىدىن كەلگەنلەر چىڭ تۇرۇۋېلىپ، ئېلىپ چىقىپ كەتكەن.

Bu benim doktorluk hizmetimde gelişme gösterdiğim bir dönemdi ve mesleğim sayesinde bu seferki kapandan kurtuldum. Daha sonra rejim bunu "ağdan düşüp kalma" olarak adlandırdı. İşte böyle zamanlarda keşke Rabbim öyle bir gün nasip etse de bunları hatıramda yazsam diye hasret çekmekteydim.

1966 yılı "Kültür Devrimi" nin sonlarında safı temizle diye adlandırılan, yine komünist hâkimiyetinin dehşetli bir katliam hareketi başladı. Beni iki yıl görevden alıp mecburi kamu hizmetinde yani devlet dairesinin sebze ekim işlerinde kullandılar hatta tuvaletin içindeki dışkıları tarlaya taşıttılar. Gündüz mecburi hizmette çalıştırıp, geceleri hayat ve tahsil tarihimi ay ay, gün gün yazmaya mecbur ettiler. Ağır psikolojik baskı altında akla hayale gelmez uydurma meseleleri ortaya atıp, yalan dosya uydurup, üstüme ağır suçlar atıp, cezalandırmak istediler.

Komünistlerin bir bahane ile uydurma dosya hazırlayıp, mevcut rejimden rahatsız bazı kişilerin üstüne yok yere suç atıp, onları yok etmekten ibaret olan faşistçe yöntemlerini hatıramın ilgili yerlerinde ayrıntılı olarak yazacağım. Bu yöntemlerle benim üzerimde bir sonuç alamadılar ve görevime iade edildim. O gün yakın bir meslektaşım "1948'de geri gelmeseydiniz bu işler başınıza gelmezdi" demişti. O gece bu olan biten işler tek tek gözümün önüne gelmeye başladı. Hatırladıkça uzun süre huzurlu bir gün geçirmemişim gibi bir hisse kapıldım.

بۇ مېنىڭ دۇختۇرلۇق خىزمىتىمدە مەلۇم نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرگەن چاغلىرىم ئىدى ۋە كەسپىمنىڭ سايىسىدا بۇقېتىمقى قاپقاندىن قۇتۇلۇپ قالدىم.كېيىنچە، ھۆكۈمەت بۇنى «توردىن چۈشۈپ قالغانلىق» دەپ ئاتىدى. مانا، شۇنداق چاغلاردا كاشكى خۇدايىم شۇنداق بىر كۈن نىسىپ قىلسا، بۇلارنى خاتىرە قىلىپ، يېزىپ قالدۇرسام دەپ، ھەسرەت چەككەندىم!

1966 ـ يىلى «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» نىڭ ئايىغىدا قوشۇننى تازىلاش دېگەن نام بىلەن يەنە بىرقېتىم كوممۇنىست ھاكىمىيىتىنىڭ ئەڭ دەھشەتلىك قىرغىنچىلىق ھەرىكىتى باشلىدى. مېنى 2 يىل خىزمەتتىن ئايرىپ، مەجبۇرى ئەمگەككە يەنى، ئىدارىنىڭ كۆكتات تېرىش ئىشلىرىدا ئىشلەش ھەتتا خالانىڭ گەندىلىرىنى چىقىرىپ، ئېتىزغا تۇشۇغىلى سالدى.كۈندۈزى ئەمگەك قىلىپ،كېچىلىرى پۈتۈن ھايات ۋە ئوقۇش تارىخىمنى ئاي كۈنلىرى بىلەن يېزىپ چىقىشقا مەجبۇرقىلدى. بۇ جەرياندا. قاتتىق روھىي ئازاپ ئاستىدا ئادەمنىڭ ئەقلىغا كەلمەيدىغان ئۇيدۇرما مەسىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يالغان ئەنزە ئۇيدۇرۇپ چىقىپ ئۈستۈمگە ئېغىر جىنايەتلارنى ئارتىپ، جازالىماقچى بولدى.

(كوممۇنىستلارنىڭ، بىرباھانە بىلەن يالغان ئەنزە توقۇپ چىقىپ، بىرقىسىم تۈزۈمگە نارازى كىشلەرنىڭ ئۈستىگە يوق يەردىن جىنايەت ئارتىپ، ئۇلارنى يوقۇتۇشتىن ئىبارەت فاشىستلىك نىرەڭلىرىنى خاتىرەمنىڭ مۇناسىۋەتلىك يېرىدە تەپسىلى يازىمەن). شۇنداق قىلىپ، مەندىن بىرئىلىنجۈك تاپالمىدى ۋە خىزمىتىم ئەكسىگە كەلتۈرۈلدى. شۇكۈنى بىر يېقىن خىزمەتدىشىمىز «48 ـ يىلى قايتىپ كەلمىگەن بولسىلا بۇ ئىشلار باشلىرىغا كەلمەيتتى» دېگەندى.

كېچىسى بۇ بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەر بىر ـ بىرلەپ كۆز ئالدىمغا كەلگىلى باشلىدى. ئەسلىگەنسېرى ئۇززۇنراق بىرخاتىرجەم كۈنلىرىم يوقتەك كۆرۈندى.

Babam dillere destan olacak günler geçirmişti. Annemin bütün gençlik hayatı gam kaygı ve endişe ile doluydu. Annemin bize sık sık anlattığı sanki roman gibi hadiseler Tunganların dehşetli katliamları, babamın idama mahkum edilip bir mucize ile sağ kalışı, daha sonra kaçıp kurtuluşu, annemin beni sırtlayıp kaçtığı günlerde samanlıkta ve mısır koçanları arasında saklanıp yatarken, gökteki Çolpan yıldızını görüp Allah'a yalvarıp sabahladığı geceleri!... Ve diğerleri.

Bunlara ek olarak kendimi binbir macera ile dolu 27 yıl boyunca sürekli bir temizlik, karşı duruş, düzenleme, açığa çıkarma, ve terbiye etme denen karmaşanın içine düşüp, "şüpheli unsur", "Emin Hazretin yakın akrabası", "Hindistan'da casusluk okulunda okudu", "abisi yurtdışında Emin Hazret ile birlikte", "yurtdışına bağlı tehlikeli unsur" diye yapıştırılan suçlamaların altında bir çöküp bir çıkıp "bugün de akşam oldu, yarın ne olur?" diye geçen ümitsizlik içindeki günlerimde....işte bunları yazıp bir hatıra bırakmayı çok istiyordum.

Hatıralarımı yazmakta amacım: Tüm bu olaylar olup biterken daha doğmamış olan torunlarım ve o zamanlarda küçük olup tüm bu olanları hatırlamayan çocuklarımın yaşananları bilmesini, milletimizin özellikle ailemizin başına gelenleri öğrenmelerini istiyorum. Bu yazdıklarımda hedef kitlem öz evlatlarımdır. Basma ve dağıtma niyetim yok. Birgün gelir ki özgür dünyada büyüyenlere benim bu yazdıklarım garip gelebilir. Hatta bunlara inanmazlar, böylelerinin varlığını şimdi de görüyorum.

دادام تىللارغا دەستان بولغىدەك كۈنلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن. ئانامنىڭ پۈتۈن ياشلىق ھاياتى غەم ـ قايغۇ ۋە ئەندىشىلەر بىلەن تولغان. ئانامنىڭ بىزگە پات ـ پات سۆزلەپ بېرىدىغان خۇددى رومانلار دىكىدەك ھادىسىلەر. تۇڭگانلارنىڭ دەھشەتلىك قەتلىئاملىرى، دادامنىڭ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىپ، بىرمۆجىزە بىلەن ساق قېلىپ،كېيىنچە قېچىپ، قۇتۇلغانلىقى. ئانامنىڭ مېنى ھاپاچ ئېتىپ، يۈدۈپ قېچىپ يۈرگەن كۈنلەردە سامانلىقتا ۋە پىچان دۆۋىلىرى ئارىسىدا يۇشۇرنۇپ يېتىپ، ئاسماندىكى چولپان يۇلتۇزنى كۆرۈپ، خۇدايىمغا يالۋۇرۇپ، تاڭ ئاتقۇزغان كېچلىرى!.... ۋە باشقىلار.

ئۇندىن باشقا ئۆزەمنىڭ مىڭبىر ماجېرالار بىلەن تولغان 27 يىللىق جەريان ـ قەدەمدە بىر تارىلاش، قارشى تۇرۇش، رەتلەش ئىنىقلاش ۋە تەربىيە بېرىش دېگەن غەلۋىرلەرگە چۇشۇپ، گۇمانلىق ئۇنسۇر، ئىمىن ھەزرەتنىڭ يېقىن تۇغقىنى، ھىندىستاندا جاسۇسلۇق مەكتەپتە ئوقۇغان، ئاكىسى ئىمىن ھەزرەت بىلەن چەت ئەلدە، چەت ئەلگە باغلانغان خەتەرلىك ئۇنسۇر دېگەن قالپاقلار ئاستىدا بىر چۆكۈپ ـ بىر لەيلەپ چىقىپ، بۇگۈنغۇ كەچ بولدى، ئەتە نېمە بولا؟ دەپ يۈرگەن ئۈمىدسىزلىكلەرئىچىدىكى كۆنلىرىمدە ..... مانا بۇلارنى يېزىپ بىرخاتىرە قالدۇرسام دەپ ئارزۇ قىلغانىدىم.

بۇنىڭدىكى مەقسىدىم: بۇ ۋەقەلەر بولۇپ ئۆتكەندە تېخى دۇنياغا كەلمىگەن نەۋرىلىرىم ۋە ئۇچاغداكىچىك بولۇپ، ھازىر ئېسىدە قالمىغان باللىرىمنىڭ بىلىپ قېلىشىنى، مىللىتىمىزنىڭ بولۇپمۇ، ئائىلىمىزنىڭ بېشىغا كەلگەنلەرنى بىلىپ قېلىشلىرىنى ئارزۇ قىلىمەن. بۇ يازغانلىرىمدا ئۆز ئەۋلادلىرىمنى نىشان قىلدىم. نەشرقىلىش ـ تارقىتىش نىيىتىم يوق. بىر زامان كېلەركى، ئەركىن دۇنيادا ئۆسۈپ يېتىشكەنلەرگە مېنىڭ بۇ يازغانلىرىم غەلىتە بولۇپ تۇيۇلا. ھەتتا بۇنىڭغا ئىشەنمەس ! بۇنداقلارنىڭ بارلىقىنى ھازىرمۇ كۆرىۋاتىمەن.

Özellikle, sosyalizm ve komunizmin gölgesini görüp, Marksizm ve Leninizme secde edenlerin rüyalarında dahi göremeyecekleri - benim gibi kaderin ileri geri dalgalarında batıp çıkıp sonunda bir saman tanesine tutunup kıyıya çıkabilen, hâlâ kendine gelememiş bir ecdadın başından geçenleri, evlatlarımın unutmamasını ümit ediyorum. Dinine ve milletine gönülden sadık olmasını Allah'tan temenni ediyorum.

Atalarının dinini ve milletini korumak için verdiği mücadeleyi ve bu yolda akıttığı kanlarını unutmamalarını ümit ediyorum. Evlatlarımın içinde bu yazdıklarımı okumayacak olanlar vardır, ama buna karşın okuyabilecekler de tükenmez. Çocuklarımın bir kere bile olsa okumalarını veya okutup anlamalarını arzu ediyorum.

Rahmetli Annem küçüklüğümüzden beri her fırsatta atalarımızın ayak izlerini, Hoten İnkılabı dönemini (bu inkılabı halkımız İslam açmak diye adlandırırmış), Tungan istilasının dehşetini ve hicret hayatımızdaki dertli günlerimizi anlatırdı. Bu anlatılanlardan aklımda kalanları hatıramda yazacağım korkarım ki gün geçtikçe ana dilimizi ve ona has telaffuzu unutacak gibiyim neyse ki bu yazdıklarımın dilimizi tekrarlamaya da faydası olacaktır.

Yeri gelmişken Çolpan yıldızının göğe çıkıp gidişi hakkındaki rivayeti anlatayım. Annemim anlattığına göre Çolpan yıldızı saliha bir kadın olup, zalim bir padişahın

بولۇپمۇ، سوتسىيالىزىم ۋە كومونىزىمنىڭ سايىسىنى كۆرۈپ، ماركسىزىم - لېنىنزىمغا سەجدە قىلىدىغانلار.... بۇلار ئۇخلىسامۇ چۈشۈمگە كىرمەستى! لېكىن، ئەۋلادلىرىمنىڭ مەندەك تەقدىرنىڭ ئىگىز - پەس دولقۇنلىرىدا چۆكۈپ يۈرۈپ، ئاخىرى «بىرتال سامانغا ئېسىلىپ، قىرغاقتا چىقىۋالغان»، تېخىچە ئەس ھۇشىنى تاپالمىغان مەندەك بىرئەجدادىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەنلىرىنى ئۇنۇتماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن. دىنىگە ۋە مىللىتىگە مەڭگۈ سادىق قېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ دىنىنى ۋە مىللىتىنى قوغداش ئۈچۈن قىلغان كۆرەشلىرىنى ۋە بۇ يولدا ئېقىتقان قانلىرىنى ئۇنۇتماسلىقلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئەۋلادلىرىم ئىچىدە بۇ يازغانلىرىمنى ئوقۇيالمايدىغانلار بولا. ئەمما، ئوقۇيالايدىغانلارمۇ تۆگەپ كەتمەس. باللىرىمنىڭ بىرقېتىم بولسىمۇ ئوقۇپ كۆرۈشلىرىنى ۋە يا ئوقۇتۇپ ئاڭلاشلىرىنى ئارزۇ قىلىمەن.

ئانام رەھمەتلىك تاكىچىكلىگىمىزدىن تارتىپ، ۋاقىت تاپسىلا، ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ ئىش ئىزلىرىنى، خوتەن ئىنقىلابىنىڭ جەريانىنى (بۇئىنقىلابنى خەلقىمىز ئىسلام ئېچىش دەپ ئاتايدىكەن)، تۇڭگان ئىستىلاسىنىڭ دەھشىتىنى ۋە مۇھاجىرەت ھاياتىمىزدىكى دەرتلىك كۈنلىرىمىزنى سۆزلەپ بېرەتتى. بۇلاردىنمۇ باللىرىمنىڭ خەۋەردار بولۇپ قېلىشىنى خالايتتىم. ئېسىمدە قالغانلىرىنى خاتىرەمدە يازامەن. ئۇندىن باشقا كۆن ئۆتكەنسېرى ئاناتىلىمىزنى ۋە ئۇنىڭغاخاس تەلەپپۇزىنى ئۇنۇتۇپ كېتىدىغاندەك تۇرىمەن. بۇيازغانلىرىم تىلىمىزنى تەكرارلاپ تۇرۇشقىمۇ پايدىلىق بۇلار.

يېرى كەلگەنىكەن، چولپان يۇلتۇزىنىڭ ئاسمانغا چىقىپ كېتىشى توغرىسىدىكى رىۋايەتنى سۆزلەپ ئۆتەي؛ ئانامنىڭ ئېيتىپ بېرىشىگە قارىغاندا چولپان يۇلتۇز ئەسلىدە بىر سالىھ ئايال كىشى بولۇپ، زالىم بىر پادىشاھنىڭ

eline esir düşmüş. Zalim padişah ona dehşetli azab ile işkence edip, öldürecekmiş. Çolpan zindanda yatıp gece gündüz uyumadan Kuranı Kerim'deki İsmi Azam ayetini okuyup Allah'a gözyaşları içinde yalvarırmış. Rabbim bir gün duasını kabul edip, Çolpanı göğe yükseltmiş. Ondan sonra Çolpan yıldızı olup, Sehere yakın gökyüzünde parlak ışığını saçıp, insanlara güneşin doğuşuna az kaldığını ve her türlü karanlıktan sonra bir aydınlığın geleceğini haber verirmiş.

Hoten İnkılabı yıkıldıktan sonra Hazretim bir kısım adamları ile birlikte Karangutag'a çekildiğinde, babam Tunganların eline esir düşmüştü. Ailemiz evi barkı terkedip bir müddet kaçıp gizlenmek zorunda kaldı. Annem o kaçak günlerimizde Allah'a gözyaşları ile yalvarıp "Çolpan yıldızının duasını kabul edip, onu zalimlerden kurtarıp göğe yükselttiğin gibi bizi de şu zalimlerden kurtarıp öz Haremine (Kâbe'ye) ulaştır" diye nice nice geceleri ağlayarak geçirmişti. Bir yıl geçmeden insanın aklına gelmeyecek mucizeler ile bu zalimlerden kurtulup Mekke'ye gittik.

Bunlardan bir kısmını kısaca anlatayım:

Yukarda söylediğim gibi, Hoten Tunganlar tarafından işgal edildikten sonra, İnkılapçılar Karangutag'a çekildiğinde Babam Tunganların eline esir düştü. Tunganlar "Emin Hazretin hazinelerinin yerini sen biliyormuşsun, hazinenin yerini söyleyeceksin" diye bir ay filistin askısında döverek

قولىغا ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان. زالىم پادىشاھ ئۇنى دەھشەتلىك ئازاپ بىلەن قىناپ ئۆلتۈرمەكچى بولغان. چولپان، زىنداندا يېتىپ، كېچە ـ كۈندۈز ئۇخلىماي قۇرئان كەرىمدىكى ئىسمى ئەزەم ئايىتىنى ئوقۇپ، خۇداغا يېغلاپ، مۇناجات قىلىدىكەن. خۇدايىم بىر كۈنى دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، چولپاننى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كەتكەنىكەن. شۇنىڭدىن تارتىپ، چولپان يۇلتۇز بولۇپ، سەھەرگە يېقىن ئاسماندا پارلاق نۇرىنى چېچىپ، ئىنسانلارغا تاڭ يورۇشىنىڭ ئازقالغانلىقىنى ۋە ھەر زۇلمەتتىن كېيىن بىرتاڭئۇرىنىڭ يېتىپ كېلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدىكەن.

خوتەن ئىنقىلابى يېڭىلغاندىن كېيىن، ھەزرىتىم بىرقىسىم ئادەملىرى بىلەن قاراڭغۇتاغقا چېكىنىپ كەتكەندە دادام تۇڭگانلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان. ئائىلىمىز ئۆي ـ ۋاقىنى تاشلاپ، بىرمەزگىل قېچىپ، يوشۇرۇنۇپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئانام شۇ قېچىپ يۈرگەن چاغلىرىمىزدا خۇدايىمغا يېغلاپ مۇناجات قىلىپ، «چولپان يۇلتۇزىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، ئۇنى زالىملادىن قۇتقۇزۇپ، ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كەتكەندەك بىزنىمۇ شۇ زالىملاردىن قۇتقۇزۇپ، ئۆز ھەرەمىڭگە يەتكۈزگىن» دەپ نەچچە ـ نەچچە كېچىلەرنى يېغلاپ ئۆتكۈزگەن. بىرىلغا قالماي ئادەمنىڭ ئەقلىغىمۇ كەلمەيدىغان مۆئجىزىلەر بىلەن بۇ زالىملاردىن قۇتۇلۇپ، ھەرەمگە چىقىپ كەتتۇق.

بۇلاردىن بىرقىسمىنى قىسقىچە ئاڭلىتىپ ئۆتەي؛

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمدەك، تۇڭگانلار خوتەنگە بېسىپ كىرگەندىن كېيىن، ئىنقىلاپچىلار قاراڭغۇتاغقا چېكىنگەندە دادام تۇڭگانلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالىدۇ. تۇڭگانلار « ئىمىن ھەزرەتنىڭ خەزىنىسىنى سەن بىلىدىكەنسەن، خەزىنىنىڭ يېرىنى ئېيتىپ بېرىسەن» دەپ بىرئاي ئىسىپ ئۇرۇپ،

işkence ettiler. Babamın anlattığına göre kolunu arkadan bağlayıp asıp, kamçılamışlar. Geceleri ayağına kelepçe vurup çıplak ayak yürütüp Atçuy'a (bizim taşradaki arazi ve evlerimizin olduğu yer) götürüp, ağaca asıp, aşık kemiğine çekiç ile vurarak "hazine nerde" diye işkence etmişler. Sonunda ölüm cezasına hükmetmişler. Birgün gardiyan gelip, bugün kafanızı kesecekler son arzunuz nedir diye sormuş. Babam ailem ile görüşsem ve gusül alıp iki rekât namaz kılsam demiş. Gardiyan "ailen kaçıp gitmiş onları bulamadık. Gusül alırsın ama namazı Socang'da (ceza meydanı) kılabilirsin" demiş.

Tunganlar halkı korkutup, âleme ibret olsun diye ceza meydanında büyük bir kalabalık toplamıştı. Babam bunları anlattıktan sonra (bu Mayıs 1942'de, Hindistan'ın bugünkü Pakistan'ın Peşaver şehri merkez cezaevinde babam Muhammed Emin Buğra ile 6 ay hapiste yatıp çıktığı günün akşamı idi) şöyle demişti: "Meydanda çok sayıda Tungan askeri heybet ile bir daire şeklinde dizilip durmuştu. Uzakta yüksek bir yere ravak yapılmış olup, Tunganların Ahun Locang dedikleri liderleri de gelmişti. Ben orada iki rekât namaz kıldım. Asker kolumu arkadan bağlayıp dizüstü çökertti. Yanımda benden başka iki kişi daha vardı. Baktım onlar tir tir titriyordu. Ama ben hiç korkmadım. Fakat şimdi o manzarayı hatırladıkça korkudan tüylerim diken diken oluyor. Ben yanımdaki adama fısıldayarak korkma dua et şehit olacağız dedim. Fakat büyük ihtimalle onun dili tutulmuştu. Ahun Locang'ın işareti ile aynı anda bir Tungan elinde kılıç, kendi yarı

قاتتىق قىينىغان. دادامنىڭ ئېيتىپ بېرىشىگە قارىغاندا قولىنى ئارقىسىغا باغلاپ ئېسىپ، قامچىلاپ ئۇرغان، كىچىلىرى پۇتىغا چىتەسىلىپ، يالاڭئاياق ماڭغۇزۇپ، ئاچچۇي (بىزنىڭ يېزىدىكى يەر ـ زېمىنلىرىمىز بار جاي) غا ئېلىپ چىقىپ دەرەخقە ئېسىپ ئۇشۇقىغا بولقا بىلەن ئۇرۇپ «خەزىنە نەردە؟» دەپ قىنىغان. ئاخىرى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغان. بىر كۈنى گۇندىپاي كىرىپ، بۈگۈن سىز چاپىدۇ، ئاخىرقى تىلىگىڭىزنى ئېيتىڭ دەپ، سورايدۇ. دادام بالا ـ چاقا لىرىم بىلەن كۆرشۈۋالسام ۋە غۇسلى قىلىپ ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇۋالسام دېگەن. گۇندىپاي، «باللىرىڭىز قېچىپ كېتىپتو تاپالمىدۇق. غوسلى قىلسىز ئەمما، نامازنى سوچاڭ ( جازا مەيداندا) دا ئوقۇيسىز» دەپتۇ.

تۇڭگانلار خەلقنى قورقۇتۇپ، ئىبرەت بولسۇن دەپ، سوچاڭدا نۇرغۇن خەلقنى توپلىغانىكەن. دادام بۇلارنى ئاڭلىتىپ كېلىپ، (بۇ 1942 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، ھىندىستاننىڭ يەنى ھازىرقى پاكىستاننىڭ پىشاۋەر شەھرى مەركىزى تۈرمىسىدا دادام مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا بىلەن 6 ئاي تۈرمىدا يېتىپ، چىققان ئاخشىمى ئىدى).مۇنداق دېگەن؛ « مەيدان ئەتراپىدا نۇرغۇن تۇڭگان ئەسكەرلىرى ھەيۋەت بىلەن يۇملاق بىردائىرە شەكلدە تىزىلىپ تۇرۇپتۇ. نېرىراقتا ئىگىز بىر يەرگە راۋاق ياسالغان بولۇپ، تۇڭگانلارنىڭ ئاخۇن لۇجاڭ دېگەن باشلىقىمۇ كەلگەنىكەن. مەن شۇ يەردىلا ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇۋالدىم. ئەسكەر قولۇمنى ئارقامغا قىلىپ باغلاپ، تىزلىنىپ ئولتارغۇزدى. يېنىمدا مەندىن باشقا يەنە ئىككى كىشى بار. قارىسام ئۇلار غال ـ غال تىترىپ كېتىپتو. ئەمما، مەن ھېچ قورقمىدىم. لېكىن، ھازىر ئۇ مەنزىرىنى ئويلىسامىمۇ قورقۇدىن تۆكلىرىم ئەتۆر ئۆرىلىدۇ. مەن يېنىمدىكى ئادەمگە ئاستا پىچىرلاپ، قورقما! ئىمان ئىسلام ئوقۇ، شېھىت بولىمىز دېدىم. لېكىن، ئۇنىڭ ئاللىقاچان تىلى تۇتۇلۇپ قاپتۇ. ئاخۇن لۇجاڭنىڭ ئىشارەت قىلىشى بىلەن تەڭ بىرتۇڭگان قولىدا قېلىچ ئۆزى يېرىم

çıplak, birşeyler diyerek bağırıp çağırıp kılıcını başının üstünde döndürerek önümüze zıpladı. Ben gözümü kapadım ve arka arkaya iki ağır cismin pat diye yere düştüğünü farkettim. Şimdi sıra bana geldi diye düşünmeye başladığım anda birisi tam önümde yere yığıldı gibi geldi. Gözümü şöyle bir açıp baktığımda deminki cellat Tungan önümde kanlar içinde yüzükoyun hırlayarak can çekişiyordu. Halk birden galeyana geldi. Askerler beni kaldırdıkları gibi arabaya koyup götürdüler. Ne olduğunu anlayamadım. Daha sonra gardiyanın anlattığına bakılırsa; cellat heybet ile mahkûmun kafasını kesmeden önce kılıcı yüksekçe kaldırıp başının üzerinde birkaç kez hızlıca çevirip bütün gücü ile önünde oturan kişinin başını bir vuruşta koparıp atıyormuş. İşte bu şekilde yanımda duran iki kişinin kafasını uçuran cellat sıra bana geldiğinde iyice coşup kılıcını yıldırım gibi sallayıp benim boynumu vurmaya geldiğinde kılıç onun alnına gelip, başının üst kısmı uçmuş ve yere yüzüstü düşüp can vermiş. İşte bu Allah'ın kudreti ile annenizin okuduğu İsmi Azam duasının kerametiydi. Eğer o gün Tunganın kılıcı alnına değmeyip benim başıma gelmiş olsaydı bugün babanız karşınızda oturuyor olmazdı." dedi. (Ağustos 1987'de Hoten'e gitmek nasip olmuştu. Bir gün babamın mezarından gelirken yolda benim önceden tanıdığım seyyar satıcı Abdullah Tungan ile karşılaştık. O beni durdurup, "babanız hakkında sizin haberinizin olmadığı kendi gözümle gördüğüm bir kerameti anlatayım" diye bu olayı o da aynen anlattı. Abdullah Tungan o zaman Ma Kho Sen'in askeri imiş ve

يالاڭئاچ، بىرنېمىلەر دەپ ۋاقىراپ، قېلىچنى بېشىدىن ئۆرۈپ - چۆرۈپ ئالدىمىزغا سەكرەپ چۈشتى. مەن كۆزۈمنى يۇمۇۋالدىم ۋە ئارقا - ئارقىدىن يەرگە گۈپپىدەك قىلىپ، ئىككى ئېغىر نەرسىنىڭ چۈشكەنلىكىنى سەزدىم. ئەمدى نۆۋەت ماڭا كەلدى دەپ ئويلىشىمغا بىرسى دەل ئالدىمغا يىقىلغاندەك قىلدى. كۆزۈمنى شۇنداق ئېچىپ قارىسام، ھېلىقى جاللات تۇگگان ئالدىمدا قان ئىچىدە دۈم يېتىپ، خارتىلداپ پۇت ئېتىۋاتاتتى. خەلق ئارىسىدا بىردىن چۇقان كۆتۈرۈلدى. ۋە مېنى ئەسكەرلەر كۆتەرگەن پېتى ھاراۋىغا سېلىپ ئەكىرىپ كەتتى. نېمە بولغانلىقىنى ئۇقالماي قالدىم. كېيىنچە، گۇندىپاينىڭ ئېيتىپ بېرىشىگە قارىغاندا؛ جاللات ھەيۋەت بىلەن ئادەمنى چېپىشتىن بۇرۇن قېلىچنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، بېشىدىن بىرقانچە قېتىم قاتتىق ئايلاندۇرۇپ كېلىپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۆلتۈرگەن كىشىنىڭ بويۇنىغا بىر ئۇرۇش بىلەن ئۈزۈپ تاشلايدىكەن. مانا شۇنداق قىلىپ يېنىمدىكى ئىككى كىشىنى چاپقان جاللات، ماڭا كەلگەندە تېخىمۇ قىزىپ كېتىپ، قېلىچنى چاقماقتەك ئوينۇتۇپ كېلىپ، مېنىڭ بويۇنۇمغا ئۇرۇشقا كەلگەندە قېلىچ ئۇنىڭ پىشانىسىگە تېگىپ كېتىپ، چوقىسى ئۈزۈلۈپ، يەرگە دۈم چۈشۈپ جان بېرىدۇ. مانا، بۇ خۇدايىمنىڭ قۇدرىتى بىلەن ئانىڭىزنىڭ ئوقۇغان ئىسمى ئەزەمنىڭ كارامىتى ئىدى. ئەگەر، ئۇ كۈنى جاللاتنىڭ قېلىچى ئۆزىنىڭ بېشىغا تەگمەي، مېنىڭ بوينۇمغا تەككەن بولسا، بۈگۈن دادىڭىز ئالدىڭىزدا ئولتۇرمىغان بولاتتى!» دېدى. (1987 - يىلى 8 - ئايدا خوتەنگە بېرىش نېسىپ بولغانىدى. بىر كۈنى، دادامنىڭ تۇپراق بېشىدىن قايتىپ كىرىۋاتقىنىمدا، يولدا بۇرۇن مەن تونۇيدىغان لەگۈگچى ئابدۇللا تۇگگانى ئۇچراپ قالدى. ئۇ مېنى توختىتىپ، «دادىلىرى تۇغرىسىدا سىلىنىڭ خەۋەرلىرى يوق، مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن بىر كارامەتنى ئاڭلىتىپ بېرەي» دەپ، بۇ ۋەقەنى ئۇمۇ ئەينەن سۆزلەپ بەرگەنىدى. ئابدۇللا تۇگگانى، شۇ چاغلاردا ماخوسەنىڭ ئەسكىرى ئىكەن ۋە

o gün meydandaymış. Ma Kho Sen kaçtıktan sonra Hoten'de kalıp yerleşmiş olan Tunganlardan biriydi.)

Tunganların lideri Ahun Locang bu hadiseyi görüp: "Bu adamda bir özellik var, onu öldürmeyin" demiş. Böylece ben ölümden kurtuldum. Fakat işkenceler devam etmekteydi. Sonunda bu azaba dayanamayıp, yalan da olsa birşeyler söyleyip kurtulmak için, hazinenin yerini eşim biliyor dediğimde, o zaman eşini bulacaksın diyip, iki yerel ve bir Tungan asker ile birlikte at arabasına bindirip bizim köydeki mahallemiz olan Atçuy'a götürdüler. Elimi çok sıkı bağladıkları için gözüm kanlanıp göremez oldum. Elimi çözmezseniz yürüyemem diye direttim. Sonunda elimi çözdüler ve ev ev dolaşıp annenizi aradık. Her gittiğimiz yerde Tunganlar "Abdulkerim'in hanımı nerede?" diye akrabaları ağaca asıp dövmeye başladı.

Bu arada Atçuy çayı'nın kenarına geldiğimizde ben tuvaleti bahane edip, beni gözetleyen Tungan askerin gafletinden yararlanıp suyu kesilmiş çayın içine kayarak indim ve çayın içinde yuvarlanarak düşe kalka kaçtım. Biraz yürüdükten sonra çalılıkların arasından çaydan çıktım. Tabanım dayak yemekten parça parça olduğu için yere basamıyordum. Başımdaki doppamı alıp yırtıp bacağımı sardım. Karşıma çıkan herkese "kaçın Tunganlar geliyor diye bağırdım!". İnsanlar korkup evlerini bile bırakıp kaçmaya başladı. Böylece arkamdan kovalayan askerler izimi süremedi ve kaçıp kurtuldum." (1)

Annemi arayan Tungan askerleri akrabalarımızdan Ziver Han'ı yakalayıp işkence ettiklerinde annem ile benim saklandığımız yeri söylemiş.

شۇ كۈنى مەيداندا ئىكەن. ماخوسەن قاچقاندىن كېيىن، خوتەندە قېلىپ، يەرلىشىپ قالغان تۇڭگانلاردىن بىرى ئىدى).

تۇڭگانلارنىڭ باشلىقى ئاخۇن لوجاڭ، بۇ ھادىسىنى كۆرۈپ، «بۇ ئادەمدە بىر خىسلەت بار. ئۇنى ئۆلتۈرمەڭلار» دېگەنمىش. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇم. لېكىن، قىناشلار داۋام قىلماقتا ئىدى. ئاخىرى بۇ ئازاپقا تاقەت قىلالماي، يالغان ئېتىپ بولسىمۇ بىرقۇتۇلاي دەپ، خەزىنىنىڭ يېرىنى ئاياللىرىم بىلىدۇ دېسەم، ئەمسى ئاياللىرىنى تاپسەن دەپ، ئىككى يەرلىك بىر تۇڭگان ئەسكەرنى قوشۇپ مەپىگە سېلىپ، بىزنىڭ يېزىدىكى مەھەللىمىزگە ئاتچۇيگە ئېلىپ ماڭدى. قولۇمنى قاتتىق باغلىۋاتقانلىقتىن كۆزۈمگە قان چۈشۈپ كۆرمەس بولۇپ قالدى. قولۇمنى يېشىۋاتمسا ماڭالمايمەن دەپ تۇرۇۋالدىم. ئاخىرى قولۇمنى يېشىۋاتتى ۋە ئۆيىمۇ ئۆيى كىرىپ، ئانىڭىزنى ئىزدەپ يۈردۇق. بارغانلىكى جايدا تۇڭگانلار ئابدىكرىمنىڭ ئايالى نەردە؟ دەپ، تۇغقانلارنى دەرەخقە ئېسىپ ئۇرغىلى باشلىدى.

بۇ ئارىدا ئاتچۇي ئۆستىڭى بويىغا كەلگەندە مەن تەرەت قىلىشنى باھانە قىلىپ، مېنى كۆزىتىۋاتقان تۇڭگان ئەسكەرنىڭ بىخۇتلۇقىدىن پايدىلىنىپ سۇيى توختاپ قالغان ئۆستەڭگە سىرىلىپ چۈشتۈم ۋە ئۆستەڭ ئىچىدە يۇمۇلىنىپ مېڭىپ، يېقىلىپ ـ قوپـا قاچتىم. بىرئاز مېڭىپ، چاللىقنىڭ ئارىسىدىن ئۆستەڭدىن چىقتىم. تاپىنىم تاياق دەستىدىن تىلىم ـ تىلىم بولۇپ كەتكەنلىكتىن يەرگە دەسسىيەلمەيتتىم. بېشىمدىكى دوپپامنى ئېلىپ يىرتىپ، پۇتۇمنى تاڭدىم. ئالدىمغا ئادەم ئۇچرىسا، قاچ ! تۇڭگانى كەلدى دەپ ۋاقرايمەن. ئۇلار قۇقۇپ ئۆيلىرىنىمۇ تاشلاپ قاچىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئارقامدىن قوغلاپ كەلگەن ئەسكەر لەر ئىزىمنى تاپالمىدى ۋە قېچىپ قۇتۇلدۇم.»

ئانامنى ئىزدەپ تۇڭگان ئەسكەرلىرى تۇغقانلىرىمىزدىن زىۋەرىخانىنى تۇتۇۋېلىپ قىينىغاندا ئانام بىلەن ئىككىمىزنىڭ يوشۇرىنىۋالغان جايىمىزنى دەپ قويۇپتۇ.

(1) Konu buraya geldiğinde annem ek olarak şunu anlatmıştı: "Biz şehirden kaçıp Atçuy'daki yakınlarımızdan Mehmet Durmuş abinin evine geldik. Onlar bizi 3-4 gün kilerde sakladı. Tunganların ev ev dolaşıp beni aradıkları haberini aldık. Ben o gün akşam sizi sırtlayıp o evden çıkıp gittim. Mehmet Durmuş abi arkamdan gelip bizi *Ahunlukum'un* evine götürmeye karar verdi. (Ahunlukum denen zat Hoten'in meşhur din büyüklerinden biri olup büyükannemin akrabasıydı.) Yolda giderken önce Ahunlukum'un evindeki vaziyeti öğrenip ondan sonra oraya gitme fikri ortaya çıktı. Biz yolun biraz yukarısındaki tarlada, biçilerek çadır gibi dikilmiş buğday başak yığınları arasında saklanacaktık. Mehmet Durmuş abi ertesi gece gelip bizi bu yerden alacaktı. Ben gece tan yeri ağarana dek İsm-Azam'ı 11 bin kere okuyup hatm ettim. Çolpan yıldızının İsmi Azam duasının kerameti ile göğe yükseldiği rivayetini hatırladım. Rabbime gözyaşları içinde dua ettim. Bu arada siz karnım acıktı diye ağlamaya başladınız. Ben ağlamayın Tunganlar duyarsa bizi yakalarlar dediğimde siz derhal sus pus oluyordunuz. Sehere yakın abdest olmak için başak yığınlarının arasında yavaşça emekleyerek çıkıp, yol boyundaki su kanalında abdest aldım. Geriye dönmek üzereyken bir ayak sesi duydum. Biraz uzakta beyaz sarık ve beyaz cüppeli birisini gördüm ve korkup kaçmak üzereyken o kişi "sizi eve götürmeye geldim" dedi. Peltek ve yere bakarak konuşmasından onun Abdussabır Ahunum olduğunu hemen anladım ve ağlamaya başladım. Rabbim dualarımı kabul etmişti. Bu kişi bizim Borzan'daki akrabalarımızdan olup halk arasında evliya diye namı çıkmış idi."

※

«1» بۇ يەرگە كەلگەندە ئانام قوشۇمچە قىلىپ مۇنداق دېگەن: 1 بىزشەھەر دىن قېچىپ، ئاتچۇيدىكى يېقىنلىرىمىزدىن مەتتوختى ئاكامنىڭ ئۆيىگە چىقتۇق. ئۇلار بىزنى3 4. كۈن قازناقتا ساقلىدى. تۇڭگانلارنىڭ ئۆيمۇ - ئۆي كىرىپ ئاختۇرۇپ مېنى ئىزدەۋاتقان خەۋىرىنى ئالدۇق. مەن كېچىسى سىزنى ھاپاچ ئېتىپ ئۇ ئۆيدىن چىقىپ كەتتىم. مەتتوختى ئاكام ئارقامدىن چىقىپ بىزنى ئاخۇنلۇقۇمنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويماقچى بولدى. (ئاخۇنلۇقۇم دېگەن زات خوتەننىڭ مەشھۇر دىنىي پېشىۋالىرىدىن بولۇپ چوڭ ئانام بىلەن توققان ئىكەن) يولدا كېتىۋېتىپ ئالدى بىلەن ئاخۇنلۇقۇمنىڭ ئۆيدىكى ۋەزىيەتنى ئۇقۇپ ئاندىن ئۇ يەرگە بېرىش پىكرى تۇغۇلدى. بىز يولدىن بىرئاز يىراقتىكى ئېتىزلىقتا ئۇراپ چېدىردەك قىلىپ تىكلەپ قويۇلغان پىچان دۆۋىلىرى ئارسىغا كىرىپ يۇشۇرنۇپ تۇردىغان بولدۇق. مەتتۇختى ئاكام ئەرتىسى كېچىسى كېلىپ بىزنى بۇ يەردىن ئېلىپ كېتىدىغان بولدى. مەن كېچە تاڭ ئاتقۇنچە ئىسمى ئەزەمنى 11مىڭ ئوقۇپ خەتمى قىلدىم، چولپان يۇلدۇزىنىڭ ئىسمى ئەزەمنىڭ كارامتى بىلەن ئاسمانغا چىقىپ كەتكەن رىۋايىتىنى ئەسلىدىم. خۇدايىمغا يىغلاپ دۇئا قىلدىم. بۇ ئارىدا سىز قوسۇقۇم ئاچتى دەپ يىغلىغىلى باشلىسىڭىز مەن يىغلىما، تۇڭگانلار ئىشىتىپ قالسا بىزنى تۇتۇۋالىدۇ دېسەم سىز دەرھال جىم بولاتتىڭىز. سەھەرگە يېقىن تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن پىچان دۆۋىلىرى ئارىسىدىن ئاستا ئۆمۈلەپ چىقىپ يول بويىدىكى ئېرىقتا تاھارەت ئالدىم. ئارقامغا ياناي دەپ تۇرۇۋشۇمغا بىرئاياق شەپىسى كەلدى. بىرئاز يىراقتا بېشىدا ئاق سەللە ئاق تون بىلەن بىرسىنى كۆردۈم ۋە قورقۇپ قاچاي دەپ تۇرۇۋشۇمغا ئۇكىشى ، سىلەنى ئۆيگە ئېلىپ كەتكىلى كەلدىم دېدى. مەلتۇك سۆزى ۋە يەرگە قاراپ گەپ قىلىشىدىن ئۇ كىشىنىڭ ئابدۇ سۇبۇرئاخونۇم ئىكەنلىكىنى دەرھال سەزدىم ۋە يىغلاپ سالدىم. خۇدايىم دۇئايىمنى ئىجابەت قىلغانىدى! ؛ بۇ كىشى بىز نىڭ بورزان دىكى توغقانلىرىمىزدىن بولۇپ خەلق ئىچىدە ئەۋلىيا دەپ نامى چىققان ئىكەن.

Böylece Tungan suvarileri dörtnala Ahunlukum'un avlusuna doğru yola çıkmış. Annem bu durumda yüzüne kazan karası sürüp, üstüne yırtık giysiler giyip evi süpüren kişiymiş gibi avluda durmuş. Evi arayıp kimseyi bulamayan Tunganlar annemi görüp "bu kim?" diye sormuş. Kamer hanımın (Ahunlukum'un hanımı) derhal yanına gelip "bizim hizmetçimiz dilsiz sağır bir kadın" diye cevabı ile Tunganlar çıkıp gitmiş ve annem Tunganların eline geçmekten kurtulmuş, yani ölümden kurtulmuştu.

Demek yukarıdaki gibi hadiseler bizim için Rabbimin Çolpan yıldızını göğe yükseltmesi gibi bir mucize idi. İşte bunları yazıp çocuklarıma hatıra bırakmak arzum vardı ve Rabbime şükür bugün bu hatırayı yazmaya başladım. İnşallah sonunu getirmek nasip olur.

*Yırtıldı takvimin bir yaprağı,*
*Düştü yere ömrümün bir hazan yaprağı.*
*Farketmedim geçip gitti günlerim ve ümidim,*
*Hatırladım yok idi rahat ve dermanım.*
*Şükr edeyim Tanrıma yüzbinlerce bu halime,*
*Ulaştırdı bir zamanlardaki rüya ve hayalime.*

30.12.1978/Ankara

شۇنىڭ بىلەن تۇڭگان ئەسكەرلىرى ئات چاپتۇرۇپ، ئاتچۇيدىكى ئاخۇنلۇقۇمنىڭ ھويلىسىغا قاراپ ماڭدۇ. ئانام بۇ ھالەتتە يۇزىگە قازان قارىسى سۇرتۇپ، ئۇستىگە يىرتىق كيىم ـ كېچەك كىيىۋېلىپ، يەر سۇپۇرگەن بولۇپ ھويلىدا يۇرگەن. ئۆيىنى ئاختۇرۇپ تاپالماي ھۆيلىغا چىققان تۇڭگانلار ئانامنى كۆرۇپ، بۇ كىم؟ دەپ سورايدۇ. قەمەرخېنىم (ئاخۇنلۇقۇمنىڭ ئايالى) دەرھال يېنىغا كېلىپ، «بىزنىڭ خىزمەتچىمىز، تىلى يوق گاس بىرئايال» دەپ، جاۋاپ بېرىشى بىلەن تۇڭگانلار چىقىپ كېتىدۇ ۋە ئانام تۇڭگانلارنىڭ قولىغا چۇشمەكتىن قۇتۇلۇپ قالغان يەنى، بىرئۆلۇمدىن قۇتۇلغان.

دېمەك، يۇقىرىقىدەك ھادىسىلەر ھەقىقەتەنمۇ بىز ئۇچۇن، خۇدايىمنىڭ چولپان يۇلتۇزىنى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كېتىشىدەك بىر مۆجىزە ئىدى! مانا بۇلارنى يېزىپ باللىرىمغا خاتىرە قالدۇرۇش بىر ئارۇزيۇم بارئىدى ۋە خۇداغا شۇكرى، بۇ كۇن بۇخاتىرىنى يېزىشقا باشلىدىم. انشاآللە ئاخىرغىچە يەتكۇزۇش نىسىپ بولا....

يېرتىلدى كالېندارنىڭ بىر ۋارىغى

چۇشتى يەرگە ئۆمرىمنىڭ بىرخازان ياپرىغى

سەزمىدىم كەتتى ئۆتتۇپ،كۇنلەر ۋە ئارمانىم

ئەسلىسەم يوق ئىدى راھەت ۋە دەرمانىم

شۇكرى ئېيتاي تەڭرىمە يۇزمىڭ بۇھالىمغا

يەتكۇزدى بىر زامانلاردىكى چۇش ۋە خىيالىمغا

1978 ـ يىلى 12ـ ئاينىڭ 30 ـ كۇنى ئەنقەرە،

Bilgisayarda Uygurca yazma işini esasen başardım. Onun için artık hatıramı bilgisayarda yazmaya karar verdim ve yarısını yazıp bıraktığım el yazısı hatıraları epey bir aramadan sonra buldum. Bundan tam 20 yıl önce yazıp bir kenara koyduğum kâğıdı, sararmış el yazmalarımı tekrar gözden geçirdim. Bugün bilgisayarda yazmaya başladım.

*Muayenehane 30.12.1998*

Hatıranın önsöz kısmını bilgisayarda yazıp bu yere geldiğimde ecdadımdan, doğduğum yerden ve nesebimizden biraz bahsetmem gerektiğini düşündüm.

Doğduğum yer Hoten şehrinin içindeki Helpilik Hoyla Mahallesi. Helpe – helpet bizim eski dini okullarda müderris yardımcısı derecesine yükselen öğrencilere verilen ünvandır. Sülalemizdeki kişilerin çoğunluğu dini talim ve tebliğ işleri ile uğraşan kişiler olduğu için onların toplanıp oturduğu yer "Helpelik Hoyla" diye adlandırılmış olsa gerek. Büyük babam Hacı Muhammed Niyaz *tabip* (şimdiki Uygurcada bu "tivip" diye yazılıyor) Doğu Türkistan'ın büyük *tebabet* âlimi Tecelli Hazret'in öğrencisi olup Hoten'in meşhur

بىلگى سەييياردا يەنى،كومپيۇتىوردا ئۇيغۇرچە يېزىش ئىشىنى ئاساسەن پۈتتۈردۈم. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەندى خاتىرەمنى كومپيۇتىوردا يېزىپ چىقىشنى قارار قىلدىم ۋە يېرىمىنى يېزىپ تاشلاپ قويغان قولىيازماخاتىرىنى خېلى ئىزدەپ تېپىپ چىقتىم. دەل بۈگۈندىن 20 يىل بۇرۇن يېزىپ تاشلاپ قويغان قەغىزى ساغرىپ كەتكەن قولىيازمالىرىمنى يەنە بىرقېتىم قاراپ چىقىپ، مانا بۈگۈن كومپيۇتۇردا يازغىلى باشلىدىم....

مۇئايىنەخانە- 1998 - يىلى 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى

خاتىرىنىڭ بۇ كىرىش سۆز قىسمىنى بىلگى سەييياردا يېزىپ، بۇيەرگە كەلگەندە ئەجدادىمدىن، تۇغۇلغان يېرىمدىن ۋە نەسەبنامىمىزدىن بىرئاز يېزىپ ئۆتۈشنى ئويلىدىم؛

تۇغۇلغان جايىم، خوتەن شەھەر ئىچى خەلپىلىك ھويلا مەھەللىسى. « خەلپە - خەلپەت » بىزدە دىنى مەكتەپلەردە مۇدەررىسنىڭ ياردەمچىسى دەرىجىسىگە يۈكسەلگەن تالىپلارغا بېرىلىدىغان نام. سۇلالىمىز دىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى، دىنى تەلىم ۋە تەبلىغ ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان كىشىلەر بولغانلىقلىرىدىن، ئۇلار تۇپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جاي «خەلپىلىك ھويلا» دەپ، ئاتالغان بولۇشى كېرەك. چوڭ دادام مەھەممەد نىياز ھاجىم تىبىب (ھازىرقى ئۇيغۇرچىمىزدا بۇ«تېۋىپ» يېزىلىدۇ)، شەرقىي تۈركىستاننىڭ بۈيۈك تىبابەت ئالىمى تەجەللى ھەزرەتنىڭ شاگىرتى بولۇپ خوتەننىڭ مەشھۇر

tabiplerinden imiş. Babam tebabeti büyükbabamdan öğrenmiş. Doğduğum tarih Hoten'de İslam açılan 1933 yılından üç yıl önce kızıl üzüm tam kızardığı zaman yani Eylül 1930'un malum günü.

1984 yılı Hoten'e gittiğimde dayım Hacı Abdulhamit (Yusuf) kendi hazırladığı soy ağacını bana göstermişti ve hatta (babası Yusuf Ahunum yani babamın dayısı hayattayken yazmış)

Bu soy ağacının en başında "Hoca Ubeydullah Ehrari"nin ismi var. Yani şuanda kayıtlara göre bizim nesebimiz en başta bu kişiye bağlanıyor. Mehmet Emin Buğra "Doğu Türkistan Tarihi"nde Hoca Ubeydullah Ehrari'yi Doğu Türkistan Çağatay Devleti (Hicri 888 Miladi 1483 yılı)'nin meşhur tarikat mürşidi olup, Sultan Yunus han'ın müteber adamlarından biriydi diye gösteriyor. "Ehrari" özgürleştiren veya azad eden manasında imiş (Daha geniş bilgi için Mehmet Emin Buğra'nın '"Doğu Türkistan Tarihi"' çağdaş Uygurca baskısı 221. Sayfaya bakınız, düzenleyen M. Yakup Buğra).

Dedemiz Hoca Ubeydullah zamanında savaşta esir alınanlar köle yapılıp satışa çıkartılırmış, o bu işi ortadan kaldırmak için ciddi mucadele göstermiş. Hatta bir kısım müslüman esirleri

تىببىلىرىدىن ئىكەن. دادام، تىبابەتنى چوڭ دادامدىن ئۆگىنىپتىكەن.

تۇغۇلغان يىلىم، خوتەندە ئىسلام ئىچىلغان 1933۔ يىلىدىن ئۈچ يىل بۇرۇن، قىزىل ئۆزۈم تازا قىزارغان چاغدا، يەنى، 1930 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ مەلۇم كۈنى.

1984 ـ يىلى خوتەنگە بارغان چېغىمدا، تاغام ئابدۇلھەمىد ھاجىم (يۈسۈفي) ئۆزى رەتلەپ چىققان نەسەپ شەجەرىمىزنى ماڭا كۆرسەتكەندى. (دادىسى يۈسۈپ ئاخۇنۇم يەنى، دادامنىڭ تاغىسى، ھايات چېغىدا يازغانىكەن).

بۇ نەسەبنامىنىڭ ئەڭ بېشىدا «خوجا ئەبەيدۇللاھ ئەھراربي» دېگەن ئىسىم بار. يەنى، ھازىر قولىمىزدا بار ئاساسلارغا قارىغاندا بىزنىڭ نەسەبىمىز ئەڭ باشتا بۇ كىشىگە باغلىنىدۇ. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا، «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» دا خوجا ئەبەيدۇللاھ ئەھرارىينى، شەرقىي تۈركىستان چاغاتاي دۆلىتى(ھىجرى 888، مىلادى 1483 ـ يىلى) نىڭ مەشھۇر تەرىقەت مۇرشىدى بولۇپ، سۇلتان يۇنۇس خاننىڭ مۆتىۋەر كىشىلىرىدىن بىرى ئىدى دەپ، كۆرسىتىدۇ. «ئەھراربي» دېگەن ھۆرىيەتكە ئىگە قىلغۇچى ۋە يا ئازات قىلغۇچى دېگەن مەنىدىمىش. (تولۇقراق مەلۇمات ئۈچۈن، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» ھازىرقى زامان ئۇيغۇرچە نەشرى 221 ـ بەتكە قاراڭ ـ نەشرقىلغۇچى پەقىر، م. ياقۇپ بۇغرا).

' بوۋىمىزخوجا ئەبەيدۇللاھ ، ئۇ دەۋىردە ئۇرۇشتا ئەسىرگە ئېلىنغانلار نى قۇل قىلىپ، سېتىشقا قارشى چىققان ۋە بۇ ئىشنى يوقىتىش ئۈچۈن جىددى كۈرەش ئېلىپ بارغانىكەن. ھەتتا، بىرقىسىم مۇسۇلمان ئەسىرلەرنى

hükümdarlardan kendisi satın alıp onları azad ediyormuş. Onun için halk içinde "Ehrari" yani köle azad eden diye nam almış. Soy ağacımızın devamını tam olarak hatırlamıyorum. Hatırladığım bu soy ağacı şöyle devam ediyor, Hacı Habibullah Hazret, Abdurrahman Paşa, Abdulaziz Ahunum, Hekimşah Ahunum, Hacı Muhammed Niyaz, Yusuf Ahunum, Ali Ahunum, Seydi Banu Han, Sekine Banu Han, Selime Banu Han, Bibi Sara Han, Mehmet Emin Ahunum (Buğra), Hacı Abdulkerim, Kurban Niyaz Ahun, Hacı Abdulhalim, Muhammed Ruzi (Mehmet Rıza), Dursun Muhammed Ahun, Niyaz Muhammed Abdulgani (Ahmet Rıza) Abdulhamid (Yusuf) ve bizler.

ھۆكۈمدارلار دىن ئۆزى سېتىۋېلىپ، ئۇلارنى ئازات قىلىدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، خەلق ئىچىدە « ئەھرارىي» يەنى قۇل ئازات قىلغۇچى دەپ نام ئالغانمىش. نەسەبنامىنىڭ داۋامى تولۇق ئېسىمدە يوق. ئېسىمدە قالغىنى، بۇ نەسەبنامە داۋام قىلىپ، ھەبىبۇللاھ ھەزرەت ھاجىم، ئابدۇراھمان پاشا، ئابلىز ئاخۇنۇم، ھېكىمشاھ ئاخۇنۇم، مەھەممەد نىيازھاجىم، يۈسۈپ ئاخۇنۇم، ئەلى ئاخۇنۇم، سەيدى بانۇخان، سەكىنەبانۇخان، سەلىمە بانۇخان، بۇسارا خان، مۇھەممەد ئىمىن ئاخۇنۇم (بۇغرا) ئابدىكىرىم ھاجىم، قۇربان نىيازئاخۇن ، ئابدىلىم ھاجىم، مۇھەممەد رۇزى ( مەھەممەد رىزا)، تۇردى مۇھەممەد ئاخۇن، نىياز مۇھەممەد، ئابدۇغېنى (ئەھمەد رىزا)، ئابدۇلھەمىد (يۈسۈپى).... ۋە بىزلار

# Sulh İle Kurtuluşun İlanı

27 Eylül 1949 tarihinde seherde Hoten şehir merkezinin her tarafına büyük harflerle yazılmış ilanlar yapıştırıldı. İçeriği Burhan Şehidi ve Tav Si Yun'un imzası ile Şincang bölgesel yönetim ile garnizon komutanlığının "Şincang'ın sulh ile kurtarılması hakkında ilan"ı idi. Bu ilanda yine vatandaşların dikkatinin çekildiği birkaç madde olup, emre itaat ve tertip intizama riayet talep edilmekteydi. Bundan başka büyük harfler ile "GEÇMİŞ SORUŞTURULMAYACAK" diye yazılmıştı. İlanın önünde toplanan birkaç kişi kendi kendine birşeyler söyleyerek mevzuyu anlamaya çalışıyordu. Ben de içimden eğer "geçmiş soruşturulmayacak" sözleri doğru ise o kadar korkulacak bir iş yok diye düşündüm. Ama bu "sulh ile kurtulduk" denen şey "ne manada yazılmıştır?" diye düşünmeye başladım. Sonra bunun kayıtsız şartsız teslim manasına geldiğini anladım.

O günden sonra vatanımızda yeni bir devir başlamış oldu. Halk arasında hergün yeni bir mış mış ve endişeli haberler yayılmaya başladı. İlandan iki gün sonra şehrin bütün köşe başlarına beş yıldızlı kızıl bayraklar asıldı. Bu bayrakta orak çekiç yoktu. Bunu gören halk yeni yönetim Ruslardaki gibi bir düzen olmayacak galiba diye ümitlenmekteydi. Ertesi gün çarşıya çıktığımda bayraklar

# « تىنچلىق بىلەن ئازات بولغان» لىقنىڭ ئېلانى

1949 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، سەھەردە خوتەن رەستىلىرىگە تەرەپ ـ تەرەپكە چوڭ خەتلىك ئېلانلار يېپىشتۇرۇلدى. مەزمۇنى: بۇرھان شەھىدى ۋە تاۋسىيۇننىڭ ئىمزاسى بىلەن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىلەن ھەربىي رايۇننىڭ «شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازات بولغانلىقى توغرىسىدا ئېلان» نى ئىدى. بۇنىڭدا يەنە، يۇقىرىلارنىڭ دىققەت قىلىشىغا تېگىشلىك بىرقانچە ماددىلار بولۇپ، بۇيرۇققا ئىتائەت قىلىش تەرتىپ ئىنتىزامىغا رىئايەقىلىش تەلەپ قىلىنغان. ئۇنىڭدىن باشقا چوڭ خەت بىلەن «ئۆتمۈش سۈرۈشتە قىلىنمايدۇ » دەپ، يېزىلغانىدى. ئېلاننىڭ ئالدىغا بىرقانچە كىشى توپلانغان بولۇپ، ھەربىرى ئۆز ئالدىغا بىرنېمە دەپ، چۇشەندۈرمەكتەئىدى. مەنمۇ ئىچىمدە ئەگەر، « ئۆتمۈش سۈرۈشتە قىلىنمايدۇ» دېگىنى راست بولسا ئانچە قورقۇپ كېتىدىغان ئىشمۇ يوق ئىكەن دەپ، ئويلىدىم. ئەمما، بۇ « تىنچلىق بىلەن ئازات بولدۇق» دېگەن نېمە مەنادا يېزىلغاندۇ؟ دەپ، ئويلاپ قالدىم. كېيىنچە، بۇنىڭ شەرتسىز تەسلىم بولۇش دېگەن سۆز ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇم.

شۇ كۈندىن باشلاپ، ۋەتىنىمىزدە يېڭى بىردەۋر باشلانغان بولدى. خەلق ئارىسىدا ھەر كۈنى يېڭى بىر مىش ـ مىش ۋە ئەندىشىلىك خەۋەرلەر تارقىلىپ، تۇردى. ئېلاندىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ، شەھەرنىڭ ھەممە دوقمۇشلىرىغا بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق ئېسىلدى. بۇنىڭدا ئوغاق بولقا يوقتى. بۇنى كۆرگەن خەلق، يېڭى ھاكىمىيەتنىڭ روسلار دىكىدەك بىر تۈزۈم بولمايدىغانلىقىغا ئوخشايدۇ دەپ، ئۈمىد قىلماقتا ئىدى. ئەتىسى، رەستىگە چىقسام بايراقلار

yoktu. Halk bu işe çok şaşırmıştı ve bazı kişiler "hükümet değişmiş Yarkent'te Tang Sılıng başkaldırıp, kendisi bir askeri hükümet kurmuş" diye fısıldaşmakta idi. Ama bunların hepsinin boş hayal olduğu ortaya çıktı. Bayraklardaki yıldızın sarı olması gerekirken beyaz olduğu için ertesi gün değiştirilerek yenisi asıldı. Böylece, bütün ümitler suya düşmüştü ve yurdumuza yeni bir hâkimiyet ve yabancı bir düzen gelmişti.

Bir gün derin düşüncelere dalmış olarak eve dönerken yolda babamın okul arkadaşı Uygur Derneği başkanı Hacı Ahmet ile karşılaştım. Hacı Ahmet bana "hacı babanızın gitmediğini duydum, (Hindistan'a gitmemiş demek istiyor) öyle mi?" diye sordu. Ben evet öyle oldu, biz gitmedik dedim. Bu Muhammed Emin Buğra ve safdaşlarının Kargalık'tan geçip gittiği haberinin geldiği günlerdi. Hacı Ahmet "bu iyi olmuş, 5 Milyon kişiye başka bir ifadeyle 500 milyon kişiye ne olacaksa bize de o olacak değil mi? Kaçıp nereye gideceğiz" diyerek uzaklaştı. Ben bir an düşündüm ve mezkûr ilandaki "geçmiş soruşturulmayacak" ve başkalarına ne olacaksa bize de o olsa gayet iyi değil mi diye düşündüm. Fakat öyle olmadı. Zaman geçtikçe olaylar bunların hepsinin yalan olduğunu ispatladı. Geçmişi soruşturmayacağız dedikleri yalanın dik alası bir sahtekârlık idi. Sonraki 27 yıl içinde gerçekleştirilen bütün siyasal ve sosyal hareketlerinde komunistler "geçmiş tarihi", "sosyal ilişkileri" ve "aile geçmişi" gibi konuları soruşturmalarının esası yaptılar. Başkalarına ne olduysa bize de o

يوقتى. خەلق بۇ ئىشقا ھەيران قالغان ۋە بەزىلەر «ھۆكۈمەت تېگىشىپتۇ، يەركەندە تاڭ سىلىك ئىسيان كۆتۈرۈپ، ئۆزى بىر ھەربىي ھۆكۈمەت قۇرۇپتۇ» دېگەن سۆزلەرنى پىچىرلىماقتا ئىدى. ئەمما، بۇلارنىڭ ھەممىسى بوش خىياللار بولۇپ چىقتى. بايراقلاردىكى يۇلتۇز سېرىق بولۇشى لازىمكەن، ئاق بولۇپ قالغانلىقتىن ئەتىسى تىگىشتىرىپ، يېڭىسى ئېسىلدى. دېمەك، پۈتۈن ئۈمىدلار يوقالغان ۋە يۇرتىمىزغا يېڭى ھاكىمىيەت ۋە يات بىر تۈزۈم ئورنىتىلغانىدى.

بىر كۈنى، جۇڭگۇر ئويىغا پاتقان ھالدا ئۆيگە كېلىۋېتىپ، يولدا دادامنىڭ ساۋاقدىشى ئۇيغۇر ئۇيۇشما رەئىسى ئەمەت ھاجىم بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئەمەت ھاجىم مەندىن، ھاجىمنى كەتمەپتۇ دەپ ئاڭلىدىم، (ھىندىستانغا چىقىپ كەتمەپتۇ دېمەكچى) شۇنداقمۇ؟ دەپ، سورىدى. مەن، «ھە شۇنداق بولدى، بىز كەتمىدۇق» دېدىم. بۇ مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ۋە سەپداشلىرىنىڭ قاغىلىقتىن مېڭىپ كەتكەن خەۋىرى كەلگەن كۈنلەر ئىدى. ئەمەت ھاجىم، بۇ ياخشى بوپتۇ، 5 مىليون كىشىگە يەنە بىرتورلۇك قىلىپ ئېتقاندا 500 مىليون كىشىگە نېمە بولسا بىزگىمۇ شۇ ئەمەسمۇ، قېچىپ نەگىمۇ بارامىز؟ دەپ، يۈرۈپ كەتتى. مەن بىردەم ئويلىنىپ قالدىم ۋە ھېلىقى ئېلاندىكى « ئۆتمۈش سۈرۈشتە قىلىنمايدۇ» ۋە بۇ باشقىلارغا نېمە بولسا بىزگىمۇ شۇ بولسا ياخشىغۇ! دەپ، ئويلۇدۇم. ئەمما، ئۇنداق بولمىدى. زامان ئۆتكەنسېرى ۋەقەلەر بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ يالغان ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. « ئۆتمۈشنى سۈرۈشتە قىلمايمىز» دېگىنى ئۇچچىغا چىققان بىرئالدامچىلىق ئىدى. بۇ 27 يىل ئىچىدە ئېلىپ بېرىلغان پۈتۈن سىياسى ۋە ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەردە كوممۇنىستلار«ئۆتمۈش تارىخى»، « ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتى» ۋە «ئائىلە كېلىپ چىقىشى» قاتارلىقلارنى تەكشىرىشنىڭ ئاساسى قىلدى. باشقىلارغا نېمە بولغان بولسا، بىزگىمۇ شۇ

olmadı. Belki bize daha farklı oldu. Bütün temizlik hareketlerinde ailemiz "kara liste" içinde idi. Emin'in kuyruğu, Emin'in yerleştirdiği bomba, yurtdışında yetiştirilmiş tehlikeli unsur, tarihi net olmayan şüpheli unsur, yurtdışına bağlı, pantürkist ve benzerlerinden ibaret bir "nişan"ımız vardı. Bunu yalakalar "kara nokta konmuşlar" diye adlandırıyorlardı. Böylece her temizlik hareketi başladığında beni "meydana çıkarıp" duyşang [1] yaparlardı.

Anlaşılan şu ki kurtuluşun ilk günlerinde ortaya çıkan kısa süreli sükûnet kaybolmuştu. Hindistan sınırından geçemeyip geri gelen Kurban Koday'ı Keriye Polu dağındaki (Tibet sınırı) daha teslim olmayan Milliyetçi Çin askerlerinin tutukladığı haberi geldi. Hazretim ve İsa Beyler de Şidilla sınır karakolunda tutuklanıp, daha sonra kurtulup Hindistan'a çıkıp gitmişlerdi. Abim ile giden annem ve anneannem bu olaylardan perişan olup, sınırdan geri gelmişlerdi.

Urumçi'den gelen haberler de endişe dolu idi. Her yeri dehşet kapladı. Demek ki Burhan ve Tav Si Yun halkı kandırmışlardı belki de kendileri de aldanmıştı.

[1] Duyşang çince nişan yani hedef demek olup komünistlerin darbe vuracakları kişilere verdikleri isimdi.

بولمىدى. بەلكى، بىزگە باشقىچىراق بولدى. پۈتۈن تازىلاش ھەرىكەتلىرىدە ئائىلىمىز «قارا تىزىملىك» ئىچىدە ئىدى. ئىمىنىڭ قۇيرۇقى، ئىمىن يەرلەشتۇرۇپ قويغان بومبا، چەتئەلدە تەربىيەلەنگەن خەتەرلىك ئۇنسۇر، تارىخى ئېنىق بولمىغان گۇمانلىق ئۇنسۇر، چەتئەلگە باغلانغان، پانتۇركىست ۋە باشقىلار دىن ئىبارەت بىر«نىشان» ىمىز بارئىدى. بۇنى يالاقچىلار «قاراتوگۇرۇپ قويغانلار» دەپ ئاتايتتى. شۇنىڭ بىلەن ھەر بىرتازىلاش ھەرىكىتى باشلانسا، مېنى «تارتىپ چىقىرىپ»، « دۈشمەن» قىلاتتى. (1)

دېمەك، «ئازاتلىق» نىڭ دەسلەپقى كۈنلىرىدە پەيدابولغان بىردەملىك خاتىرجەملىك غايىپ بولغانىدى. ھىندىستان چېگرىسىدىن ئۆتەلمەي قېچىپ كەلگەن قۇربان قودايىنى كېرىيە پولۇ تېغى (تىبەت چېگرىسى) دىكى تېخى تەسلىم بولمىغان گومىنداڭ ئەسكەرلىرى تۇتۇپ بەرگەن خەۋىرى كەلدى. ھەزرىتىم ۋە ئەيسا بەگلەرنىمۇ شىدۇللا چېگرا پۇنكىتىدە تۇتۇۋېلىپ، كېيىنچە ئۇلار قۇتۇلۇپ ھىندىستانغا چىقىپ كەتكەن. ئاكام بىلەن كەتكەن چوڭئانام ۋە ئانامىمۇ بۇ ھادىسىلەردىن پەرىشان بولۇپ، چېگرىدىن قايتىپ كەلدى.

ئۇرۇمچىدىن كەلگەن خەۋەرلەرمۇ ئەندىشىلىك ئىدى. ھەر يەرنى دەھشەت قاپلىدى. دېمەك، بۇرھان ۋە تاۋسىيۇخەلقنى ئالدىغان بەلكى، ئۆزىمۇ ئالدانغان ئىدى.

---

(1) دۈشمەن خىتايچە ئۇيىكىت يەنى، نىشان دېگەن بولۇپ، كوممۇنىستلارنىڭ زەربە بېرىدىغانلارغا قويغان نام.

## Tezek Toplamaya Çıkan Komiser

Aralık 1949'da Hoten Askeri Garnizonuna "Siyasi Komiser" unvanlı bir komutan gelmiş diye duyduk [2]. Bir gün Gülvag'dan "Yeni gelen komiser çarşıya tezek toplamaya çıkmış" diye haber geldi. Ben acele ile Gülvag'a çıktım. Pamuklu, çizgili askeri uniforma giymiş 4 kişi yanlarına birer sepet almış çarşının ortasında yürüyerek, etraftakilere aldırmadan tezek topluyordu. Üzerlerindeki üniforma birkaç yerinden yamalı ve hiçbir rütbe belirtisi de yoktu. Yol boyunca dizilmiş halk bu tezek toplayan komutanlara hayranlık ile bakıp duruyordu. (Tarım için yeterli gübre olmadığından tezek ve dışkı toplayıp gübre yapmak Çinli çiftçilerin âdeti imiş. Komunistlerin yurdumuza gelip çiftçilere yardım edeceğiz diye yaptıkları ilk iş bu oldu.)

Öğleden sonra yine 4 kişilik propaganda ekibi çarşı ve meydanlarda insanları toplayıp "propagandaya" başladı. Bu Çinli komunistlerin Hoten'de yaptıkları ilk propaganda idi. Uygura benzeyen birisi tercümanlık yapıyordu ve bir Çinli konuşmaktaydı. Ben de yaklaşıp dikkatli bir şekilde dinledim. İçeriği "Halk Kurtuluş Ordusunun halk sevgisi ve 8 dikkat ve 3 büyük intizam"-dan ibaret siyaseti idi. İçinde "Halktan bir tane iğne veya iplik almayacağız" diye bir söz vardı. Sözler pek bir mülayim ve teselli verici idi.

[2] Hoten garnizonu: Milliyetçi Çin Ordusunundan kalan 15. Kısım olup, yaklaşık 5.000 askerden müteşekkil idi.

## تېزەك تەرگىلى چىققان كومىسار

1949 ـ يىلى 12 ـ ئايدا خوتەن ھەربىي رايۇنىغا « سىياسى كومىسسيار» دېگەن ھەربىي باشلىق كەپتۇ دەپ، ئاڭلىدۇق. (2) بىر كۈنى گۇلۇۋاغدىن، « يېڭى كەلگەن كومىسار رەستىگە تېزەك تەرگىلى چىقىپتۇ!» دەپ، كىرىشتى. مەن ئالدىراپ، گۇلۇۋاغقا چىقتىم. پاختىلىق سېرىق ھەربىي كىيىم كىيگەن 4 كىشى بىردىن سېۋەتنى كۆتۈرۈپ، رەستىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن مېڭىپ، ئەتراپقا پەرۋاسىزھالدا تېزەك تېرىۋاتاتتى. ئۈستىدىكى كىيىم بىرقانچە يەرگە ياماغلىق سېلىنغان ۋە ھېچقانداق ئۇنۋان بەلگىسىمۇ يوقتى. يول بويىغا يىغىلغان خەلق، بۇ تېزەك تېرىۋاتقان ھەربىي باشلىقلارغا ھەيرانلىق بىلەن قارىشىپ تۇراتتى. (دېھقانچىلىق ئۈچۈن ئوغۇت يىتىشمىگەنلىكتىن تېزەك ۋە گەندە يىغىپ ئوغۇت توپلاش خىتاي دېھقانلىرىنىڭ ئادىتى ئىكەن. كوممۇنىستلارنىڭ يۇرتىمىزغا كېلىپ دېھقانلارغا ياردەم قىلىمىز دەپ بىرىنچى قىلغان ئىشى بۇ بولدى!)

چۈشتىن كېيىن، يانا 4 كىشىلىك تەشۋىقات ئەترىدى رەستە ۋە مەيدانلاردا كىشلەرنى چاقىرىپ، « تەشۋىق» قىلىشقا باشلىدى. بۇ خىتاي كوممۇنىستلارنىڭ خوتەندە ئېلىپ بارغان بىرىنچى تەشۋىقى ئىدى. ئۇيغۇرغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىرسى تەرجىمانلىق قىلىۋاتاتتى ۋە بىرخىتاي ھەدەپ سۆزلىمەكتە ئىدى. مەنمۇ يېقىن كېلىپ، دىققەت بىلەن تىڭشىدىم. مەزمۇنى؛ «خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ خەلقنى سۆيۈش ۋە 8 دىققەت ـ 3 چوڭ ئىنتىزام» دىن ئىبارەت سىياسەت ئىدى. بۇنىڭدا، «خەلقنىڭ بىرتال يىڭنە ۋە بىرقات يىپىنىمۇ ئالمايمىز» دېگەن بىرجۈملە سۆز بار. سۆزلار بەكمۇ مۇلايىم ۋە تەسەللى بېرىش ئاھڭىدا ئىدى.

---

(2) خوتەن ھەربىي رايۇنى، گومىنداڭنىڭ 15 ـ دېۋىزيەسى بولۇپ 5000 گە يېقىن ئەسكەر تۇراتتى.

Bu sözü duyanların bir kısmı "bu denilenlere bakılırsa o kadar korkmaya gerek yok gibi duruyor" diyince, diğerleri "dereyi görmeden paçaları sıvamayın demişler" diyerek atışıyorlardı. Ama herkesin içinde bir korku ve endişe vardı. Ertesi gün bazı resmi daire yöneticileri de tezek toplamaya çıktı. Çok geçmeden tezek toplama işi bütün yurda yayıldı.

İşte bunlar halkımızın gördüğü "Halk Kurtuluş Ordusu"nun ilk temsilcileri idi. Bir süre sonra bu mülayim sözler ve sıradan – sade kiyafetler kayboldu. Bütün ülke çapında kooperatifleşmeye karşı vaziyet ortaya çıktığı günlerde bazı yerlerde halk "Kooperatifleşmeye karşı" protesto yürüyüşü düzenledi. Bunların içinde "Mao, Çin Komunist Partisi ve Kurtuluş Ordusu" liderliğinde sözde "devrim meyve"lerinden istifade edip, kısa bir süre ayakları yerden kesilen fakir, alt ve orta seviye çiftçiler çoğunlukta idi. Bu gösterilerde halk "azatlık ordusu değil, azaplık ordusu" bunlar "iğne ve ipliğimize dokunmadılar ama başka herşeyimizi aldılar" diye bağırmakta idi.

Yukarda sözü edilen yamalı ceket giyen "halk çocuğu savaşçı, ömür boyu sıradan-sade, sürekli halkın arasında" denilen komiser "Hu Vang başkan" da çok geçmeden değişti. Çin komunist partisinin il başkanı (sekreteri) olduğunda üzerine kürk yakalı asil bir ceket giyip çıkar oldu artık meydanlara. Kültür devriminde bu sıradan sade halk savaşçısının bir kaç tane kızın namusuna musallat olduğu, hükümet parasına ayı ayağı, boğa boynuzu gibi şeyler alıp kamu mallarını yediği ortaya çıktı. Yani

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان بەزىلەر، بۇ گەپلەرگە قارىغاندا ئانچە قورقىدىغان ئىشمۇ يوقتەك تۇرىدۇ دېسە، بەزىلەر «چۆچۈرىنى پىشقاندا ساناڭ دەپتىكەن» دېگەن تونۇشتا ئىدى. ئەمما، ھەر كىمنىڭ ئىچىدە بىر قورقۇ ۋە ئەندىشە بارئىدى. بۇلارغا ئەگىشىپ، ئەتىسى بەزى ئىدارە باشلىقلىرىمۇ تېزەك تەرگىلى چىقتى. ئۆزۈنغا قالماي تېزەك تېرىش ئىشى پۈتۈن يۇرتقا يېيىلدى.

مانا، بۇلارخەلقىمىز كۆرگەن تۇنجى«خەلق ئازاتلىق ئارمىيە» سىنىڭ ۋەكىللىرى ئىدى. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ مۇلايىم سۆزلار ۋە ئاددى ـ ساددا قىياپەتلەر يوقالدى. پۈتۈن مەملىكەت بويىچە كوپراتسىيەلىشىشكە قارشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلگەن چاغدا بەزى جايلاردا خەلق « كوپراتسىيەلىشىشكە قارشى» نامايىش قىلىپ چىقتى. بۇنامايىشچىلار ئىچىدە « ماۋجۇشى، گوڭسەنداڭ ۋە ئازاتلىق ئارمىيە» رەھبەرلىكىدە ئاتالمىش« ئىنقىلاب مېۋە» لىرىگە ئىگە بولۇپ، بىرمەزگىل ئوت قويرۇقلۇق قىلىپ، ھاۋادا ئۇچۇپ يۈرگەن «كەمبەغەل دېھقان ـ تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقان» لاركۆپ سانىنى تەشكىل قىلغانىدى. بۇ نامايىشلاردا خەلق، ئازاتلىق ئارمىيەئەمەس «ئازاپلىق ئارمىيە»، بۇلار «يىپ ـ يىڭنە» مىزنى ئالمىدى، باشقا نەرسىمىزنىمۇ قويمىدى! دېگەن شوئارلارنى توۋۇلاپ چىققانىدى.

ھېلىقى، ياماغلىق چاپان كىيگەن «خەلقنىڭ پەرزەنت جەڭچىسى، مەڭگۈ ئاددىي ـ ساددا، داۋاملىق خەلق ئارىسىدا» دېگەن كومىسار « خۇاڭ شۇجى» مۇ ئۆزۈنغا قالماي ئۆزگىرىپ كەتتى. ۋىلايەتلىك پارتىيە شۇجىسى(سېكرېتارى ) بولغاندا ئۈستىگە ،كەمچەت ياقىلىق ئېسىل جۇۋا كىيىپ چىقىدىغان بولدى. مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا بۇ ئاددىي ـ سادداخەلق جەڭچىسىنىڭ، بىرقانچە قىزلارنىڭ نۇمۇسىغا تەككەنلىكى، ھۆكۈمەت پۇلىغا ئېيىق تاپىنى، بوغا مۈڭگۈزى قاتارلىقلارنى ئېلىپ، ئىستېمال قىلغانلىقى ئاشكارا بولدى. يەنى،

"proleteryanın sadık savaşçısı" görünümünde ortaya çıkan "Hu Vang Başkan" "Hırsız Hu Vang" oldu. İşte bu yurdumuzu işgal eden yüzbinlerce "Hu Vang"lardan biri idi.

## Hâkimiyeti Güçlendirme

Bu dönem Şubat 1950 ile... arasındaki zamanı kapsıyor. Bu devir devlet dairelerine gönderilen askeri vekillerin bütün yetkiyi eline alması ile başladı. Komunist askeri birliklerin esas kısımları daha Hoten'e gelmemişti. (Taklamakan çölü boyunca yürüyerek yol alan büyük bir piyade birliği Hoten'e yaklaşmıştı. Askeri vekiller devlet dairelerinin yöneticilerinden "hesap sorma hareketi" başlattı. Diğer taraftan Hoten'deki teslim olmuş milliyetçi Çin askerleri "dönüştürme" adı altında bir kısım komiserlerin yönetiminde aileleri ile birlikte "Şincang –Tibet taşyolu inşaatı askeri birliği" yapılıp, Kulun dağına sürüldüler. Daha sonra bunların çoğu yüksek karlı dağlarda yol inşaatında ölüp tükendi. Kalanlar "kurşun asker" diye horlanarak Taklamakan'da tarım alanı açmaya gönderildiler. Köylerde esas dönüştürme daha başlamamıştı. Çünkü ekim zamanı geldiği için çiftçilerin acilen tarla ve sulama işleri ile ilgilenmeleri gerekiyordu. Köylerde ekim işlerine teşvik için her yere "askeri komiserler" rehberliğinde propoganda ekipleri gönderildi. Bunlar komunistlerin köylülerden aldığı ağır vergileri her türlü

«پۇرۇلتارىئاتىنىڭ سادىق جەڭچىسى» قىياپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان خۇاڭ شۇجى، «ئوغرى خۇاڭ» بولۇپ چىقتى. مانا، بۇ يۇرتىمىزغا بېسىپ كىرگەن يۇزمىڭلارچە «خۇاڭ» لاردىن بىرى ئىدى.

## ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەش

بۇ 1950 ـ يىلى 2 ـ ۋە 2 ـ ئايلارغىچە بولغان بىرزامانىنى ئۆزئىچىگە ئالىدۇ. بۇ دەۋىر رەسمىي ئىدارىلارغا ئەۋەتىلگەن «ھەربىي ۋەكىل» نىڭ پۈتۈن ھوقۇقنى قولغا ئېلىشى بىلەن باشلاندى. كوممۇنىست ئەسكەرلىرىنىڭ ئاساسى قىسمى تېخى خوتەنگە يېتىپ كەلمىگەنىدى (تەكلىمكان چۆلى بويلاپ، يولغا چىققان زور بىرقوشۇن پىيادە مېڭىپ، خوتەنگە يېقىنلاشقانىدى). ھەربىي ۋەكىللەر ئىدارە باشلىقلىرىدىن « ھېساپ ئېلىش ھەرىكىتى» نى باشلىدى. يانا بىرتەرەپتىن، تەسلىم بولغان خوتەندە تۇرۇشلۇق گومىنداڭ قىسىملىرىنى «ئۆزگەرتىش» دېگەن نام بىلەن بىرقىسىم كومىسارلار باشچىلىقىدا ئائىلە تەۋەلىرى بىلەن قوشۇپ، «شىنجاڭ ـ تىبەت تاشيولى ياساش ئارمىيەسى» قىلىپ، كۈئىنلۇن تاغقا ھەيدىدى. كېيىنچە، بۇلاردىن تەگدىن تولىسى ئىگىز مۇزتاغلاردا يول ياساش جەريانىدا ئۆلۈپ تۈگەپ كەتتى. قالغانلىرىنى « قورچاق ئەسكەر » دېگەن قالپاق بىلەن تەكلىماكاندا بوزيەر ئېچىشقا ئەۋەتتى. يېزىلاردا تېخى ئاساسى ئۆزگىرىش يوقتى. چۈنكى تېرىلغۇ ۋاقتى كېلىپ قالغانلىقتىن دېھقانلار دەرھال ئېتىز ـ ئەرەك ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشلىرى كېرەك ئىدى. يېزىلاردا تېرىلغۇ ئىشلىرىغا ھەيدەك قىلىش ئۈچۈن ھەممىيەرگە ھەربىي« كومىسار» لار رەھبەرلىكىدە تەشۋىق ئەترەتلىرى ئەۋەتىلدى. بۇلار كوممۇنىستلارنىڭ يېزىلارغا قويغان ئېغىر ئالۋاڭ ـ سېلىقنى ھەرخىل

demogoji ile makyajlayıp, bu vergilerin milliyetçi Çin hükümetinin aldığı vergilere benzemediğini söyleyerek komunist vergilerini "muafık vergiler" diye adlandırdılar. Bunları derhal ödemek partiye sadakatin ve halk sevgisinin ifadesi diye propaganda yaptılar. Aslında bu vergiler odun, saman, mısır koçanı, yem, insan emeğinden (amelelik) ibaret olup, önceki zalim yönetimlerinkinden farkı yoktu. Sonraları halkımız bunlara "muafık vergi değil munafık vergi" diye isimlendirdi.

Ondan sonra köylere gönderilen propoganda ekipleri o yerlerdeki toprak sahiplerini, zengin ve nüfuslu kişileri, eski yöneticileri (avaplar) gizlice fişlemeye başladılar. Köylerde endişeli ve evhamlı sözler yayılmaya başladı. Çin'in iç kısımlarında sözde "kurtarılmış bölge"lerde toprakların devletleştirildiğine ilişkin çeşit çeşit rivayetler yayılmaya başladı. Bundan dolayı toprak sahipleri arazilerini gizlice satmaya başladı. Durumu tam olarak kavrayamamış orta hal çiftçiler çok ucuzlayan bu arazileri almaya başladı. Babam da bu adamlara özenip 60 ons gümüş'e arazi almıştı. Daha sonra toprak ıslahatı zamanında bu alım satım işlemleri geçersiz sayıldı ve toprak alanların eli boş kaldı. Özel mülkiyetin yasaklandığı hatta ailelerinde birleştirilmesi neticesinde hiçkimsenin özel mülkü ve sahiplenmesinin olmayacağını söyleyen çeşit çeşit sözler yayılmaya başladı. Böylece halk özel mülkünü, evini, hatta günlük ihtiyaç malzemelerini hemen satmaya ve saklamaya başladı. Biz de evdeki bazı güzel ve asil giyeceklerimizi özellikle Hindistan'da giydiğimiz son moda medeni

سۆزلەربىلەن پەدەزلەپ، بۇ ئالۋاڭلارنى گومىنداڭنىڭ سېلىقلىرىغا ئوخشىمايدۇ دەپ،كوممۇنىستلارنىڭ ئالۋاڭ ـ سېلىقىغا «مۇۋاپىق سېلىق» دەپ نام بەردى. بۇنى دەرھال تۆلەش پارتىيەنى ھىمايە قىلىش ۋە خەلقنى سۆيۈشنى ئىپادىسى دەپ تەشۋىق قىلىشقا باشلىدى. ئەسلىدە، بۇ ئالۋاڭ ـ سېلىقلار ئوتان، سامان ـ پىچان، يەم خەشەك، ئەمگەك كۈچى(مەدىكار) لاردىن ئىبارەت بولۇپ، ئالدىنقى زالىم ھاكىمىيەتلارنىڭكىدىن پەرقى يوقتى. كېيىنچە خەلقىمىز بۇنىڭغا «مۇۋاپىق سېلىق ئەمەس، مۇناپىق سېلىق» دەپ، ئات قويدى.

ئۇنىڭدىن يېزىلارغا ئەۋەتىلگەن تەشۋىق ئەترەتلىرى، ئۇ جايلاردىكى يەرئىگىلىرىنى، باي ۋە نوپۇزلۇق كىشىلەرنى، كونا ئەمەلدار(ئاۋاپلار) نى يۇشۇرۇنچە تىزىمغا ئالغىلى باشلىدى. يېزىلاردا ئەندىشىلىك ۋە ۋەھىمىلىك سۆزلار تارقالماقتا ئىدى. ختاي ئىچىدىكى ئاتالمىش «ئازات رايۇن» لاردىن يەرنىڭ ھۆكۈمەت قولىغا ئۆتكۈزۈپ ئېلىنغانلىقى ھەققىدە ھەرخىل مىش ـ مىش سۆزلار تارقىلىشقا باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن يەرئىگىلىرى يەرلىرىنى يۇشۇرۇنچە ساتقىلى باشلىدى. ۋەزىيەتنى تولۇق مۆلچەرلىيەلمىگەن ئوتتۇراھال دېھقانلار بۇنداق ئەرزان باھا يەرنى ھەدەپ سېتىۋېلىشقا باشلىدى. مانا، بۇلارغا ئەگىشىپ، دادامىمۇ 60 سەرتەڭگىگە يەرئالغانىدى. كېيىنچە، يەرئىسلاھاتىدا بۇ ئېلىش ـ سېتىش بىكارقىلىندى ۋە يەرنى ئالغانلار قۇرۇق قول قالدى. شەخسى مۇلكچىلىكنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقى ھەتتا، ئائىلەنىڭمۇ بىرلەشتۈرۈۋېتىلگەنلىكى نەتىجىدە، ھېچكىمنىڭ شەخسى مۇلكى ۋە ئىگىدارچىلىقى بولمايدىغانلىقى ھەققىدە ھەرخىل سۆزلار تارقالدى. شۇنىڭ بىلەن خەلق ئۆزمۇلكىنى، ئۆي ـ ۋاقلىرىنى ھەتتا، تۇرمۇش ۋاستىلىرىنى كىلەر ـ كەلمەس ساتقىلى ۋە يۇشۇرغىلى باشلىدى. بىزمۇ، ئۆيدىكى بەزى ياخشى ئېسىل كىيىم ـ كېچەكلىرىمىزنى بولۇپمۇ، ھىندىستاندا كىيگەن مەدەنى پوسۇن

elbiselerimizi ortadan kaldırdık. Bazılarını söküp değiştirdik, bazılarını başka renge boyayıp şeklini değiştirdik. Yine bir kısmını da köydeki evimize götürüp akşam tarlaya gömdük. Lüks ev eşyalarını ve insan boyu büyüklüğündeki vazoları kırıp gece tarlaya gömdük. Hatta köydeki evimizi alçı ile sıvayıp ağarttığımız için heybetli görünüyor diye gölden siyah çamur çıkarıp onunla sıvayı kararttık. Çünkü parası malı olan, rahat hayat yaşayan, iyi yiyip içen, güzel giyinen, biraz iyi durumda olan bir evde oturan insanların başına büyük belalar açılmıştı, hatta öldürülmüşlerdi. Daha kötüsü Çin'in iç kısımlarından gelen Çinlilere Uygur kızlarını zorla verecekler diye sözler yayılmaya başlayınca, halk arasında kızlarını hatta küçük yaştaki kızlarını bile hemen dağa götürüp saklama işi iyice yaygınlaştı.

## Temizlik Hareketinin Başlangıcı

Devam eden 27 yıl boyunca komunistler ülke çapında toplam 16 adet geniş kapsamlı temizlik hareketi uyguladı. Bu benzersiz zalimane kızıl terör hareketlerini nasıl da "Proleterya diktatörlüğünü sağlamlaştırıp, devrim karşıtı unsurları sindirme", "kira hakkını sınırlama", "zorbalara karşı duruş", "yer ıslahatı", "3'e ve 5'e karşı duruş", "proleteryanın büyük kültür devrimi" "Sınıfsal safı temizleme" ve benzeri diye adlandırdılar. Bu

كىيملىرىمىزنى يۇغۇشتۇردۇق. بەزىلىرى سۆكۈپ ئۆزگەرتتۇق، بەزىلىرىنى باشقا رەڭدە بوياپ شەكلىنى ئۆزگەرتتۇق، يەنە بىرقىسمىنى يېزىدىكى جايىمىزغا ئېلىپ چىقىپ، ئاخشىمى ئاپىرىپ ئېتىزلىقا كۆمۈۋەتتۇق. سۆلەتلىك ئۆي سەرەمجانلىرىنى، ئادەم بويى كېلىدىغان چىنە لۇڭقىلارنى بۇزۇپ، چېقىپ كېچىسى ئاپىرىپ ئېتىزغا كۆمدۇق. ھەتتا، يېزىدىكى ئۆينى تاملىرى گەجلەپ سۇۋاپ، ئاقارتىلغانلىقتىن ھەشەمەتلىك كۆرۈنۈپ قالىدىكەن دەپ،كۆلدىن قارا لاۋالاي چىقىرىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئاق سۇۋاغنى قارالاپ قويدۇق . چۈنكى ، پۇل ـ مالى بار ياخشى تۇرمۇش كۆچۈرگەن، ياخشى يەپ ـ ئىچىپ ياخشى كىيگەن، ياخشىراق ئۆيدە ئولتارغان كىشىلەرنىڭ بېشىغا ئېغىر پالاكەتلەر كەلگەن ھەتتا، جېنىدىنمۇ ئايرىلغان. ئۇندىن باشقا ئىچكىرىدىن كەلگەن خىتايلارغا ئۇيغۇرلارنىڭ قىزلىرىنى مەجبۇرىي ئېلىپ بېرىدىكەن دېگەن سۆزلار تارقىلىپ، خەلق قىز ـ بالا ۋاقىلىرىنى ھەتتا ،كىچىك ياشتىكى قىزلىرىنى مەجبۇرەن كېلەر ـ كەلمەس تالاغا چىقىرىش ناھايتى كۆپىيىپ كەتتى.

## تازىلاش ھەرىكەتلىرىنىڭ باشلىنىشى

بۇ 27 يىل ئىچىدە كوممۇنىستلار ، پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا جەمئى 16 قېتىم كەڭ كۆلەملىك تازىلاش ھەرىكىتى ئېلىپ باردى. بۇ مىسلىسىز زالىمانە قىزىل تېرور ھەرىكەتلىرىنى قانداقتۇر «پۇرولېتارىيەت دېكتاتورىسىنى مۇستەھكەملەپ، ئىنقىلابقاقارشى ئۇنسۇرلارنى بېسىقتۇرۇش»، «ئىجارە ھەققىنى كەمەيتىپ، زومىگەر لەرگە قارشى تۇرۇش»، «يەر ئىسلاھاتى»، « 3گە ۋە 5گە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى»، « ئۇلۇغ پۇرولېتارىيەت مەدەنىيەت زورئىنقىلابى ۋە سىنىپى قوشۇننى تازىلاش» ۋاھاكازا دەپ ئاتىدى. بۇ

hareketler hep büyük bir debdebe ile başlıyordu. Cezalandırılacak siyasi ve adi mahkûmların hükümleri bekletilip o günlerde ilan ediliyordu. Hareket başlamadan önce şehrin her yerinden insanlar zorla getirilip arka arkaya "açık yargılama" yani sorgu mitingleri yapılmaya başlardı. Bu tür mitinglere adam toplamak için bütün köy idarecilerine sayı verilirdi. Sıraya dizilen halk, kızıl sopa taşıyan "halk polisleri"nin eşliğinde "Mao nun sözlerinden alıntıları" yüksek sesle bağırarak meydana getirilirdi.

Buna ek olarak hareket başladığında şehirlerarası yolculuklar, akraba ziyaretleri sıkı kontrol altına alınıp, yol izni kâğıdı olmadan yolculuk yapmaya izin verilmiyordu. Hatta bazen Pazar günü köyden şehre girişler yasaklanırdı. Devlet memurları işi gücü bırakıp, eve bile gitmeden 12 saat "eğitim" adı altında siyasi dersler alıyorlardı. Problemli diye bilinen kişilerin haftalarca hatta aylarca evlerine gitmelerine ve başkaları ile görüşmelerine izin verilmiyordu. Bazı hareketlerde devlet daireleri kendi içlerinde nezarethane inşa edip, özel sorgu ve işkence ile itiraf ettirme grupları oluşturmuştu. Böyle zamanlarda ne kanun, ne adalet, ne şikâyet edilebilecek bir merci, ne de kendini savunma denen mefhumdan bahsetmek mümkün değildi. Eğer kişinin çoluk çocuğu kendisinden habersiz üst mercilere "haksızlık yapılıyor" diye müracaat ederse, bu başvuru direk şikâyet edilen kuruma gönderilirdi. Bunun neticesinde kişiye daha fazla suç yüklenip, cezası kat kat arttırılırdı.

ھەرىكەتلەر قاتتىق ھەيۋە قىلىش بىلەن باشلىناتتى. جازاھۆكۈم قىلىنىدىغان سىياسى ۋە ئادەتتىكى جىنايەتچىلارنىڭ جازالىرىنى ئېلان قىلىشنى يېغىپ تۇرۇپ، ئومۇمەن ئۇ كۈنلەردە ئېلىپ بېرىلغان. ھەرىكەت باشلاش ئالدىدا تەرەپ تەرەپتىن خەلقلەرنى مەجبۇريي ھالدا توپلاپ، «ئۇچۇق سوت» يەنى، سوراق يېغىنلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن ئېچىلىشقا باشلىناتتى. بۇنداق مەجلىسلەرگە ئادەم ئېلىپ كىرىش ئۈچۈن ھەربىر يېزىلىق ھۆكۈمەتلىرىگە سان بەلگۈلەپ بېرىلەتتى. خەلق قاتار تىزىلىپ، قىزىل كالتەك كۆتەرگەن «خەلق ساقچى» لىرى يالاپ، «ماۋجۇشى سۆزلىرىدىن ئۆزۈندىلىرى» نى ئۆتنۈك ۋاقىراپ ماڭغان ھالدا مەيدانغا ئېلىپ كىرىپ، توپلىناتتى.

بۇلاردىن باشقا ھەرىكەت باشلانغاندا، شەھەرلەر ئارا سەپەرقىلىش، تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن بېرىش ـ كېلىش قاتتىق كونترول ئاستىغا ئېلىنىپ، يول خېتى ئېلىش تۆزۈمى يولغا قويۇلغان. ھەتتا، بەزى چاغلاردا بازار كۈنلىرىمۇ يېزىدىن شەھەرگە كىرىش مەنئى قىلىنغانىدى. ئىدارەلەردە كادىرلەر 12 سائەت ئۆيىگە كىرمەي، خىزمەتنى توختىتىپ، «ئۆگىنىش» قىلىپ، ھەرىكەت ئېلىپ بېرىلغان. مەسىلىسى باردەپ تونۇلغان كىشىلەر، ھەپتىلەر ھەتتا، ئايلار ئۆيىگە كىرىشكە ۋە باشقىلار بىلەن كۆرۈشۈشكە رۇخسەت قىلىنمىغان. بەزى ھەرىكەتلەردە ئۆز ئىدارىسىدە تۇرما تەشكىل قىلىپ، مەخسۇس قىيىن ـ قىستاققا ئېلىپ، ئىقرار قىلدۇرۇش گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلغان. بۇنداق چاغلاردا نە قانۇن بولغان نە ئادالەت. يۇقىرىغا ئەرز قىلىش، ئۆزىنى ئاقلاش دېگەن سۆزدىن ئەسەر يوق ئىدى. ئەگەر بالا ـ چاقىلىرى مەخپى ھالدا يۇقىرى ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا «بۇ ناھەق بولدى» دەپ، ئەرز قىلسا، بۇ ئەرز يەرلىك ئورۇنغا يوللاپ بېرىلگەن. نەتىجىدە، بىرقانچە قات جىنايەت ئۈستىگە يۈكلىنىپ، ئېغىر ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىققان.

## "Devrim Karşıtı Unsurları Temizleme" Hareketi

"Devrim karşıtı unsurları temizleme" hareketinin ilki 1951 yılının sonunda memleket boyunca farklı farklı tarihlerde başladı. Bu sefer hedef eski rejim dönemindeki valiler, hakimler, Milliyetçi Çin döneminin yöneticileri, emniyet müdürleri, maliye ve eğitim işlerinin yöneticileri idi. Bir gece ansızın hepsi tutuklandı. Buna bağlı olarak "Emin ve İsa'nın sadık adamları" ve yurtdışına çıkamayıp sınırdan geri gelenlerin hepsi tutuklandı. Aradan 2 – 3 ay geçtikten sonra bu tutuklananların işlediği "suçlar" basılıp halka dağıtıldı.

Bunların suçu neydi? Bir yönetime hizmet edip, verilen emirleri uygulayan, daha sonra komunistlere sıkı hizmet eden bu insanlara "halkı ezen" diye ad koydular ve açık yargılama mitingleri toplayıp bütün memleket boyunca valiler (Urumçi, Aksu ve Hoten'in muavin valileri) ve hakimlere ölüm cezası verilip, kurşuna dizildiler. Hoten şehrinde o gün 21 kişi kurşuna dizildi.

Bu kanlı sindirme hareketi Hoten'de 1951 yılının sonbaharında gerçekleşti. Bu komunistlerin vatanımızda döktüğü ilk kandı. Halkı korkutup, dehşet yaymak için o gün idamları yakın uzak demeden topladıkları büyük bir kalabalığın önünde açık alanda tüfek ile kurşuna dizerek icra ettiler. O gün Hoten'de kurşuna dizilenlerin başlıcaları Vali Nuri Beg, Muavin Vali Li Yu Fince, valinin ikinci yardımcısı ve Hâkim Metruzi Beg ve bir Milliyetçi Çin döneminin

## «ئىنقىلابقا قارشى ئۇنسۇرلارنى تازىلاش» ھەرىكىتى

بىرىنچى قېتىملىق «ئىنقىلابقا قارشى ئۇنسۇرلارنى تازىلاش» ھەرىكىتى، پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە ئوخشاش بولمىغان ۋاقىتلاردا 1951 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئېلىپ بېرىلدى. بۇ قېتىمقى نىشان كونا ھاكىمىيەت دەۋرىدىكى پۈتۈن ۋالىيلار، ھاكىملار، گومىنداڭ پارتىيىسىنىڭ مەسئۇللىرى، ساقچى ئىدارە باشلىقلىرى، مالىيە ۋە مائارىپ ئىدارە باشلىقلىرى ئىدى. بىر كىچىدە بۇلارنىڭ ھەممىسى تۇيۇقسىز قولغا ئېلىندى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ، پۈتۈن يۇرتتا «ئىمىن ـ ئەيسا نىڭ ئىشەنچلىك ئادەملىرى» ۋە چېگرىدىن ئۆتەلمەي قايتىپ كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى قولغا ئېلىندى. 2 ـ 3 ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، بۇلارنىڭ قىلمىش «جىنايەت» لىرى بېسىلىپ، خەلققە تارقىتىلدى.

ئۇلارنىڭ گۇناھى نېمەئىدى؟ بىرھاكىمىيەتكە خىزمەت قىلىپ، بۇيرۇقنى ئىجرا قىلغان. كوممۇنىستلارغا قاتتىق قول بولغان. بۇنىڭغا «خەلقنى ئەزگەن» دەپ نام قويىدى ۋە ئۇچۇق سوت يىغىنلىرى ئېچىپ، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ۋالىي (ئۈرۈمچى، ئاقسۇ ۋە خوتەننىڭ مۇئاۋىن ۋالىلىرىنى) ۋە ھاكىم (شەنجاڭ) لارغا ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىپ، ئاتتى. خوتەن ۋىلايىتىدە شۇكۈنى 21 كىشى ئېتىلدى.

خوتەندە بۇ قانلىق بېسقتۇرۇش 1951 ـ يىلى كۈز پەسلىدە يۈز بەردى. بۇ كوممۇنىستلارنىڭ ۋەتىنىمىزدە تۆككەن بىرىنچى قان ئىدى. خەلق ئىچىدە قورقۇ پەيدا قىلىپ، تەھدىت تارقاتماق ئۈچۈن، ئۇكۈنى يىراق ـ يېقىندىن ناھايىتى كۆپ كىشىلەرنى يىغىپ، ئۇچۇق مەيداندا مىلتىق بىلەن ئېتىپ ئىجرا قىلىندى. شۇكۈنى خوتەندە ئاتقانلار ۋالىي نۇرىبەك، مۇئاۋىن ۋالىي لىيۇ فىنجە، قوشۇمچە مۇئاۋىن ۋالى ۋە ھاكىم مەترۇزى بەگ ۋە بىر گومىنداڭ

çinli yüzbaşısı olmak üzere 4 kişiydi. Başka şehirlerde de aynı gün aynı saatte vali ve hâkimleri kurşuna dizdiler. Kurşuna dizdikten sonra halkı, ikişerli sıra ile öldürülen kişilerin cesetlerinin yanından geçirdiler. Ağlayan veya acıma emaresi gösteren birkaç kişi derhal orada bağlanıp götürüldü. Akşam cesetleri meydanın alt tarafındaki sazlıkta önceden kazılan çukura attılar. Gece mevtanın yakınları gelip cesetleri çukurdan çıkarıp sessiz sedasız gömdüler. Her yer dehşet ve korku ile kaplandı. İnsanların psikolojisi bozuldu ve herkes ümidini yitirdi. Nerde bunların geçmiş soruşturulmayacak sözleri? Demek ki bunların hepsi yalan ve sahtekârlıktan ibaret idi. Hem ölüm cezasına çarptırılanlar olsun, hem de hapis cezası alanlar olsun bunların hepsi (benim bildiklerim elbetteki Hoten'dekiler) teslim olanlar, itiraf edenler hatta komunistlere hizmet edenlerdi. Ondan sonraki bütün hareketlerde de durum hep aynıydı. Yani vaatler kâğıt üzerinde başka, gerçek hayatta başkaydı. Komunist hâkimiyeti demek, rejimden rahatsız diye şüphelendiklerini de uydurdukları bin türlü suç ile toptan yok etmekten ibaret kızıl faşist siyaset olup, bu durum bizi çok endişelendirmekte idi. "Acaba sıra bizde mi?" diye endişelenmeye başlamıştık. Ondan sonra herbir siyasi ve toplumsal hareket ve ıslahat başlamadan önce ve sonra bu tür geniş kapsamlı temizlik yapıldı. Her defasında birkaç kişi kurşuna dizilerek, memleket kana bulandı. Bunu "engelleri temizleyip harekete kolaylık sağlama" diye adlandırdılar.

خىتاي لەنجاڭدىن ئىبارەت 4 كىشى ئىدى. باشقا ۋىلايەتلەردىمۇ شۇ كۈنى شۇ سائەتتە ۋالىي ۋە ھاكىملىرىنى ئاتتى. ئېتىپ بولغاندىن كېيىن، خەلقنى ئىككىدىن سەپ قىلىپ ماڭغۇزۇپ، ئۆلتۈرۈلگەن كىشىلەرنىڭ جەسەدى يېنىدىن ئۆتكۈزدى. يىغلىغان ۋە يا ئىچىنى ئاغرىتقانلار دىن بىرقانچىنى شۇ يەردىلا باغلاپ ئېلىپ كەتتى. كەچتە، جەسەتلەرنى مەيداننىڭ ئاستى تەرىپىدىكى شاللىقتا ئالدىن كولاپ قويغان ئورىغا تاشلىۋەتتى. كېچىسى، مېيىتنىڭ ئىگىلىرى كېلىپ، ئورىدىن ئېلىپ جىم - جىت يەرلىكىدە قويدى. دەھشەت ۋە قورقۇ پۈتۈن يۇرتنى قاپلىدى. كىشىلەرنىڭ روھى چۈشكەن ۋە ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە قالدى. قېنى بۇلارنىڭ ئۆتمۈش سۆزلىشىدە قىلىنمايدۇ دېگىنى؟ قېنى «ئىقرارقىلىنغانلارغا كەڭچىلىك» قىلىمىز دېگىنى؟ دېمەك، بۇلارنىڭ ھەممىسى يالغان ۋە ساختاپەزلىك دىن ئىبارەت ئىدى. مەيلى، ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەنلار بولسۇن ۋەيا قاماق جازاسى بېرىلگەنلار بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسى (مېنىڭ بىلگەنلىرىم ئەلبەتتە، خوتەندىكىلەر) تەسلىم بولغانلار، ئىقرارقىلغانلار ھەتتا خىزمەت كۆرسەتكەنلەرئىدى. ئۇندىن كېيىنكى پۈتۈن ھەرىكەتلىرىدىمۇ ئەھۋال شۇنداق بولدى. يەنى، ۋەدىلەر قەغەز يۈزىدە باشقا ۋە ئەمەلىيەتتە باشقا بولدى. كوممۇنىست ھاكىمىيىتى ئۆزى تۈزۈمگە نارازى دەپ گۇمان قىلغانلارنىمۇ ھەرخىل يالغان ئەنزە توقۇپ چىقىپ، ھەممىسىنى يوقىتىشتىن ئىبارەت قىزىل فاشىست سىياسەت يۈرگۈزمەكتە بولۇپ، بۇھال بىزنى ئېغىر قايغۇغا سالدى. ئەجابا، ئەندى نۆۋەت بىزگىمۇ؟ دېگەن ئەندىشىگە چۈشكەن ئىدۇق. شۇنىڭدىن كېيىن، ھەر بىرسىياسى، ئىجتىمائىي ھەرىكەت ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ئالدى - كېيىندا بۇخىل كەڭ كۆلەملىك تازىلاش ئېلىپ بېرىلدى. ھەرقېتىمدا بىرقانچە كىشىنى ئېتىپ، ئۆلتۈرۈپ، مەملىكەتنى قانغا بوياپ، بۇنى «توسالغۇلارنى تازىلاپ، ھەرىكەتكە ئاسانلىق تۇغدۇرۇش» دەپ ئاتىدى.

## Kira hakkını kısıtlama, Zorbalara karşı duruş

Bu birinci temizlik hareketinden hemen sonra bütün köylerde "kira hakkını kısıtlama, zorbalara karşı duruş" ismi altında hareketin ilk ayağı başladı. Bu hareket ile köylerdeki toprak sahiplerinin zenginliğini ve elindeki mahsulatı zorla almak için toprak ıslahatının hemen öncesinde tarihte benzeri görülmemiş gasp ve katliam yapıldı. Kira hakkını kısıtlamada toprak sahiplerinin (toprak ıslahatında bunları toprak ağası ve zengin çiftçi diye adlandırdılar) geçen on yıl içinde fakir çiftçilere kiraya verdikleri topraklarının kira hakkına "haksız kazanç" dediler ve bu bahane ile yeniden çok düşük fiyattan hesap yapıp, bu hesaba göre toprak sahiplerine geçen 10 yıl içinde fazla aldıkları kira hakkını borç diye geri ödettiler.[7]

[7] Bizim topraklarda eskiden beri köylerde toprağı az çiftçiler toprağı çok zenginlerin arsalarını kiralayıp, sonbaharda elde edilen hasatı İslam şeriatına uygun olarak iki tarafın anlaşmasına göre yarısını ya da üçte birini toprak sahibine veren düzen "ortak almak veya ortağa vermek" diye adlandırıla gelmişti. Bunda esasen ortak alınanlar açısından bir haksızlık yoktu. Bu işten biraz haberim vardı. Biz de köydeki 20 dekar kadar tarlamızı kendimiz şehirde olduğumuz için köydekilere ortağa vermiştik. Babamın ortaklar ile hesap yaparken gelir gider defteri tutup ona göre hasatı bölüştüğünü hatırlıyorum. Çin'de bu ortaklık tefeci usulu ile oluyormuş.

## ئىجارە ھەققىنى كەمەيتىش ، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش

بۇ بىرىنچى قېتىملىق تازىلاش ھەرىكىتىدىن كېيىنلا ، پۈتۈن يېزىلاردا «ئىجارە ھەققىنى كەمەيتىش ، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش» دىگەن نام بىلەن بىرىنچى قېتىملىق ھەرىكىتى باشلاندى. بۇ نىڭدا يېزا لار دىكى يەرئىگىلىرىنىڭ بايلىقىنى ۋە قولىدىكى ئاشلىقلىرىنى زور بىلەن تارتىۋېلىش ئۈچۈن، يەرئىسلاھاتىنىڭ ئالدىدا تارىختا مىسلى كۆررۈلمىگەن بولاڭچىلىق ۋە قەتلىئام يۈرگۈزدى. ئىجارە ھەققىنى كەمەيتىشتە يەرئىگىلىرىنىڭ (يەرئىسلاھاتىدا بۇلارغا پومىشچىك ۋە باي دېھقان دەپ ئات قويىدى) ئۆتكەن ئون يىل ئىچىدە باشقا كەمبەغەل دېھقانلارغا ئورتاققا بەرگەن يەرلىرىنىڭ ئىجارە ھەققىنى «ناھەق بولغان» دىگەن باھانە بىلەن باشقىدىن يوقلاڭ بىر باھادا بەلگىلەپ چىقتى ۋە بۇ ئاساستا ھېساپلاپ، يەرئىگىلىرىدىن ئۆتكەن 10 ئىچىدە ئارتۇق ئالغان ئىجارە ھەققىنى « قەرز » دەپ تۆلىتىۋالدى(7).

---

(7) بىزدە تارىختىن بېرى، يېزىدىكى يىرى ئاز دېھقانلار يىرى كۆپ بايلارنىڭ يەرلىرىنى ئىجارىگە ئېلىپ، كۆزدە يەردىن چىققان مەھسۇلاتنى ئىسلام شەرتلىرىگە ئاساسەن2 تەرەپ پۈتۈشكەن كېلىشىمگە قاراپ، تەڭ ۋە يا ئۈچتىن بىرىنى بۆلۈشۈپ ئالىدىغان تۈزۈم «ئورتاققا ئېلىش ۋەيا ئورتاققا بىرىش» دەپ، ئاتىلىپ كەلگەن. بۇنىڭدا ئاساسەن ئورتاققا ئالغانلارغا قارىتا بىرناھەقچىلىق يوقتى. بۇ ئىشتىن بىر ئاز خەۋىرىم بار. بىزمۇ يېزىدىكى 20 مۇ دەك يىرىمىزنى ئۆزىمىز شەھەردە بولغانلىقىمىز دىن يېزىدىكىلەرگە ئورتاققا بەرگەنىدۇق. دادام ئورتاقچىلار بىلەن ھېساپلاشقاندا، كىرىم - چىقىم دەپتىرى تۇتۇپ شۇنىڭغا ئاساسەن مەھسۇلاتنى بۆلەشكەنلىكىنى خاتىرلەيمەن. خىتاي ئىچىدە بۇ ئورتاقلىق جازانە ئۇسۇلى بىلەن بولىدىكەن.

Borcu tahsil etmeye önce toprak sahiplerinin elindeki bütün hasatı alarak başladılar. "Hasat borcu ödemeye yetmedi" diye (tabiki bu onların bütün malvarlığına el koymak için bir bahane idi) toprak sahiplerinin elindeki herşeyi almaya başladılar. At ve diğer hayvanlarını, tarım aletlerini, evlerini, altın ve ziynet eşyalarını hatta ev eşyalarını zorla aldılar. Bu harekette önce köylerdeki nüfusun çoğunluğunu oluşturan fakir çiftçi, alt sınıf çiftçi ve orta sınıf çiftçileri, toprak sahiplerinden alınan bu arsaları "bu sizin mücadelenizin meyvesi hareketten sonra dağıtacağız" diye aldatıp onları galeyane getirip bütün yurtta köylerdeki toprak sahipleri zengin çiftçi ve geçmişte hali ahvali iyi olan çiftçilere karşı mücadele etmeye teşvik ettiler. "Zorba toprak ağalarını şikâyet etmek için büyük toplantı", "dert dökme toplantıları", "hesap sorma" toplantıları gibi isimlerle fitne kazanı kaynamaya başladı. Sonunda mücadele toplantıları yapıp, bu biçareleri "tam itiraf etmedi", "inat etti", "zenginliğini sakladı" diye psikolojik ve fiziki işkencelere maruz bıraktılar. Onlardan bir kısmı "kan borcu var" diye itham edilip tutuklanarak idam edildi. Bazıları mesnetsiz suçlamalarla çöle sürgün edildi. Komunistler daha önce kandırdıkları fakir çiftçilere zenginlerden gasp ettikleri mallardan yok denecek kadar az bir kısmını "mücadele meyvesi" diye dağıtıp kalanına "halk hükümeti" adına el koydu. Demek ki bunlar aslında "fakirlerin durumunu düzeltmek" için değil de, Çin'in batmak üzere olan ekonomisini kurtarmak için özel mülkiyeti devletleştirme siyasetinin bir parçası idi.

بۇنىڭغا ئالدى بىلەن يەرئىگىلىرىنىڭ قولىدىكى بارلىق ئاشلىقنىڭ ھەممىسىنى ھېساپلاپ ئالدى. بۇلارنى «قەرزىگە چىقىشمىدى» دەپ (تەبىئىكى، بۇ ئۇلارنىڭ پۈتۈن بايلىقىنى قولىدىن ئېلىشىنىڭ بىر باھانىسى ئىدى)، ئات ـ ئۇلاغلىرىنى، دېھقانچىلىق سەيمانلىرىنى، ئۆيۋاقلىرىنى، ئالتۇن ئەسۋاپلىرىنى ھەتتا ئۆي سەرەمجانلىرىنى مەجبۇرى تارتىۋالدى. بۇ ھەرىكەتتە، ئالدى بىلەن يېزىلەردىكى نۇپۇسنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىنى تەشكىل قىلىدىغان كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقان ۋە ئوتتۇرا دېھقانلارغا، يەرئىگىلىرىدىن تارتىۋالغان بۇ نەرسىلەرنى؛ بۇ سىلەرگە كۆرەش مېۋىگىلار، ھەرىكەتتىن كېيىن تارقىتىپ بېرىمىز» دەپ ئالداپ، ئۇلارنى قۇترىتىپ، پۈتۈن يۇرتتا يېزىدىكى يەرئىگىلىرى، باي دېھقان ۋە ئۆتمۈشتە ھالى كۈنى ياخشىراق ئۆتكەن دېھقانلارغا قارشى «كۆرەش» قىلىشقا قوزغىدى. «زۇمىگەر پومىشچىكلار ئۈستىدىن شىكايەت قىلىش چوڭ يىغىنلىرى»، «دەرت تۆكۈش يىغىنلىرى»، «ھېساپ سوراش» يىغىنلىرى دېگەنگە ئوخشاش كەڭ مىقياستا پىتنە قازىنى قايناپ كەتتى. ئاخىرىدا كۆرەش يىغىنلىرى ئېچىپ، ئۇ بىچارەلارنى « تولۇق تاپشۇرمىدى»، « جاھىللىق قىلدى»، «بايلىقىنى يوشۇرۇۋالدى» دەپ جىسمانىي ۋە روھىي ئازاپلار بىلەن قىيىندى. ئۇلاردىن بەزىلىرى «قان قەرزى بار» دېگەن بۆھتان بىلەن قولغا ئېلىنىپ ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى. بەزىلىرىگە قالپاق كىيگۈزۈپ چۆللەرگە سۈرگۈن قىلىندى. كوممۇنىستلار ھېلىقى ئالدىغان كەمبەغەللەرگە بايلاردىن بۇلىۋالغان بايلىقنىڭ يوقىلاڭ بىرنەرسىنى «كۆرەش مېۋىسى» دەپ تارقىتىپ بىرىپ، قالدىسىنى «خەلق ھۆكۈمىتى» تاپشۇرۇۋالدى. دېمەك، بۇلار قانداقتۇر «كەمبەغەللەرنىڭ قەددىنى كۆتۈرۈش» ئۈچۈن بولماستىن خىتاينىڭ چۆكۈش ئالدىدا تۇرغان ئىقتىسادىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، خۇسۇسى مۈلكنى دۆلەت ئىگىلىكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىشنىڭ بىر پارچىسى ئىدى.

Parti önderliğinde "şimdi biz zengin olacağız" diye rüya gören, aldanan fakirler avucunu yaladı. Tüccar ve esnafın mal varlığına el koymadan önce ise "3'e karşı hareket 5'e karşı hareket" gerçekleştirildi. Bu hareket esnasında vergi kaçıran, haksız kâr elde eden, halkı ezen ve buna benzer bahaneler ile bir sürü tüccarı tutukladılar. Bütün mal varlıklarına "ihanetlerine" karşılık el kondu ve yıllarca sorgusuz sualsiz günahsız hapse atıldılar, bazıları öldürüldü. Böylece ticaret ve esnaflığa sosyalist dönüştürme başlamadan önce memleketteki biraz büyük çapta iş yapan tüccar ve esnafın mal varlığı bu yolla elinden alındı.

Bu hareketlerin içinde en beteri kültür devriminin sonunda cereyan eden "sınıfsal safı temizleme" hareketi idi (yeri geldiğinde ayrıntılı olarak yazacağım). Bu hareket ile Urumçi'de tek bir günde 32 kişiye idam cezası verilerek, halka açık bir meydanda kurşuna dizildiler. Yukarıdaki gibi "hareket" sırasında komunistler insanlık kalıbından çıkmışlardı. Bunların yanında işkenceyle zorla itiraf ettirme esnasında ölen binlerce masumu "terbiye edilirken inat edip suçunu itiraf etmeden kendini öldürdü" diye yaftaladılar. Bu olaydan yıllar sonra yakın zamanda bunların büyük çoğunluğunun hareket esnasında komunist cellatlar ve Çung Vi Bing yani "kızıl muhafızlar birliği" tarafından işkence ile öldürüldükleri resmen itiraf edilmeye başlandı.

«پارتىيە رەھبەرلىكىدە» ئەمدى، بىز باي بولىدىغان بولدۇق دەپ چۇش كۆرگەن، ئالدانغان كەمبەغەللەر ئالقىنىنى ياللاپ قالدى.

سودا- سانائەتچىلارنىڭ ئىقتىسادلىرىنى يېغىۋېلىش ئالدىدىمۇ«3 كە قارشى ھەرىكەت»، «5 كە قارشى ھەرىكەت» ئېلىپ بېرىلدى. بۇنىڭدا باج ئوغۇرلىغان، ھەقسىز پايدا ئالغان ; خەلقنى ئەزگەن دېگەنلەرگە ئوخشاش باھانىلارنى ئۆيدۇرۇپ چىقىپ، نۇرغۇن تىجارەتچى بايلارنى قولغا ئالدى. پۈتۈن مال مۈلكىنى «خىيانەت» نىگە ھېسابلاپ تارتىۋالدى ۋە يىللارچە، سوراقسىز- گۇناھسىز تۈرمىلارغا سۇلاندى بەزىلىرى ئۆلتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن سودا- سانائەتكە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش ئالدىدا يۇرتتىكى چوڭراق تىجارەتچى سودىگەرلەرنىڭ ئىقتىسادىنى بۇ يول بىلەن تارتىۋالدى.

بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ لاردىن ئەڭ يامان بولغىنى مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ ئاخىرىدا ئېلىپ بېرىلغان « سىنپى قوشۇننى تازىلاش» ھەرىكىتى بولدى. ( يىرى كەلگەندە تەپسىلى يازىمەن.) بۇنىڭدا، پەقەت ئۈرۈمچىدە بىر كۈندىلا 32 كىشىگە ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىنىپ، ئوچۇق مەيداندا ئېتىپ ئىجرا قىلىندى. يۇقىرىقىدەك «ھەرىكەت» لەردە كوممۇنىستلار، ئىنسانىيەت قېلىپىدىن چىققان يوللار بىلەن كىشىلەر نى قىيناپ- قىستاپ، زورىبىلەن ئىقرار قىلدۇرۇش ئەسناسىدە ئۆلۈپ كەتكەن مىڭلارچە گۇناھسىزلار نى «تەربىيە بېرىش جەريانىدا جاھىللىق قىلىپ، مەسىلىسىنى تاپشۇرماي ئۆلۈۋالدى» دېگەن بوھتاننى چاپلىدى. بۇ ھادىسىلەر دىن يىللار ئۆتكەندىن كېيىن، يېقىنقى كۈنلەردە بۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىگىنىڭ ھەرىكەت جەريانىدا، كوممۇنىست جاللاتلىرى ۋە خۇگۇبىڭ يەنى «قىزىل مۇھاپىزەتچىلار قوشۇنى» تەرەپىدىن قىيناپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى رەسمەن ئېتىراپ قىلىنغىلى باشلىدى.

Kısacası komunistlerin hareket dedikleri şey temizleme sindirme yani bütün halkı dizginlemek için devamlı kontrol edip (süzgeçten geçirip) rejimden şikâyetçi fikir ve akımların önüne geçip yok etmek için bitmez tükenmez bir kızıl terör havasını sürekli kılmaktan ibaret idi.

## Sindirme Hareketinin Hedef Kitlesi (Kurbanları)

Komunistler kurbanlarının sayısını duruma ve zamana bakarak arttırıyorlardı. Örneğin;

**Hâkimiyeti güçlendirme hareketi** esnasında ülke çapında üst düzey memurların, komutanların, bölgesel yönetimin başkanlarının, ilçelerin hâkimlerinin, başsavcıların, Milliyetçi Çin Ordusunun "yüzbaşı" rütbesine sahip komutanlarının ve kaçıp sınırdan geçemediği için geri gelenlerin yarısından fazlası öldürüldü. Kalanlar hapsedildi.

**Toprak ıslahatında** köylerde öncelikle "sınıfsal bir derecelendirme yapıldı". Çiftçiler sahip oldukları arazinin büyüklüğüne göre "toprak ağası", "zengin çiftçi", "iyi durumdaki orta çiftçi", "orta çiftçi", "fakir ve maraba çiftçi" diye sınıflara ayrıldı. Toprak ıslahatında toprak ağası ve zengin çiftçileri "sınıfsal düşman" diyerek topluca ezdiler. Bundan başka yine avap, yani köyün nüfuslu kişisi ve yüzbaşı olanlar ezildi. Köylerdeki bu sınıfsal decelendirme işinde

قىسقىسى، كوممۇنىستلارنىڭ «ھەرىكەت» دېگەن نېمىسى ـ تازىلاش، بېسىقتۇرۇش، يەنى، پۈتۈن خەلقنى تىزگىنلەپ تۇرۇش ئۈچۈن داۋاملىق تەكشۈرۈپ (سۆز گۆچتىن ئۆتكۈزۈپ)، تۈزۈمگە نارازى پىكىر ۋە ئىقىملەرنىڭ ئالدىنى ئېلىپ يوقىتىش ئۈچۈن، بىرتۇگۇمەس ـ پۈتمەس قىزىل تېرورلۇق ھاۋاسىنى دايىم ساقلاشتىن ئىبارەت ئىدى.

## بېسىقتۇرۇش ئوبېكت (نىشان) لىرى

كوممۇنىستلار قوربانلىرى ۋەزىيەت ۋە زامانغا قاراپ، كۆپەيتىپ تۇردى. مەسىلەن؛

**ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەش ھەرىكتى جەريانىدا**ــ مەملىكەت دەرىجىلىك يۇقىرى مەمۇرىي ۋە ھەربىي ئەمەلدارلار، ئۆلكە دەرىجىلىك ئەمەلدارلار، ناھىيىنىڭ ھاكىملىرى، ئەدلىيەباش سوراقچىلىرى، گومىنداڭ ئەسكىرى قىسمىنىڭ لەنجاڭ دەرىجىلىك ئەمەلدارى ۋە قېچىپ، چېگرىدىن ئۆتەلمەي قايتىپ كەلگەنلار. بۇلەردىن مۇتلەق كۆپچىلىگى ئۆلتۈرۈلدى. قالدىسى تۈرمىلاردا قالدى.

**يەر ئىسلاھاتىدا**ــ يېزىلاردا ئالدى بىلەن « سىنىپى تەركىپ ئايرىش» ئېلىپ بېرىلدى. دېھقانلار ئىگىلىگەن يەر نىڭ ئاز ـ كۆپلىكىگە قاراپ، پومشچىك، باي دېھقان، ھاللىق ئوتتۇرا دېھقان، ئوتتۇرا دېھقان، كەمبىغل ۋە ياللانما دېھقان دېگەن سىنىپ گە ئايرىلدى. يەر ئىسلاھاتىدا پومشچىك ۋە باي دېھقانلارنى «سىنىپى دۈشمەن» دەپ، بۇلار نىڭ ھەممىسىنى بېسىقتۇرۇدى. بۇلاردىن باشقا يەنە ئاۋاپ، يەنى، يېزىنىڭ نوپۇزلۇق كىشىسى ۋە يۈزبېشى بولغانلار بېسىقتۇرۇلدى. يېزىلاردىكى بۇ سىنىپى تەركىپ ئايرىش ئىشدا

üzerinde uzlaşılmış bir ölçü yoktu. Örneğin Çin'de bazı yerlerde 100 dekar toprak sahibi olan çiftçiler "toprak ağası" yapılmış olsa da bizde 100 dekar toprağı olanlar "Eşeddi toprak ağası" yapılıp hepsi kurşuna dizildi. Bir şekilde "ölüm cezasının bahanesi bulunup" her şehirde birer tane toprak ağası kurşuna dizildi (ölüm cezasını onaylama yetkisi ilçedeki hükümet yetkilisine verilmişti). Komunistlerin "toprak ıslahatı" dedikleri şey kesinlikle onların dediği gibi "toprağı çok olandan alıp, topraksız fakir çiftçilere dağıtma" işlemi değildi. Asıl amaç toprak üzerindeki özel mülkiyeti ortadan kaldırıp, toprağı sözde ortak mülkiyete (açıkça ifade edecek olursak devletleştirmeye) geçirmek için yapılan bir kandırmaca idi. Debdebeli bir merasim ile meydana kızıl bez asıp " toprak", "tarım aletleri", "kişisel büyük ve küçükbaş hayvanlar", hatta evler dağıtıldı. Sonra yine debdebeli bir merasim ile "köydeki özel mülkiyeti kooperatifleştirme" adı altında geri toplandı. Arkasından hasatın bir kısmını toplama bir kısmını satma ve bir kısmını temin etme denen siyaset ilan edildi. Bunda topraktan elde edilen hasatın tamamı "kooperatif" ambarına götürüldü. Bundan yukardan tayin edilen devlete satılacak "vazife" tahılı devlet fiyatı ile piyasa fiyatının kaç katı altında toprak mahsulleri ofisine satılıyordu. Çiftçilik vergisi ödeniyor, savaş hazırlığı için "ihtiyat stoğu" ayrılıyor, artan tahıl üyelerin "emek numaralarına" bakılarak paylaştırılıyordu. Neticede çiftçiler bir yıl durmadan çalışıp aldığı hasatı

بىرلىككە كەلگەن بىرئۆلچەم يوقتى. مەسىلەن؛ خىتاي ئىچىدە بەزى جايلاردا 1000 مۇ يېرى بولغان دېھقانلار پومېشچىك بولمىغان بولسىمۇ، بىزدە 100 مۇ يېرى بار لارنى «ئەشەددى پومېشچىك» قىلىپ ھەممىنى ئېتىۋەتتى. بەزى جايلاردا قانداق قىلىپ بولسىمۇ « ئۆلۈم جازاسى شەرتىنى ھازىرلاپ» ھەربىر كەنتتە بىردىن پومېشچىكنى ئاتتى (ئۆلۈم جازاسىنى تەستىقلاش ھوقۇقى ناھىيەلىك ھۆكۈمەتكە بېرىلگەن). كومۇنىستلارنىڭ «يەر ئىسلاھاتى» دېگەن نېمىسى ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ دېگىنىدەك، «يېرى كۆپ بولغانلارنىڭ يېرىنى، يېرى يوق كەمبەغەل دېھقانلارغا ئۈلەشتۈرۈپ بېرىش» بولماستىن، يەرگە بولغان خۇسۇسىي ئىگىدارچىلىقنى يوقىتىپ، يەرلەرنى ئاتالمىش كوللېكتىپ ئىگىدارچىلىق (ئۇچىۋراق قىلىپ ئېيتقاندا ھۆكۈمەتكە) ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان بىر ئالدامچىلىق بولۇپ چىقتى. داغدۇغىلىق مۇراسىم بىلەن مەيدىسىگە قىزىل لاتا قاداپ، ئۇلارغا «تەقسىم» قىلىپ بېرىلگەن يەر، دېھقانچىلىق سايمانلىرى، دېھقانچىلىق ھايۋانلىرى ھەتتا ئۆيلەر بىرىلدىن كېيىن، يەنە داغدووغلۇق مۇراسىم بىلەن «يېزائىگىلىكنى كوپېراتسىيە» لەشتۈرۈش دېگەن نام بىلەن يىغىلىۋېلىندى. ئارقىدىن مەھسۇلاتنى بىرتۇتاش يىغىۋېلىش بىرتۇتاش سېتىۋېلىش ۋە بىرتۇتاش تەمىنلەش تەمىنلەش دېگەن سىياسەتنى ئېلان قىلىندى. بۇنىڭدا، يەردىن چىققان مەھسۇلات نىڭ ھەممىسى « كوپىراتىپ» ئامبىرىغا يىغىۋېلىندۇ. بۇنىڭدىن يۇقىرىدىن بەلگىلەنگەن دۆلەتكە سېتىپ بىرىدىغان «ۋەزىپە» ئاشلىقى دۆلەت باھاسىدا يەنى بازار باھاسىدىن نەچچە ھەسسە تۆۋەن باھادا ئاشلىق ئىدارىسىگە سېتىپ بىرىلىدۇ. دېھقانچىلىق بېجى تاپشۇرۇلىدۇ. ئۇرۇش تەييارلىقى ئۈچۈن « ئېھتىيات ئاشلىقى» ئايرىلىدۇ. ۋە ئېشىپ قالغان ئاشلىق ئەزالارنىڭ ئىشلىگەن « ئەمگەك نومۇر» لىرىغا قاراپ، تەقسىم قىلىندۇ. نەتىجىدە دېھقانىنىڭ بىرىيل تىنماي ئىشلەپ ئالغان ئاشلىقى

onun bir yıllık gıda ihtiyacını ancak karşılıyor ve hasatın düşük olduğu sene hiç yetmiyordu. Bir gecede zengin olup ertesi gün yine bir kuru ekmeğe muhtaç olan fakirlerin halini halk dilinde meşhur olmuş şu şiir çok iyi ifade ediyor.

*Yiğit değil ol kişi, eğer göğsünde vicdanı yoksa.*
*Gece gündüz çalışır, evinde bir kuru ekmeği yoksa.*

**Özel sermayeyi sosyalist sermayeye dönüştürme** "Öncelikle 3'e karşı durma ve 5'e karşı durma hareketi"ni başlatıp, tüccar, esnaf ve sanatkârlar arasındaki nüfuslu sermaye sahiplerinin hepsini ezdiler. Doğu Türkistan'da sermayesi 4.000 yuan den fazla olanları "kapitalist" olarak kabul edip başta "devlet ile ortak" yaptılar. Sonra bütün sermayeyi devletleştirdiler çünkü Çin'deki gibi Doğu Türkistan'da da büyük sermaye sahibi kapitalist ve fabrikatör yoktu. Onun için bizim memlekette bu eşkiyalık hareket 2 aşamada yapıldı. Yani öncelikle kapitalist peydahladılar sonra onları ezdiler.

**Ahlak düzeltme hareketi** Bu hareket ile yukarıda gösterilenlere "yeni burjuva unsuru", "yeni zengin çiftçi", "parti içindeki özü değişmiş unsurlar" katıldı.

**Edebiyat Sanat alanındaki temizlik** "Ho Fung guruhunu yokediş" denen isim ile yapılan ahlak düzeltme hareketinde, bilim adamları, yazarlar ve edebiyatçılar içinde bir defalık temizlik yapıldı. Ho Fung (meşhur Çinli yazar)'un ahlak düzeltme hareketindeki "açılıp, şakıma" sırasında "Kızıl Ravaktaki Rüya" denen romanı

ئۇنىڭ بىرىللىق ئوزۇقىغا ئاران يېتىدۇ ۋەيا مەھسۇلات كەمىيىپ كەتكەن يىلى ھېچ يەتمەيدۇ. بىر كېچىدىلاباي بولۇپ، ئەرتىسى يەنە بىر زاغرىغا مۇھتاج بولۇپ قالغان كەمبەغەللەر نىڭ ھالىنى، خەلقنىڭ ئاغزىدا تارقالغان شۇ شېر ناھايىتى ياخشى ئىپادىلەپ بەرگەندى.

ئەر ئەمەستۇر ئول كىشى كۆكسىدە ۋىژدان بولمىسا
كېچە ـ كۈندۈز ئىشلەيدۇ ئۆيدە بىرنان بولمىسا

**خۇسۇسى كاپىتالنى سوتسىيالىستىك كاپىتالغا ئۆزگەرتىشتە** ـ «ئالدى بىلەن 3گە ۋە 5گە قارشى ھەرىكەت» دېگەننى باشلاپ، تىجارەتچى، سودا سانائەتچىلارئارىسدىكى نوپۇزلۇق سەرمايەدارلارنىڭ ھەممىسىنى بېسقتۇردى. شەرقىي تۈركىستاندا سەرمايىسى 4000 كويدىن ئاشقانلارنى «كاپىتالىست» قىلدى ۋە دەسلەپتە «دۆلەت بىلەن شرىك» قىلدى كېيىنچە پۈتۈن سەرمايىسىنى دۆلەتكە ئۆتكۈزۈۋالدى. چۈنكى، ختاي ئىچىدىكىدەك شەرقىي تۈركىستاناچوڭ سەرمايەدار كاپىتالىست ۋە فابىركاتورلار يوقتى. شۇڭا بىزدە بۇ قاراقچىلىق ھەرىكىتى 2 باسقۇچتا ئېلىپ بېرىلدى. يەنى، ئالدى بىلەن «كاپىتالىست» پەيداقىلىپ، ئاندىن بېسقتۇردى.

**ئىستىل تۈزۈتىش ھەرىكىتىدە** ـ يۇقىرىدا كۆرسۈتۈلگەنلەرگە، ئوكچى، يېڭى بۇرژئازىيە ئۇنسۇرى، يېڭى باي دېھقان، پارتىيە ئىچىدىكى ئاينىپ سۇپتى ئۆزگەرگەن ئۇنسۇر قاتارلىقلار قېتىلدى.

**ئەدەبىي ـ سەنئەت ساھسىدىكى تازىلاشتا** ـ «خوفۇڭ گۇرۇھىنى يوقىتىش» دېگەن نام بىلەن ئىستىل تۈزۈتىش ھەرىكىتى ئاخىردا ئالىملار، يازغۇچىلار ۋە ئەدەبىي سەنئەتچىلار ئىچىدە بىرقېتىملىق تازىلاش ئېلىپ بېرىلدى. خوفىڭ (مەشھۇرختاي يازغۇچى يازغۇچى) نىڭ ئىستىل تۈزۈتىش ھەرىكىتىدىكى «ئېچىلىپ ـ سايراش» جەريانىدا «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» دېگەن رۇماننى

incelenip onu "mızrağın ucunu Mao başkana tutan" diye edebiyat-sanat alanında "cin şeytanları yakalamak" namı ile geniş kapsamlı bir katliam başlandı. Ho Fung'a ölüm cezası verildi. Milyonlarca bilim adamı, edebiyatçı ve yazarı "kokuşmuş aydınlar" diye tenzili rütbe ile köylerdeki çalışma kamplarına sürgün ettiler. Doğu Türkistan'da edebiyat ve sanat ile ilgilenenler az olduğu için başka bölgelerden farklı olarak uygulanan "Etnik milliyetçiliğe karşı duruş" hareketi eklenip milli aydınlar ezildi.

**Etnik milliyetçiliğe karşı duruş hareketinde** yok yerden problem çıkartılıp Uygurlardan halkın teveccühünü kazanmış kişileri, tarih, edebiyat ile uğraşan milli aydınları ve şairlerin hepsini etnik milliyetçilik ideolojisine sahip diye bir kere soruşturmadan geçirdiler. Hatta sıradan Uygur işçi ve hizmetçileri "özeleştirisini verme" işleminden geçirip bir sürü insanı "etnik milliyetçi unsur", "pantürkist", "yurtdışına bağlı unsur" namı altında ezdiler.

**Kültür Devriminde:** Kokuşmuş namı tüm dünyaya yayılan benzersiz zulüm hareketi sırasında aslında 7 tane olan sindirilecek unsurlar "11 çeşit unsura" dönüştürülüp memleketin altı üstüne getirildi. Yani komunistlerin sınıfsal düşmanlarına ek olarak "ölene kadar tevbe etmeden kapitalizm yolunda yürüyen yetkili", "ağdan düşen unsur", "yeni burjuva vekili", "yeni zenginçÇiftçi", "dini kisveye bürünmüş rejim karşıtı hoca" unsurları katıldı.

İşte yukarıdakiler, 27 yıl içinde uygulanan temizlik hareketleri

تەنقىت قىلغانلىقتىن ئۇنى، « تىغ ئۇچچىنى ماۋجوشىغا قارىتقان» دەپ، ئەدەبىي - سەنئەت ساھاسىدا « جىن - شەيتانلارنى تۇتۇش» نامى بىلەن كەڭ كۆلەملىك بىرقىرغىن باشلاندى. خوفىڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى. مىليونلىغان ئالىم، ئەدەبىياتچى، يازغۇچىلارنى « سېسىق زىيالىلار» دەپ يېزىلارغا تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ، ئەمگەك لاگىرلىرىغا سۈرگۈن قىلدى. شەرقىي تۈركىستاندا ئەدەبىي - سەنئەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ئاز بولغانلىقتىن، باشقا ئۆلكىلەردىن ئالاھىدە بىرشەكىلدە ئېلىپ بېرىلغان « يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتىدە قوشۇپ، مىللىي زىيالىلەر بېسىقتۇرۇلدى.

**يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىدە** - يىرق يەردىن پۈتاق چىقىرىپ ئۇيغۇرلاردىن رەھبەرىي ئورۇنغا چىقىپ قالغانلارنى، تارىخ - ئەدەبىيات بىلەن شۇغۇللانغان مىللىي زىيالىلارنى ۋە شائىرنىڭ ھەممىسىنى يەرلىك مىللەت ئىدىيەسى بار دەپ، بىرقاتار تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزدى. ھەتتا، ئادەتتىكى مىللىي ئىشچى - خىزمەتچىلارنى «ئۆز - ئۆزىنى تەنقىت قىلىش» تىن ئۆتكۈزۈپ، نۇرغۇن كىشلەرنى «يەرلىك مىللەتچى ئۇنسۇر»، « پانتۈركىست»، « چەت ئەلگە باغلانغان ئۇنسۇر» دېگەن نام بىلەن بېسىقتۇرۇلدى.

**مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا**- سېسىق نامى پۈتۈن دۇنياغا پۇر كەتكەن مىسلىز قىرغىن ھەرىكىتى جەريانىدا، ئەسلىدىكى « 7 خىل ئۇنسۇر» بېسىقتۇرۇش نىشانلىرى « 11 خىل ئۇنسۇر» بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەت ئالتى - ئۈستۈن بولۇپ كەتتى. يەنى، كوممۇنىستلارنىڭ سىنىپى دۈشمەنلىرىگە يېڭىدىن« ئۆلگۈچە تۆۋا قىلمايدىغان كاپىتالىزىم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار»، «توردىن چۈشۈپ قالغان ئۇنسۇر»، «يېڭى بۇرژۇئا ۋەكىلى»، «يېڭى باي دېھقان» ، « دىنىي تونىغا ئورنۇۋالغان ئەكسىيەتچى ئاخۇن» قوشۇلدى.

مانا، يۇقىرىدىكىلەر 27 يىل ئىچىدە ئېلىپ بارغان تازىلاش ھەرىكەتلىرى

sırasında komunistlerin "sınıfsal düşman" diye adlandırdıkları sindirme hareketlerinin hedef kitlesi yani kurbanları idi. Bu kurbanlar sürekli yeni adlar ile artmaya devam etti. Komunistlerin bu bahsettiğimiz düşmanları sindirildikçe azalmak yerine arttı. Hatta bir zaman geldi komunistlerin sadık yoldaşları bir günde "halk düşmanı", "Ölene kadar tevbe etmeden kapitalizm yolunda yürüyen yetkili" oluverdi.

Mao bizzat kendisi bildiri yayınlayıp "sınıfsal düşmanlar toplam nüfusun % 5'ini teşkil ediyor. Halkın % 95'i ile birlik olup % 5 sınıfsal düşmanlara" darbe vuracağız diye emir verdiği için bütün memleket boyunca suni "sınıfsal düşman" toplulukları ortaya çıkarıldı. Böylece her yerde ne kadar sınıfsal düşmana darbe vurulması gerektiği o yerin nüfusuna göre belirlendi. Örneğin Hoten şehir merkezinde ahlak düzeltme hareketinde Komunist parti il başkanlığına rapor sunulduğunda Ho Vang Çıng, Mao Başkanın emirlerine uygun değil ifşa ve mücadeleyi tekrar daha yoğun uygulamak lazım diye emir vermişti. Bu Hoten şehir merkezinde darbe vurulan kişilerin ( ölüm cezası verilecekler, hapse atılacaklar veya sürgüne gönderilecekler) sayısı Hoten şehrinin nüfusuna bakıldığında yeterli değil daha fazla insan tutuklayın demekti. Böylece bütün Hoten'de meselesi var diye şüphelendikleri kişilerin tamamına şuçlu olup olmadığına bakmaksızın bir suç uydurup çıkarma, suçu kabul etmeyenlere işkence yapma hareketi başladı. Sonuçta Hoten şehrinde

جەريانىدا كوممۇنىستلارنىڭ « سىنىپى دۈشمەن» دەپ نام بەرگەن بېسقتۇرۇش ئوبيېكتلىرى يەنى، قۇربانلىرى ئىدى. بۇ قۇربانلار داۋاملىق ھەرخىل يېڭى بىر نام بىلەن كۆپىيىپ تۇردى. بۇ دېگەنلىك، كوممۇنىستلارنىڭ دۈشمىنى بېسقتۇرغانسېرى ئازالماستىن بارغانسىرى كۆپىيىپ كەتتى. ھەتتا، بىر زامانلار كوممۇنىستلارنىڭ سادىق كىشىلىرى بىر كۈنلاردە «خەلق دۈشمىنى»، « ئۆلگۈچە توۋا قىلمايدىغان، كاپىتالىزىم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار ...» بولۇپ قالدى.

ماۋ ئۆزى بېۋاستە يولىيۇرۇق چىقىرىپ؛ « سىنىپى دۈشمەن ئومۇمىي نوپۇسىمىزنىڭ 5%ى نى تەشكىل قىلىدۇ، 95% كىشلەربىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، 5% سىنىپى دۈشمەنلەر » گە زەربە بىرىش دەپ، بەلگۈلەپ بەرگەنلىكتىن پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا سۈنئىي «سىنىپى دۈشمەن » لار قوشۇنى مەيدانىغا چىقىرىلدى. شۇنىڭ بىلەن ھەرقايسى جايلار قانچىلىك كىشلەرگە زەبە بېرىش كېرەكلىكىنى ئۆز يېرىنىڭ نوپۇسىغا قاراپ بەلگۈلەپ چىقتى. مەسلەن؛ خوتەن ناھىيسى ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكتىدىن ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتىتىگە دوكىلاد سۇنغاندا، خۇاڭ چىڭ بۇنى ماۋجۇشىنىڭ يولىيۇرۇقىغا ئۇيغۇن ئەمەس. تەكرار پاش قىلىش - كۆرەش قىلىشنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئېلىپ بېرىش لازىم دەپ بۇيرۇق قىلغان. يەنى، خوتەن ناھيسىدە زەربە بېرىلگەن كىشلەر ( ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدىغانلار، قاماق جازاسى بېرىدىغانلار ياكى سۇرگۇنگە ئەۋەتىلىدىغانلار كىشلەر) نىڭ سانى خوتەن ناھىسىنىڭ نوپۇسىغا قارىغان ئاز بولۇپقاپتۇ، دېگەن. بۇ تېخىمۇ كۆپراق ئادەم تۇتوڭلار دېگەنلىك. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن خوتەن ناھيسىدە مەسلىسى بار دەپ گۇمان قىلغان كىشلەرنىڭ ھەممىسىنى، بار - يوق دېمەستىن جىنايەت توقۇپ چىقىپ، قارالاش. ئىقرار قىلمىسا، قىيناش - ئازاپلاش ھەرىكتى باشلاندى. نەتىجدە خوتەن ناھيسىدە

çok sayıda kişi bu işkenceler sırasında hayatını kaybetti. Bunları "İnat edip suçunu itiraf etmeden kendini öldürdü" diye ilan ettiler. Neticede sayısız insan haksız suçlamalar, zulüm ve işkence altında azap ve kötü akıbete düçar oldu. Bütün ülke ateş içinde kalmış gibi bir vaziyete büründü. Sonraki hareketlerde direniş hareketleri ortaya çıktı. Zulüm ve haksızlıklar yüzünden canından bezmiş kişilerin arasından açıkça meydan okuyanlar da oldu. Çin'de bu tür tepki hareketlerinin epey sorun çıkardığı malum oldu. Onun için Komunist Parti merkez komitesinin "heryerde düşman var", "herkes şüpheli olabilir" denen faşist siyaseti biraz yumuşayıp "ne kadarsa o kadar", "heryerde düşman var diye zorla düşman yaratmaya son" diye talimat çıkarıldı. Ondan sonra bu dehşet biraz azaldı. Ama kızıl faşistler yapacaklarını yapmıştı.

Kültür Devrimi sırasında ortaya çıkan "Kızıl 2. Komutanlık" denen teşkilatın dağıttığı bir propaganda broşüründe "Şincang hapisanelerinde 1 milyon kişi var" diye yazılmıştı. Buna bakılırsa darbe vurulan kişilerin sayısı Mao'nun verdiği sayıdan hiç az değildi. Belki daha fazlaydı. Bunun gibi "% 5 düşman var" prensibi daha sonraki hareketlerde tekrar yeniden ortaya çıkıp, bir sürü kişi "sınıfsal düşman" safına dâhil olmaya devam etti.

نۇرغۇن كىشى بۇ قىناپ ـ قىستاش جەريانىدە ئۆلۈپ كەتسە، بۇلارنى «مەسلىسىنى تاپشۇرماي جاھىللىق قىلىپ، ئۆلۈۋالدى» دەپ ئېلان قىلدى. نەتىجىدە، سانسىز كىشىلەر بۇھتانلار بىلەن چىدىغۇسىز قىيىن ـ قىستاق ۋە زۇلۇم ئاستىدا ئازاپ ـ ئوقۇبەتلەرگە دۇچار بولدى. پۈتۈن يۇرت، ئوت ئىچىدە قالغاندەك بىر ۋەزىيەتتە ئىچىدە قالدى. كېيىنكى ھەرىكەتلەردە، قارشىلىق ۋەقەلىرى مەيدانغا چىقتى. زۇلۇم ۋە ناھەقچىلىق دەستىدىن جاندىن تويغانلار ئوتتۇرىغا سەكرەپ چىققانلارمۇ بولدى. خىتاي ئىچىدە بۇنداق قارشىلىق كۆرستىش ۋەقەلىرى خېلى زور كۆلەملىك بولغانلىقى مەلۇم. شۇنىڭ بىلەن مەركەز پارتىيىنىڭ، «ھەر يەردە دۈشمەن بار، ھەرقانداق ئادەمدىن گۇمانلىنىشقا بولىدۇ» دېگەن فاشىستلىك سىياستىنى بىرئاز يۇمشىتىپ، «قانچىسى بولسا شۇنچىسىنى يوقىتىش»، « ھەريەردە دۈشمەن بار دەپ، زورمۇ ـ زور دۈشمەن ياراتماسلىق» دەپ، يولىيورۇق چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن بۇ دەھشەت بىرئاز پەسەيدى. ئەمما، قىزىل فاشىستلار قىلدىغىنىنى قىلىپ، بولغانىدى !

مەدەنىيەت ئىنقىلابى جەريانىدا ئوتتۇرىغا چىققان «قىزىل 2 ـ قوماندانلىق» دېگەن تەشكىلاتنىڭ تارقاتقان بىر تەشۋىق ۋەرەقىسىدە «شىنجاڭ تۈرمىلىرىدا بىرمىليۇن كىشى بار» دەپ يازغانىدى. بۇنىڭغا قارىغاندا شەرقىي تۈركىستاندا زەرەبە يېرىلگەن كىشىلەرنىڭ سانىنى، ماۋ بەلگىلەپ بەرگەن ساندىن ھېچ كام بولمىغان، بەلكى ئېشىپ كەتكەن. بۇنداق «5% دۈشمەن بار» پىرىنسىپى كېيىنچە، ھەربىر ھەرىكەتتە تەكرار يەنە ئوتتۇرىغا چىقىپ، نۇرغۇن كىشىلەرنى دۈشمەن » سېپىگە قوشۇلۇپ تۇردى.

## SİNDİRME HAREKETİNDE YÖNTEM VE SİYASET

Yukarıda komunistlerin sindirme hareketlerindeki hedef kitleyi yazdım. Şimdi siyaset ve yöntemlerini yazacağım.

Bu 27 yıl içinde benim gördüğüm, kendi başımdan geçen temizlik hareketlerinde komunistlerin bu konudaki siyaseti kağıt üzerinde başka, uygulamada başkaydı. Yani aldatmacanın ve sahtekârlığın ta kendisi idi.

Komunistler yeni geldiklerinde yaptıkları propagandalarında "geçmişi soruşturmayacağız" sözünü dillerinden düşürmüyorlardı. Yaptıkları ilk harekette bu söz çiğnendi. Bunun yerine "İtiraf edenlere kolaylık", "hançeri arkaya tutanlara ödül" sloganları ortaya çıktı. Bu başkalarını ispiyonlayıp hizmet edenler ödüllendirilecek demekti. Ama harekette ezilenlerin hepsinin suç dosyasının çoğunluğunu onların geçmişte "Halkı nasıl ezdikleri" oluşturuyordu. Bu insanlar, ne kadar suçunu itiraf etse de, başkalarını ispiyonlayıp hizmet etse de, ezilmekten kurtulamadı.

Burada örnek bir olayı anlatayım. Ben bunu 1989 yılı Şincang Tarihi Materyalleri dergisinin 22. sayısındaki "Hoten Inkılabında hatıralar" isimli makalemin orijinalinde "Yeşil At Vakası" denen kısımda ayrıntılı yazmıştım. Fakat baskıda bu kısım çıkarıldı ve bana makalenizin içinden bir kısmını "tarihi malzemeler" dergisinde basmayı uygun görmediğimiz için kısaltacağız. Orjinali arşivde saklanacak eğer,

## بېسقىتۇرۇشتىكى ئۇسۇل ۋە سىياسەت

يۇقىرىدا كوممۇنىستلارنىڭ بېسقىتۇرۇش نىشانلىرىنى يازدىم. ئەمدى، سىياسەت ۋە ئۇسۇلنى يازىمەن:

بۇ27 يىل ئىچىدە مەن كۆرگەن ۋە ئۆز بېشىمدىن ئۆتكۈزگەن تازىلاش ھەرىكەتلىرىدە كوممۇنىستلارنىڭ بۇ ھەقتىكى سىياسەتلىرى قەغەزدە بىرخىل ئەمما، ئەمىلىيەتتە باشقا ئىدى. يەنى ئالدامچىلىق ۋە ساختىپەزلىك نىڭ دەل ئۆزى ئىدى.

كوممۇنىستلار يېڭى كەلگەن چاغلىرىدا قىلغان تەشۋىقلىرىدە، « ئۆتمۈشنى سۈرۈشتە قىلمايمىز» دېگەننى ئېغىزدىن چۈشۈرمەيتتى. بىرىنچى قېتىملىق ھەرىكەتلا بۇ سۆز ئېلىپ تاشلاندى. بۇنىڭ ئورنىغا « ئىقرار قىلغانلارغا كەڭچىلىك، نەيزىنى ئارقىغا قارىتىپ، ئۇرغانلارنى مۇكاپاتلاش » دېگەننى ئوتتۇرىغا چىقاردى. بۇ باشقىلارنى چېقىپ، خىزمەت كۆرسەتكەنلەر مۇكاپاتلىنىدۇ دېگەنلىك. ئەمما، ھەرىكەتتە بېسقىتۇرۇلغانلارنىڭ ھەممىسىدە جىنايەتنامىسىنىڭ ئاساسى قىسمى ئۇلارنىڭ ئۆتمۈشتە «خەلقنى قانداق ئەزگەن» لىكى تەشكىل قىلغان. مەيلى قانچىلىك تولۇق ئىقرار قىلىپ، باشقىلارنى پاش قىلىپ « خىزمەت كۆرسەتكەنلەر بولسۇن، ھەممىسى بېسقىتۇرۇلدى.

بۇيەردە بىر ۋەقەنى مىسال قىلىپ ئۆتەي: مەن بۇنى 1989 ـ يىلى «شىنجاڭ تارىخىي ماتېرىياللىرى» نىڭ 22 ـ سانىدىكى «خوتەن ئىنقىلابىدىن ئەسلىمىلەر» دېگەن ماقالەمنىڭ ئارگىنالىدا « كۆكتات ۋەقەسى» دېگەن قىسمىدا تەپسىلى يازغان ئىدىم. ئەمما، بېسىشتا بۇقىسمىنى چېقىرىۋاتقان ۋە ماڭا «تەشكىل ماقالىڭىز ئىچىدىن بىرقىسمىنى «تارىخىي ماتېرىياللىرى» غا بېسىشنى ئۇيغۇن كۆرمىگەنلىكتىن قىسقارتىمىز. ئەمما، ئارگىنالنى ئارخىپتا ساقلايمىز. ئەگەر

bunu kabul etmezseniz makalenizi basmayacağız (... ve Halık Sakı aracılığla) diye haber ulaştırdılar. Ben nasıl olursa olsun o makalemin Vatanımda basılmasını temin etmek için "Orjinali arşivde muhafaza edilecekse olur" dedim. Vakit bulup bu makalenin orjinalini okumanızı tavsiye ederim. Bu muayenehanedeki kitaplıkta mevcut çünkü makalem basıldıktan sonra halkımız için de büyük etki yaptı. Bu hususta vatandan 20 den fazla teşekkür mektubu geldi. Bu mektupları da bir okuyun.

Olay şu; Yarkent Valisi Pasar bey tutuklandıktan sonra itiraf etme işine aktif katılıp, yaptığı herşeyi ortaya dökmüştü ve diğer tutuklulardan 20 kadar kişiyi de ihbar etmişti. Hatta kendisinden başka hiçkimsenin haberi olmayan şu çok önemli olayı da itiraf etmişti. Mehmet Emin Buğra ve İsa Yusuf Alptekin adamları ile birlikte Hindistan'a doğru yola çıktığında Şidula sınır karakolundaki Milliyetçi Çin'nin daha teslim olmadan iki arada kalan kısımları onları durdurmuş ve Mehmet Emin Buğra ile İsa Yusuf Alptekin'i tutuklayıp Sancu'ya geri getirdiklerinde Yarkent'ten gizlice "Tang SıLıng"dan serbest bırakılmaları yönünde telgraf gelmiş ve "Derhal sınırdan çıkıp gidin" diye onları serbest bırakmışlardı. Pasar Bey bu telgrafı Tang Sı Lıng adına ben göndermiştim diye itiraf etmişti. Doğu Türkistan'ın bu iki önderinin sağ selamet kurtulması komunistler için beklenmedik büyük bir olay olmuştu. Pasar bey "İtiraf edenlere kolaylık" sağlayacaklarına inanıp herşeyi itiraf etmiş olsa da bu işe yaramadı. Ölüm cezasına

بۇنىڭغا قوشۇلمىسىڭىز ماقالىڭىزنى باسالمايمىز» (.... ۋە خالىق ساقى ئارقىلىق) دەپ ئۇختۇردى. مەن قانداق قىلىپ بولسۇن شۇ ماقالىنىڭ ۋەتىنىمدە نەشىر قىلىنىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، «ئارگىنالىنى ئارخىپتا مۇھاپىزەقىلىدىغان ئىش بولسا ماقۇل» دېدىم. (ۋاقىت چىقىرىپ بۇ ماقالەمنىڭ ئارگىنالىنى بىرئوقۇپ چىقىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلىمەن. بۇ مۇئايىنە خاندىكى كىتاپلىقىمدا مەۋجۇد چۈنكى بۇ ماقالەم بېسىلغاندىن كېيىن، خەلقىمىز ئىچىدە زۇر تەسىر پەيدا قىلدى. بۇھەقتە ۋەتەندىن تەقدىرلەپ 20 پارچىدەك خەت كەلدى. بۇ خەتلەرنمۇ بىر كۆرەپ قويۇڭلار).

هادىسە شۇ : يەركەننىڭ ۋالىيسى پاساربەگ قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، ناھايتى ئاكتىپ بولۇپ، پۈتۈن قىلمىشىنى تاپشۇرغان ۋە قول ئاستىدىكى 20 دەك كىشىنمۇ «پاش» قىلغانىكەن. ھەتتا، ئۆزىدىن باشقا ھېچكىمنىڭ خەۋىرى بولمىغان شۇ چوڭ بىر ۋەقەنى پاش قىلغان . مۇھەممەد ئىمىن بوغرا ۋە ئەيسا ئەفەندىملەر ئۆز ئادەملىرى بىلەن ھىندىستانغا قاراپ ماڭغاندا، شېدۇلا چېگرا پونكىتىدىكى گومىنداڭنىڭ تېخى تەسلىم بولماي ئىككىلىنىپ، تۇرغان قىسىملىرى ئۇلارنى توساپ قويغان ۋە مۇھەممەد ئىمىن بۇغرابىلەن ئەيسا ئەفەندىمنى قولغا ئېلىپ، قايتۇرۇپ سانجۇغا كەلگەندە تۇيۇقسىزدىن، « يەركەندىن تاڭ سىلىڭدىن سىلەرنى قويۇۋېتىش ھەققىدە تېلگىرام كەلدى. دەرھال چېگرىدىن چىقىپ كېتىڭلار» دەپ ئۇلارنى قويۇۋېتكەن. مانا، بۇتېلىگراممىنى پاسار بەگ، تاڭ سىلىڭنىڭ نامىدا مەن ئەۋەتكەن دەپ ئىقرارقىلغان.(شەرقي تۈركستاننىڭ بۇ ئىككى رەھبىرىنىڭ ساق ـ سالامەت قۇرتۇلۇپ كېتىشى كوممۇنىستلار ئۈچۈن كۆزتۈلمىگەن چوڭ ۋەقە بولغان ئىدى). پاسار بەگ « ئىقرار قىلغانلارغا كەڭچىلىك» قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ، ھەممىنى ئىقرار قىلغان بولسىمۇ بۇلار ئىشقا يارىمىدى. ئۆلۈم جازاسى

çarptırıldı[4]. Hoten'de ilk temizlik hareketi sırasında sadece 1 günde 52 kişi halka açık bir meydanda elleri bağlı olarak ortaya çıkarılıp içlerinden 4 kişi orada kurşuna dizildiler. 2 kişi 1 yıl sonra infaz edilmek üzere idama mahkûm edildi. Kalanlar 10 yıldan müebbee kadar çeşitli hapis cezalarına çarptırıldılar. Bunlar itiraf etmeyip direnen miydi? Hayır, öyle değildi. Çünkü bunların içinde Vali Nuri Bey gibi küçüklüğünden beri Çinliler arasında büyümüş kendisine Çince "Ho Dung Bang" ismi konan kökten çinperest meşhur bir vatan haini de vardı. Menfaati ve makamı için herşeyi yapabilecek vicdansız biriydi. Böyle birinin kendi inanç ve düşüncelerinde direnmesi mümkün mü? Kendini kurtarmak için başkalarına haklı haksız çamur atıp, sırtından bıçaklamadı denemez. Bir diğeri Muavin Vali Li Vu Fince bu kişi aslında Milliyetçi Çin'nin askeri teskilatında gizli servis çalışanı imiş. Komunistlere canı gönülden inanıp hizmet edip, "Güney Şincang"daki ajanların listesini teslim etmiş olsa da ölüm cezasına çarptırıldı.

[4] Dayım Durmuş Muhammed Ahun abi 1950'de Hindistan sınırından geçemeyip geri gelmişti. Tutuklanıp Yarkent hapishanesinde yatarken tesadüfen Pasar bey ile aynı hücrede bir gece kalmış. Pasar Bey kendi ağzı ile bu olayı anlatıp, herşeyin doğrusunu anlatmış olsam da yine cezalandırılacak gibi duruyorum diye dert yanmış. Durmuş Muhammed abi bunu dayım Abdulhamit Hacı'ya 1956'da Hoten hapishanesinde beraber yatarken anlatmış. Bana bunları Abdulhamit Hacı abi 1970'de anlatmıştı.

بېرىلدى.(4) خوتەندە، بىرىنچى قېتىملىق تازىلاش ھەرىكىتى جەريانىدا بىر كۈندىلا 52 كىشنى ئۇچۇق مەيدانغا باغلاپ، ئېلىپ چىقىپ بۇلاردىن 4 نى ئاتتى، 2 سىگە ئۆلۈم جازاسىنى بىريىل كېچىكتۈرۈپ ئىجراقىلىشقا ھۆكۈم قىلىندى. قالغانلىرىغا ئۆمۈربويىدىن 10 يىلغا قەدەر قاماق جازاسى بېرىلدى. بۇلارنى ئىقرارقىلماي، خىزمەت كۆرسەتمەي چىك تۇرۇۋالغانلار دېشكە بولامتى؟ ياق ئۇنداق ئەمەستى. چۈنكى، بۇلاردىن ۋالى نۇربەگ، كىچىگىدىن تارتىپ خىتايلار ئىچىدە چوڭ بولغان ئۆزىگە خىتايچە «خادۇ كىباڭ» دېگەن ئىسىم قويۇۋالغان، سىيى ئۆزىدىن بىرخىتايپەرەس داڭلىق بىر مىللىي خائىن ئىدى. ئۆز مەنپىئەتى ۋە مەنسىۋى ئۈچۈن، ئىپلاس نىيىتىدىن ۋازكەچمەيدىغان ۋىجدانسىز بىرى ئىدى. بۇنداق بىرسىنى، «ئۆز مەيداندا ياكى مەسلىگىدە چىڭ تۇرۇۋېلىشى» مۇمكىنمۇ؟ ئۆزىنى قۇتقۇزۇپ قىلىش ئۈچۈن، باشقىلارنى ھەق ۋەيا ناھەق بوھتان چاپلاپ، «خىزمەت كۆرسىتىپ، نەزىرىنى ئارقىغا قارىتىپ» ئۆرمايدۇ دېگىلى بولامدۇ؟ يەنەبىرسى مۇئاۋىن ۋالى لىۋفىنجە، بۇ ئەسلىدە گومىنداڭنىڭ ھەربىي سىستېمىدىكى مەخپىي ئاخباراتنىڭ ئادىمى ئىكەن. كوممۇنىستلارغا جان دىلى بىلەن ئىشىنىپ، خىزمەت كۆرسىتىپ، «جەنۇبىي شىنجاڭ» دىكى ئاگىنىتلىرى نىڭ تىزىمىنى تاپشۇرغان بىرسىمۇ ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى.

---

(4) تاغام، تۇردى مەھەممەت ئاخۇن ئاكام 1950 ـ يىلى ھىندىستان چېگرىسىدىن ئۆتەلمەي قايتىپ كەلگەندە قولغا ئېلىنىپ، يەركەن تۈرمىسىدا بىرمەزگىل ياتقاندا تەسادىپ پاسار بەگ بىلەن بىر كامېردا بىر كىچە قالغانىكەن. پاساربەگ، ئۆز ئاغزى بىلەن بۇ ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىپ، ھەممىنى راستىنى سۆزلەپ بەرسەممۇ يەنە، جازالىنىدىغان ئوخشايمەن دەپ، زارلانغان. تۇردى مەھەممەت ئاخۇن ئاكام، بۇنى تاغام ئابدۇلھەمىت ھاجىم غا 1956 ـ يىلى خوتەن تۈرمىسىدا بىرگە ياتقاندا ئېيتىپ بەرگەنىكەن. ماڭا بۇلارنى، ئابدۇلھەمىت ھاجىم ئاكام 1970 ـ يىلى سۆزلەپ بەرگەن.

Bu olaydan 15 yıl geçtikten sonra onun oğlu "siyaseti eyleme dönüştürme" eğitiminde babama ölüm cezası verilmesi Mao'nun "itiraf edenlere kolaylık ve hizmet edenlere ödül" emrine uygun mu?" diye büyük harflerle yazan duvar gazetesi çıkarıp babasının öz eleştirisini vermekle kalmayıp Milliyetçi Çin hükümetinin casuslarının isimlerini vererek büyük bir hizmet yaptığını söyleyerek konuyu gündeme getirdi.

Araştırılırsa benzer olaylar epey çoktur. Yine bütün siyasi ve toplumsal hareketlerde komunistler bu çeşit sahte ve ikiyüzlü siyaset politikalarını hep yürüttüler.

"Geçmişi soruşturmayacağız" sözleri de yukardakiler gibi aldatma perdesi olup, insanların geçmişi çok sıkı bir şekilde soruşturuldu ve her olayda geçmiş tarih, ailesinin yaptıkları yani sınıfsal pozisyonu esas alındı. Sınıfsal pozisyon ve toplumsal (aile) tarih denen söz komunizmin temel prensibi olan "sınıf mücadelesi" teorisinin ürünü ve Çin komunistlerinin bütün hareketlerinin özüydü.

Bu teoriye göre kişinin dedesi ve anneannesi nasıl kişiler ise onun evlatları da onlar gibi olur. Onların yürüdüğü yolda yürür. Yani geçmiş toplumlardaki üst tabakaya mensup, toprak sahibi nüfuslu ve zengin olmak, bunların hepsi suç olup bunların "hepsi düşman sınıfına" mensuptur. Bunların çocukları da (şimdiki medeni bakışın tam zıddı)

بۇ ھادىسىدىن 15 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى «سىياسەتنى ئەمەلىلەشتۈرۈش» ئۆگىنىشىدە، «دادامغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىشى، ماۋجوشىنىڭ ئىقرارقىلغانلارغا كەڭچىلىك ۋە خىزمەت كۆرسەتكەنلەرنى مۇكاپاتلاش دېگەن يولىيۇرۇقىغا ئۇيغۇن بولغانمىدى؟» دېگەن مەزمۇندا چوڭ خەتلىك تام گېزىتى يېزىپ، دادىسىنىڭ ئۆزمەسىلىسىنى تاپشۇرۇپلا قالماي گومىنداڭ جاسۇسلىرىنىڭ ئىسمىلىكىنى بېرىپ، چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەنلىك مەسىلىسىنى ئاشكارىلىدى.

ئىزدەپ كەلسەك، بۇنداق مىساللارناھايىتى كۆپ. يەنى، پۈتۈن سىياسى ۋە ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەردە كوممۇنىستلار بۇخىل ساختا ۋە ئىككى يۈزلۈك سىياسىتىنى ئىجرا قىلىپ كەلدى.

«ئۆتمۈشنى سۈرۈشتە قىلمايمىز» دېگىنىمۇ يۇقىرىدىكىلەرگە ئوخشاش ئالدامچىلىق پەردىسى بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئۆتمۈشى تازا سۈرۈشتەقىلىندى ۋە ھەرقانداق بىرئىشتا ئۆتمۈش تارىخى، ئائىلە كېلىپ چىقىش يەنى سىنىپى تەركىبىنى ئىنىقلاشنى ئاساسى ئورۇنغا قويىدى. سىنىپى تەركىبى ۋە ئىجتىمائىي(ئائىلە) كېلىپ چىقىشى دېگەن سۆز، كومۇنىزىمنىڭ ئاساسى پىرىنسىپى بولغان «سىنىپى كۆرەش» نەزىرىيىسىنىڭ مەھسۇلى ۋە خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ پۈتۈن ھەرىكەتلىرىنىڭ يادروسى.

بۇ نەزەرىيىگە ئاساسەن بىر كىشىنىڭ بوۋىسى - ئاتائانىسى قانداق ئادەم بولسا ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرىمۇ خۇددى ئۇلارغا ئوخشاش ئادەم بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ماڭغان يولىدا ماڭىدۇ. يەنى، ئۆتمۈش جەمئىيەتتىكى يۇقىرى قاتلامغا مەنسۇپ كىشى، يەرئىگىسى، نوپۇسلۇق ۋە باي بولۇش، بۇلارنىڭ ھەممىسى جىنايەت بولۇپ، بۇنداق كىشىلەرنىڭ ھەممىسى «دۈشمەن سىنىپى» غا مەنسۇپتۇر. شۇنداقلا بۇلارنىڭ ئەۋلاتلىرىمۇ( ھازىرقى مەيدانى ۋە كۆزقارىشىنى قەتئىي نەزەر)

sınıf mücadelesinin hedefleri olarak görülüyordu. Bu 27 yıl içinde bütün, siyasal, toplumsal eğitim, fen ve teknik politikalarında bu prensip esas alındı. Bu siyaseti katı uygulamayan yöneticiler "sınıfsal duruşu olmadığı için yanlışa saptı" diye, bazen de "kendiliğinden niteliği değişen unsur" diye suçlandı. Hatta bir kısmı sınıfsal düşman safına katıldı. Bu siyaseti tavizsiz uygulayanlar yani halkımızın "anasını bile satar", "şapkası istense kellesini getirir" diye adlandırdığı yalakalar "sınıfsal duruşu sağlam", "partiye sadık yoldaşlar" oldu. Komunist parti merkez komitesi tarafından bütün hareketlerin başlangıcında yayınlanan talimatlarda "sınıf mücadelesini tavizsiz yürütme" ye ayrı bir önem verilirdi. Ve Mao'nun şu teorisini hiç akıldan çıkarmamak öğütlenirdi.

1) Farenin yeni doğmuş daha gözü açılmamış (kör) ve daha tüyü bitmemiş yavrusu 7 günlük olduğunda duvar deler.

2) Simurg'un [Zümrüd-ü Anka kuşu] daha kanadı çıkmamış civcivi ejdarha ile dövüşür.

Komunistlerin sınıf mücadelesi teorisi devletin memur politikasının en önemli kısmı ve gece eğitimlerinin temel ölçüsü idi. Örneğin yukarıdaki gibi aile geçmişinde meselesi olan memurlar eğer sindirme şartını yani tutuklanma ya da işten kovulma koşullarını taşımıyorsa çalıştığı yerde nezarete atılıp, yönetici pozisyonuna terfi ettirilmiyordu. Meslek sahibi olanlar (benim gibi doktor olanlar) mesleki olarak yükseltilmiyordu. Bunlar gençler arasında ise üniversiteye alınmıyordu.

سىنىپى كۈرەشىنىڭ ئوبيېكتلىرى ھېساپلىنىدۇ. بۇ 27 يىل ئىچىدىكى پۈتۈن سىياسى، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي مائارىپ ـ پەن تەخنىكا سىياسەتلىرىدا بۇ پىرىنسىپ ئاساس قىلىندى. بۇ سىياسەتنى چىڭ تۇتمىغان رەھبەرلەر «سىنىپى كۆزقارىشى ياخشى» بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن خاتالاشتى. بەزىلىرى «ئاپىنىپ، سوپىتى ئۆزگەرگەن ئۇنسۇر» دېگەن قالپىقنى كىيدى. ھەتتا بەزىلىرى سىنىپى دۈشمەنلەر قاتارىغا قوشۇۋېتىلدى. بۇ سىياسەتنى تازا چىڭ تۇتقانلار، يەنى، خەلقىمىز«ئانىسىنىڭ ئەمچىكىنى كېسىدىغان، تەلپىكىنى ئېلىپ كەل دىسە، بېشىنى كىسىپ كېلىدىغانلار» دەپ ئاتىغان ياللاقچىلار، «سىنىپى مەيدانى مۇستەھكەم، پارتىيەگە سادىق يولداشلار» بولدى. پارتىيە مەركىزى كومىتىت تەرەپىدىن ھەرقېتىمقى ھەرىكەت باشلاش يوليۇرۇقىدا، سىنىپى كۈرەشنى «تازاچىڭ تۇتۇش» ئالاھىدە تەكىدلەنگەن ۋە ماۋ زەيدوڭنىڭ شۇ نەزەرىيىسىنى «ھەرگىز ئەستىن چىقارماسلىق» نى ئوختۇرغان؛

1 ـ ساچقاننىڭ يېگى تۇغۇلغان كۆزى ئېچىلمىغان (قارىغۇ) ۋە تېخى ئۈستىگە تۈك چىقمىغان بالىسى 7 كۈنلۈك بولغاندا تام تىشىدۇ.

2 ـ سىمۇرغ نىڭ تېخى قانىتى چىقمىغان چۈجىسى ئەژدەرھا بىلەن ئېلىشىدۇ.

كوممۇنىستلارنىڭ سىنىپى كۈرەش نەزەرىيىسى، دۆلەتنىڭ كادىرلار سىياستىنىڭ مۇھىم قىسمى ۋە ياش زىيالىلارنى تەربىيەلەش ـ ئۆستۈرۈش نىڭ ئۆلچىمى ئىدى. مەسىلەن؛ يۇقىرىقىدەك كېلىپ چىقىشىدە مەسىلىسى بار ھۆكۈمەت ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى ئەگەر، بېسىقتۇرۇش شەرتى يەنى، قولىغا ئېلىش ياكى خىزمەتتىن ھەيدەپ چىقىرىش شەرتى توشمىسا، ئىدارەسىدە نازارەت ئاستىدا ئىشلىتىپ، مەسئۇل ئورۇنغا ئۆستۈرۈلمىگەن. كەسپى ئورۇنلاردا بولسا (مەندەك دوختۇربولسا) تېخنىك جەھەتتە ئۆستۈرۈلمەيتتى. بۇلارجەمئىيەتتىكى ياشلاردىن بولسا، ئالىي مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىنمىغان،

Öğrenci teşkilatlarına da alınmıyorlardı. Öğrenciler "yeniden terbiye" için köylere gönderildiklerinde bunlar en uzak yerlerde en zor görevlerde kullanılıyordu.

Bu konuda başka örnek vermeye gerek yok çünkü ben ve ailem bunun canlı örnekleriyiz. Ben 21 yıl orta dereceli tıbbi memur (doktor) ünvanı ile çalıştım. Maaşım 48 yuan idi. Benim ile beraber okuyup çalışmaya başlayanlar bölüm yöneticisi hatta daire başkanı oldu, maaşları yükseldi. İşe gelince beni ön safa koydular. O dönemde Hoten'de il çapında ingilizce bilen benden başka kimse yoktu. 3 yabancı dil biliyordum. Çince tıbbi tecümem çok iyi olduğu için büyük bilimsel toplantılar için yapılacak tercüme işlerinde ben ön safta idim. Fakat bilimsel ilerleme için eğitime gönderilenlerin içinde yoktum. Maaş artış ve terfi toplantılarına beni çağırmıyorlardı. Sebep Emin'in yakın akrabası. Babası Emin taraftarlarının Hoten'deki yeraltı faaliyetlerinin arkasındaki adam. Geçmişte devrim karşıtı bir aile. Yurtdışında tahsil görmüş. Okuduğu okul casusluk okulu olabilir. Tarihi net değil. Gelişmelerden şikâyetçi, tehlikeli unsur. Ekonomik zorluk çekenlere 3 ayda bir yardım yapılırken benim yukarıdaki "mesele" defterim tekrar karıştırılarak yapılan psikolojik eziyet sıradan bir iş olmuştu. Bunlardan başka 5 yıl Hoten Tıp Fakültesinde öğretim görevlisi olarak çalışmış olsam da ek maaşım onaylanmadı. Sağlık bakanlığında 6 ay çalışıp "Uygur Milli Tıbbının Teorik Esasları"

ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىكى ئىجتىمائىي تەشكىلاتلىرىگە ئېلىنمىغان. ئوقۇغۇچىلار «قايتا تەربىيەئېلىش» ئۈچۈن، يېزىلارغا ئەۋەتىلگەندە ئۇنداقلار ئەڭ يىراق جايلاردا ئەڭ مۇشەققەتلىك ئىشتا ئىشلىتىلگەن.

بۇھەقتەباشقا مىسال كۆرستىشنىڭ ھاجىتى يوق. چۈنكى، مەن ۋە ئائىلەم بۇنىڭ جانلىق مىسالى. مەن 21 يىل ئوتتۇرا دەرىجىلىك تىببى خادىم ( دوختۇر) ئۇنۋانى بىلەن خىزمەتتە بولدۇم. ئايلىقىم 48 كوي ( 6 كىشىلىك بىرئائىلە) ئىدى. مەن بىلەن بىرگە ئوقۇپ، بىرگە خىزمەتكە كىرگەنلەر بولۇم باشلىقى ھەتتا ئىدارە باشلىقى بولدى. مۇئاشلىرى ئاشتى. ئىشقا كەلگەندە، مىنى ئالدىنقى قاتاردا قويۇدۇ. خوتەننىڭ شۇچاغلىرىدىكى شارائىتتا ۋىلايەت بويىچە ئىنگلىزچە بىلىدىغان مەندىن باشقىسى يوق. 3 خىل چەت ئەل تىلى بىلىمەن. خەنزۇچە تىببى تەرجىمىدە ياخشى بولغانلىقتىن چوڭ ئىلمي ييغىنلىرىدە تىببي ماتېرىياللارنى تەرجىمەقىلىشتا مەن ئالدىنقى قاتاردا. لېكىن، بىلىم ئاشۇرۇش ئۈچۈن، يۇقىرىغا ئەۋەتىلىدىغانلار ئارىسىدامەن بولمايمەن. مۇئاشنى ئۆستۈرۈش ئۇنۋان بېرىش يىغىنلىرىغا مېنى قاتناشتۇرمايدۇ. سەۋەب: ئىمىنىنىڭ يېقىن تۇققىنى، دادىسى ئىمىن تەرەپتارلىرىنىڭ خوتەندىكى يەرئاستى پائالىيەتلىرىنىڭ ئارقىسىدىكى ئادەم،كېلىپ چىقىشى ئەكسىلئىنقىلاپچى ئائىلە، چەت ئەلدە ئوقوپ كەلگەن، ئوقۇغان مەكتىبى جاسۇسلۇق مەكتەب بولۇشى مۇمكىن. تارىخى ئېنىق ئەمەس، زامانغا نارازى خەتەرلىك ئۇنسۇر. ئىقتىسادىي جەھەتتە قىينىچلىقى بولغانلارغا ھەر 3 ئايدا بىر ياردەم باھالاشتا، مېنىڭ يۇقىرىقى «مەسىلە» دەپتىرىمنى تەكرار ۋاراقلاپ، بىرروھىي زەرەبە بېرىش ئادەتكە ئايلىنىپ قالغان. بۇلاردىن باشقا 5 يىل خوتەن تىببى مەكتەپتە مۇئەللىملىك ۋەزىپىسگە چىقارغان بولسىمۇ، قوشۇمچە مۇئاشىمنى تەستىقلىمىدى. سەھىيەنازارىتىدە 6 ئاي ئىشلەپ « ئۇيغۇرمىللي تىبابەتنىڭ نەزەرىيە ئاساسلىرى»

adlı kitabı tercüme ettim. Hoten İl Sağlık Müdürlüğü'nden "siyasi şartı uygun olmadığı için kitaba ismi yazılmasın" diye talimat geldiği için kitaba adım yazılmadı. 27 yıl orta dereceli doktor ünvanında kaldım. Türkiye'deki şartlarla karşılaştırıldığında burda muhtemelen profesör olmuştum.

Demek ki Çin komunistlerinin "sınıf düzeni" ve "sınıf mücadelesi" siyaseti bir "topal lanet"ti. Buna maruz kalanlar her türlü insani haktan mahrum olmaya mahkûm idi. Bunun yukarıda anlatılanlardan bir diğer örneği: 1958'den 1969 yılına kadar Doğu Türkistan'ın Tarım Havzası ve Çerçen kumluklarında sözde "çiftçilik meydan"larına 500.000 kadar genci Çin'in Tencin ve Ohen gibi büyük şehirlerinden getirip "yeniden terbiye etme", "fakir çiftçilerden öğrenip sınıfsal bakışını değiştirme" diye süslü isimlerle şekli değişmiş ceza kamplarında çok ağır işlerde çalıştırdılar. Bu gençler lise veya üniversitede okuyan öğrenciler olup, Çinin iç kısımlarındaki büyük sanayi şehirlerindeki zenginlerin, toprak sahiplerinin veya üst tabakaya mensup ailelerin çocukları, "anne babaları proleterya diktatörlüğü tarafından darbe vurulan yani öldürülen veya hapse atılan gençler" idi. Bunlar zor şartlarda tarım arazisi açmak gibi en ağır işlerde hayvan gibi kullanıldı. Ağır fiziki ve psikolojik işkence altında bunların bir kısmı intihar etti. Bir kısmı kaçmaya çalışırken geçit vermez Taklamakan çölünde öldü. 1967 yılında bu durum bütün Çin içinde umumi şikâyetlere neden oldu. Hatta

دېگەن كىتابنى تەھرىرلەپ چىقتىم. خوتەن ۋىلايەتلىك سەھىيە ئىدارىسىدىن.، «سىياسى شەرتى ئويغۇن بولمىغانلىقتىن كىتابقا ئىسمى يېزىلمىسۇن» دەپ، ئۇختۇرۇلغانلىقتىن بۇ كىتابتا ئىسمىم يېزىلمىدى. 27 يىل ئوتتۇرا دەرىجىلىك دوختۇر ئۇنۋانىدا قالدىم. تۈركىيىدىكى ئەھۋالغا سېلىشتۇرغاندا، بۇ يەردە بولغان بولسام ئاللىقاچان پروفېسسۇر ئۇنۋانى ئالىدىكەنمەن.

دېمەك، خىتاي كوممۇنىستلارنىڭ «سىنپى تەركىپ» ۋە « سىنپى كۈرەش» سىياستى بىر «توقى لەنەت» ئىدى. بۇنىڭغا نىسىپ بولغانلار ھەرقانداق ئىنسانى ھوقۇقتىن مەھرۇم بولىشقا مەھكۇم ئىدىلار. بۇنىڭ يۇقىرىقىلاردىن باشقا مىسالى؛ 1958 دىن 1969 ـ يىلىغا قەدەر شەرقىي تۈركىستاننىڭ تارىم ۋادىسى ۋە چەرچەن قۇملۇقلىرىدا قۇرۇلغان ئاتالمىش «دېھقانچىلىق مەيدان» لىرىغا 500 يۈزمىڭدەك ياشلارنى خىتاينىڭ شاڭخەي، تەنجىن ۋە ئوخشەن قاتارلىق چوڭ شەھەرلەردىن ئېلىپ كېلىپ، «قايتا تەربىيەلەش»، «كەمبىغىل دېھقانلاردىن ئۆگىنىپ، سىنپى كۆزقارىشىنى ئۆزگەرتىش» دېگەن چىرايلىق ناملار بىلەن شەكلى ئۆزگەرگەن جازا لاگىرلىرىدە ناھايىتى ئېغىر جىسمانى ئەمگەكتە ئىشلەتتى. بۇ ياشلار تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە يا ئالى مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلىرى بولۇپ، خىتاي ئىچىدىكى چوڭ سانائەت شەھەرلىرىدىكى بايلارنىڭ، يەرئىگىلىرىنىڭ ۋە يا يۇقىرى دەرىجىلىك مەنسەپدارلارنىڭ باللىرى ئاتا ـ ئانالىرى «بۇرژۇئازىيە دېكتاتۇرلىقى» تەرەپىدىن زەربە بېرىلگەن يەنى، ئۆلتۈرۈلگەن ۋەيا قامالغان ياشلار ئىدى. بۇلار قىيىن شارائىتتا بوزيەر ئېچىشتەك ئەڭ ئېغىر جىسمانى ئەمگەكتە ھايۋان كەبى ئىشلىتىلدى. ئېغىر جىسمانى ۋە روھىي ئازاب ئاستىدا بۇ لاردىن بىرقىسمى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. بىرقىسمى قاچىمىز دەپ، پايانسىز تەكلى ماكان چۆللەردە ئۆلدى1967. ـ يىلى بۇ ئەھۋال پۈتۈن خىتاي ئىچىدە ئومۇمىي نارازىلىققا سەۋەپ بولدى. ھەتتا،

Cu In Ley (Başbakan) bu durumu eleştirip, "kişi ailesini yani nasıl bir insanın evladı olacağını tayin edemez. Ama yürüyeceği yolu ve kimi örnek alacağını kendi belirleyebilir. Onun için gençleri eğitirken ve milli eğitim politikalarında "onların hangi aileden geldiklerine çok fazla takılmamak lazım. Onların kendi kendilerini değiştirmelerine fırsat tanımak lazım" demişti. Ondan sonra bu işler biraz hafiflemiş ve düzelmiş olsa da daha sonra bu sözler kızıl muhafızlar tarafından "burjuva vekilin sözü" diye eleştirildi.

İşte yukarıda anlatılanlar komunistlerin sindirme hareketlerindeki siyaseti. Bugün Ankara'da bunları yazarken gayri ihtiyari gözümün önünden vatanımdaki o hadiseler bir bir geçmeye başladı. Haksız suçlamalar, dehşetli zulüm ve katliamlara maruz kalan yüzbinlerce vatandaşım insan hakları, hukuk, kanun, bireysel özgürlük, fikrini açıkça ifade edebilme ve kendini savunmadan mahrum. Zulüm ve haksızlıklara, etnik ayrımcılığa uğrayan vatandaşlarım komunist diktatörlük rejimine karşı fikir beyan etme suç olduğu için bütün dünyayı Marks, Lenin ve Mao'nun batıl ideolojik dairesi içinde gösteren eğitime mecbur bırakılan insanlar gözümün önüne geldi. Bugün Türkiye'de demokrasinin adalet ve insanca yaşama hukukunun ne olduğunu gördüğümde memleketimin insanlarının başından geçen bu dönem hakikaten sanki ateş içinde yaşamak gibiydi. Rabbimden onları bu felaket durumdan bir an önce kurtarmasını diledim.

جۇئىنلەي(باش مىنىستىر) بۇنى ئىشنى تەنقىت قىلىپ، «كىشىلەر ئۆزىنىڭ كىيىپ چىقىشىنى يەنى، قانداق ئادەمنىڭ بالىسى بولۇشىنى ئۆزى بەلگىلىيەلمەيدۇ. ئەمما، قانداق يولدا مېڭىش ۋە كىمگە ئەگىشىپ مېڭىشنى ئۆزى بەلگىلىيەلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ياشلارنى تەربىيەلەشتە ۋە مۇئامىلە سىياسىتىدە ئۇلارنىڭ ئائىلە كېلىپ چىقىشىغا ئانچە ئېسىلىۋالماسلىق كېرەك. ئۇلارنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئۆزگەرتىشكە پۇرسەت بېرىش لازىم.» دېگەن. بۇنىڭ بىلەن بۇ ئىشلەر بىر ئاز پەسەيگەن ۋە تۈزۈتىلگەن بولسىمۇ كېيىنچە، بۇ سۆزلار قىزىل مۇھاپىزەتچىلار تەرەپىدىن « بۇرژۇئازىيە ۋەكىلىنىڭ سۆزى» دەپ تەنقىت قىلىندى .

مانا، يۇقىرىدىكىلار كوممۇنىستلارنىڭ بېسقتۇرۇش ھەرىكەتلىرىدىكى سىياسىتى. بۈگۈن، ئەنقەرەدە بۇلارنى يېزىپ ئولتۇرۇپ، ئىختىيارسىز كۆزئالدىمغا ۋەتىنىمدىكى ئۇ ھادىسەلەر بىر- بىرلەپ كەلگىلى تۇردى. ناھەق بۆھتانلارغا، دەھشەتلىك زۇلۇم ۋە قىرغىنچىلىقا ئۇچرىغان يۈزمىڭلىغان مىللەتداشلىرىم. ئىنسان ھوقۇقى، ئادالەت، قانۇن، كىشىلىك ئەركىنلىك، پىكىر بايان قىلىش ۋە ئۆزىنى ئاقلاش دېگەنلەردىن مەھرۇم ئىنسانلار. زۇلۇم ۋە ھەقسىزلىكلەرگە، مىللىي ئېزىلىش ۋە ھاقارەتكەئۇچرىغان ۋەتەنداشلىرىم، كوممۇنىست دېكتاتور تۈزۈمگە نارازلىق پىكرى بايان قىلىش «جىنايەت» دەپ ھېساپلىنىپ، پۈتۈن دۇنيانى ماركس - لېنىن ۋە ماۋنىڭ باتىل كۆزقارشلىرى رامكىسى ئىچىدەئۆگىنىشكە مەجبۇرقىلىنغان ئىنسانلار كۆز ئالدىمغا كەلدى. بۈگۈن، تۈركىيەدە دېمۇكراتىيىنىڭ، ئادالەتنىڭ ۋە ئىنسانچە ياشاش ھوقۇقىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى كۆرگىنىمدە، مەملىكەتىم خەلقىنىڭ بېشىدىن كۆچۈرگەن بۇ دەۋرى ھەقىقەتەن خۇددى ئوت ئىچىدە قالغاندەك دەۋر ئىدى! ئاللاھ دىن ئۇلارنىڭ بۇ پالاكەتلىك ئەھۋالدىن پاتراق قۇتۇلۇشنى تىلىدىم.

Tam o anda gözüm pencereden dışarıya ilişti. İnşaat halindeki bir binanın dış cephesine Türkçe "kurtuluş için mücadele edelim" manasına gelen büyük harflerle yazılmış bir pankart asıldığını gördüm. Altında Halk Kurtuluş Ordusu diye yazılmıştı. Yine düşüncelere dalmaya başladım. "Kurtuluş için mücadele edelim" Türkiye'de gizli faaliyet gösteren komunistler ve onların yandaşlarının sloganı idi. Yani böyle özgür, hür ve adaletli bir devletten "kurtuluş" ve benim 27 yıl yaşayıp geldiğim "sahte halkçılık", "yalan refah" ve "birlikteliğe" benzeyen ikiyüzlü dinsiz iğrenç bir toplumda yaşamayı hedeflemek idi. Bunlar hakikaten aldanmış insanlar idi. Tıpkı vatanımızdaki komunist rejimin ilk yıllarında bunlara aldanan halkımızın çoğunluğu gibi. Halkım şimdi gerçeği anlamış olsa da iş işten geçmişti. Diktatör bir parti hâkimiyetindeki kızıl imparatorluk işkenceleri çok sıklaşmıştı.

Yukarda komunistlerin sindirme siyasetleri hakkında bilgi verdim. Bundan sonra sindirme hareketindeki yöntemleri hakkında bilgi vereceğim.

## Organizasyon

Hareket başlamadan önce herkes bir düzen ve tertip altına alınıyordu. Örneğin devlet daireleri, fabrikalar kendi sistemlerine göre gruplara ayrılıyordu. Yarım gün çalışıp, yarım gün veya işten sonra harekete ilişkin faaliyetler icra ediliyordu. İzin istemek yok, köylerde çiftçiler ekim zamanında öğlen dinlenme saatinde tarlada bir yere toplanıp, akşam ise işten yorgun argın geldiklerinde köyde bir alanda

شۇ پەيتتە دەرىزىدىن تاشقىرىغا كۆزۈم چۈشتى. يېڭى سېلىنىۋاتقان بىربىنانىڭ تېمىغا تۇركچە «قۇرتۇلۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى!» دېگەن مەنىدىكى چوڭ خەتلىك بىر شۇئار يېزىلغانلىقىنى كۆردۈم. ئاستىغا، خەلقىنىڭ قۇرتۇلۇشى تەشكىلاتى دەپ يېزىلغانىدى. يەنە خىيال قىلىشقا باشلىدىم: «ئازاتلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى!»، تۈركىيىدە يۈشۈرۈن پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان كوممۇنىستلار ۋە ئۇلارنىڭ ياندائچىلىرىنىڭ شۇئارى ئىدى. يەنى، شۇنداق ئەركىن، ھۆر ۋە ئادالەتلىك بىر دۆلەتتىن « قۇرتۇلۇش» ۋە مەن 27 يىل ياشاپ كەلگەن، ساختىا «خەلقچىلىق»، «يالغان پاراۋانلىق»، ۋە«بەراۋەرلىك»كە ئوخشاش ئىككى يۈزلىك دىنسىز يىرگىنچ بىرجەمئىيەتكە يېتىشىشنى نىشان قىلغانلىق ئىدى. بۇلار ھەقىقەتەن ئالدانغان ئىنسانلار ئىدى. خۇددى ۋەتىنىمدىكى كوممۇنىست رېژىمىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا كۆپلىگەن خەلقىمىزنىڭ ئالدانغىنىغا ئوخشاش.. ..خەلقىم ئەمدى ھەقىقەتنى چۈشەنگەن بولسىمۇ ۋاقىت ئۆتكەنىدى. قىزىل ئىمپېراتورنىڭ دېكتاتوربىر پارتىيە ھاكىمىيىتىنىڭ ئىشكەنچىلىرى بەك چىڭىپ كەتكەنىدى .

يۇقىرىداكوممۇنىستلارنىڭ بېسقتۇرۇش سىياسەتلىرى ھەققىدە توختالدىم. تۆۋەندە بېسقتۇرۇش ئۇسۇللىرى ھەققىدە توختىلمەن؛

تەشكىللەش: -

ھەربىكەتنىڭ باشلىنىش ئالدىدا پۈتۈن كىشىلەر بىرتەشكىل تەرتىپ ئاستىغا ئېلىنىدۇ. مەسىلەن، ئىدارە جەمئىيەتلەر فابرىكالار ۋە ئۆز سېستىمى بويىچە گۇرۇپپىلارغا ئايرىلىدۇ. يېرىم كۈن ئىشلەپ يېرىم كۈن ۋە يا ئاخشاملىرى ئىشتىن چۈشكەندىن ھەربىكەت پائالىيىتى ئېلىپ بارىدۇ. رۇخسەت سوراش يوق. يېزىدا دېھقانلارنى تېرىلغۇ زامانىسدا چۈشلۈك ئىستىراھەت ۋاقىتلىرىدا، ئېتىز بېشىدا بىريەرگە توپلاپ، ئاخشامدا ئىشتىن ھېرىپ كەلگەندە يېزا بىرجايغا

toplanıp eğitime katılmaya mecbur ediliyorlardı.

## Eğitim

Oluşturulan gruplara öncelikle ilgili seferdeki hareket hakkında Parti'den gelen talimatlar anlatılıyordu. Bu andan itibaren hergün eğitim başlamadan önce yoklama yapılıyordu. Gelmeyenler ertesi gün soruşturuluyordu. Mazeretsiz katılmamak mümkün değildi. Böylelerine "harekete bozgunculuk yapanlar" diye ceza veriliyordu. Hatta bütün gün akşama kadar tarlada çalışıp yorgun düşmüş kişiler biraz mırın kırın etse bu harekette "pasif pozisyon" alma diye eleştiriliyordu. Gündüz tarlada çalışıp yorulmuş biçareler akşamdan sabah tan yeri ağarana kadar devam eden "eğitim" toplantılarında uyuyakalsa komunistler tarafından terbiye edilip yetiştirilen "aktifler" onların üstüne su döküyor, başlarına tekme atıyor ve burnuna buğday sapı tıkıyorlardı. Hareketin başlangıcından itibaren insanların başka yere seyahat etmeleri yasaklanıyordu. Hatta bazen çiftçilerin haftada bir Pazar günleri şehre inme gelenekleri bile yasaklanmıştı. Yani memleket açık bir cezaevine dönüşmüştü. Böylece hareket sırasında normal işini aksatan veya işe geç gelenler "harekete karşı olanlar" diye "mücadeleye" tabi tutuluyorlardı. Bu tür "eğitimler" aslında genel katılımlı toplantılardan ibaret olup 4 aydan 6 aya kadar devam ediyordu. Bazen 21 yıl devam edenleri de oluyordu.

## Pozisyonunu İlan Etme

Talimatlar verildikten ve dağıtılacak kitaplar bittikten sonra

توپلاپ، ئۆگىنىشكە قاتنىشىشقا مەجبۇر قىلغان.

**ئۆگىنىش: -**

تەشكىللەنگەن گۇرۇپپىلار ئاساسىدا، شۇ ۋاقىتمىقى ھەرىكەت ھەققىدىكى پارتىيە مەركىزىنىڭ يولىيورۇقلىرى ئۆگىنىلىدۇ. بۇ باسقۇچتىن تارتىپ، ھەركۈنلۈك ئۆگىنىش باشلىنىش ئالدىدا يوقلىما قىلىنىدۇ. كەلمىگەنلەرئەرتىسى سوراۋشتە قىلىنىدۇ. سەۋەپسىز كەلمەسلىك مۇمكىن ئەمەس. بۇنداقلارغا « ھەرىكەتكە بۇزغۇنچىلىق» قىلغۇچىلار» دەپ چارە كۆرۈلىدۇ. ھەتتا، بىر كۈن كەچكىچە ئېتىزدا ئىشلەپ، چارچاپ كەتكەن كىشىلەر بىرئاز سۇسلىشىپ ۋەيا مۈگدەپ قالسا بۇنى، ھەرىكەتكە « پاسسىپ پوزىتسىيە» تۇتقانلىق دەپ تەنقىت قىلىنىدۇ. كۈندۈزى ئېتىزدا ئىشلەپ ھېرىپ قالغان بىچارىلار كېچە تاڭ ئاتقۇچە داۋام قىلغان « ئۆگىنىش» يىغىنلىرىدا ئۇخلاپ، قالسا كوممۇنىستلار تەربىيلەپ يېتىشتۈرگەن « ئاكتىپ» لار ئۇلارنىڭ ئۈستىگە سۇقويغان، بېشىغا تەپكەن ۋە بۇرنىغا بۇغداي قىلتىرىقى تىققان. ھەرىكەت باشلانغاندىن تارتىپ،كىشىلەرنىڭ باشقا جايلارغا بېرىشى مەنئى قىلىنىدۇ. ھەتتا، بەزى چاغلاردا دېھقانلارنىڭ بازاركۈنلىرى ھەپتىدە بىرقېتىم شەھەرگە كىرىش ئەنئەنىۋىي ئادەتلىرى مۇ چەكلەنگەن. يەنى، يۇرت بىرتۇتقۇنلار لاگىرىغا ئايلانغان. شۇنداقلا ، ھەرىكەت جەريانىدا نورمال خىزمەتىدە سۇسلۇق قىلغان، ئىشقا كېچىكىپ قالغانلارنى ھەرىكەتكە نارازى بولغانلاردەپ، «كۆرەش» قىلىنىدۇ. بۇ خىل «ئۆگىنىش» لار ماھىيەتتە ئۇمۇمىيۈزلۈك يىغىپ تەربىيلەش بولۇپ، 4 ئايدىن 6 ئايغىچە داۋام قىلغان. بەزىدە 2-1 يىل داۋام قىلغانلىرىمۇ بولغان.

**پوزىتسىيە بىلدۈرۈش : -**

ئاڭلىتىدىغان يولىيورۇقلىرى ئوقۇپ بېرىدىغان كىتاپلىرى قالمىغاندا

herkesin "pozisyonunu bildirme" yani ifade beyan etme safhası başlatılıyordu.

Bu safhalara farklı zamanlarda değişik isimler verildi. Örneğin ilk başta bunları "Şakıyıp açılma", "herkes yarışırcasına şakısın", "bütün güller birden açılsın", "herkes geçitten geçsin", "paçaları sıvayıp mücadeleye atılma" diye isimler vererek makyajladılar. Bu herkesi sırayla elden geçirmek demekti. Sırayla önceden belirlenen kişi bütün hayatını, yaptıklarını, hayallerini, fikirlerini toplantıda ortaya çıkıp anlatıyordu. Bu iş bazı kişilerde bir seferde bitse de bazılarınınki birkaç seferde ancak bitiyordu. Her harekette kendine özgü ayrı bir özellik olsa da umumen herkes geçmişini ve şimdiki ideolojik durumunu anlatmaya mecbur idi. Önceki hareketlerde söylenenler arşivde saklanırdı. Yeni bir hareket geldiğinde bir önceki harekette şöyle demişti, şimdi böyle dedi diye şuçlanıp "mesele" bulmaya çalışılırdı. Böylece o kişi bir süre haksız suçlamalardan başını kaldıramazdı. Sonraki yıllarda yapılan hareketlerde halkımız bunu tam yerinde bir tespit ile "komunistlerin öküz altında buzağı araması" ve bu işler için komunistlerin özel yetiştirdiği "aktif yalakaları" "çamur at izi kalsın" diyenler diye adlandırdılar.

## İfşa Etme Safhası

Bu safhada kendisi konuşup yorgunluktan konuşmaya takati kalmayan kişi hakkında başkaları gördüğü, bildiği, tahmin ettiği veya şüphelendiği,

ھەربىر كىشىنىڭ «پوزىتسىيە بىلدۈرۈش» يەنى، ئىپادە بايان قىلىش باسقۇچى باشلىنىدۇ. بۇ باسقۇچلار ئوخشاش بولمىغان دەۋرلەردە باشقا ـ باشقا ناملار بىلەن ئاتاندى. مەسىلەن؛ دەسلەپتا بۇنىڭغا «سايراپ ـ ئېچىلىش»، «ھەممە بەس ـ بەستە سايراش»، «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش»، «ھەر كىشى ئۆتكۈلدىن ئۆتۈش»، « قول ـ بەدەننى يۇيۇپ كۆرەشكە ئاتلىنىش» دېگەن نام بىلەن پەدەزلەندى. بۇ دېمەك، ھەر كىشىنى بىردىن چىغرىقتىن ئۆتكۈزۈش دېگەن سۆز. نۆۋەت بىلەن بىر كۈن بۇرۇن ئوختۇرۇش قىلىنغان كىشى ئۆزىنىڭ پۈتۈن ھاياتىنى، قىلمىشلىرىنى، ئويلىغانلىرىنى، چۈشەنچىلىرىنى مەجلىستە ئوتتۇرىدا تۇرۇپ، سۆزلەيدۇ. بۇ ئىش بەزى كىشلەردە بىرقېتىم بىلەن تۈگىسە، بەزىلەر بىرقانچە قېتىمدا ئاران تۈگىتىدۇ. ھەرقېتىمقى ھەرىكەتتە ئۆزىگە خاس باشقا بىر ئالاھىدىلىك بولمىسىمۇ ئومۇمەن ھەربىر كىشى ئۆتمۈشىنى ۋە ھازىرقى ئىدىيۋىي ئەھۋاللىرىنى سۆزلەشكە مەجبۇر. ھەرقېتىمقى ھەرىكەتتە سۆزلىگەنلىرى ئارخىپتا ساقلىنىدۇ. يانا بىر ھەركەت كەلگەندە، ئۆتكەنكى ھەرىكەتتە مۇنداق دېگەن ئەمدى مۇنداق دېدى دەپ، پۈتاق چىقىرىپ « مەسىلە» تېپىشقا ئۇرۇنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى بىرمەزگىل ناھاق بۇھتانلار ئىچىدە بېشىنى كۆتۈرەلمەيدۇ. كېيىنكى يىللاردا ئېلىپ بېرىلغان ھەرىكەتلەردە خەلقىمىزبۇنى دەل جايىدا تەسۋىرلەپ، كوممۇنىستلارنىڭ «تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرۈشى» ۋە بۇئىشلاردا كوممۇنىستلار نىڭ مەخسۇس تەربىيلەپ يېتىشتۈرگەن «ئاكتىپ» غالچىلىرىنى «يىرىق يەردىن پۈتاق چىقىرىدىغان» لار دەپ لەقەم قويدى.

**پاش قىلىش باسقۇچى: ـ**

بۇ باسقۇچتا ئۆزى سۆزلەپ، ھېرىپ سۆزلەيدىغان سۆزى قالمىغان چاغدا، باشقىلار ئۇنىڭ ئۈستىدە كۆرگەن ـ بىلگەن، سەزگەن ۋەيا گۇمان قىلغان

bu seferki harekete aykırı söz ve davranışlarını ortaya koyup ifşa etme başlıyordu. Bu iş toplantıda ortaya çıkıp konuşmaktan öte bunu bütün devlet dairelerine hatta bütün şehir halkına duyurmak amacıyla dazıbav ( bu çince bir kelime olup, büyük harfli duvar gazetesi demektir) çıkarıp duvarlara yapıştırılıyordu. Duvar gazetesi kişinin çalıştığı kurumun duvarlarına yapıştırılyor, tayini çıkmışsa gittiği yere götürülüp oraya asılıyordu. Bu duvar gazetesi denen nesne boyu 1 metre eni yarım metre gelen bir tahta içindeki kâğıda büyük harflerle basılan yazılar olup, devlet dairelerin koridor duvarlarına, meydanlara, bazı özel durumlarda sokaklara pazarlara ip çekip asılarak debdebeli bir atmosfer meydana getiriliyordu.

İçerik olarak ilk başta rastgele bir konu hakkında "falan kişi hakkında ihbarım" veya "falan kişinin kirli çamaşırlarını ortaya çıkarıyorum" veya "falan denen aslında kim" diye ihbar ederek kırmızı yeşil renkler ile yazılıp yapıştırılıyordu. "Duvar gazetesi" rüzgârının bu kadar yaygınlaşmasında Mao'nun yardımcısı Lin Bı Yav'ın herkesten şüphelenilebilir, kim kimin hakkında ne derse kabul" sözleri "ateşe benzin dökmek" gibi bir etki yaptı ve bütün yurt "dazıbav" denizine gark olmuş gibi bir manzaraya büründü. Dazıbav çıkarma başlarda umumi olup, daha sonra parti teşkilatları tarafından tayin edilen kişiler üzerine odaklandı ve o kişiler hakkında ihbar etme füryası başladı. Bu safhada, eğitime katılan herkesin ihbarda bulunması şarttı. Kim ihbar etti, kim etmedi bunları

بۇقېتىمقى ھەرىكەتكە خىلاپ سۆز ھەرىكەتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، پاش قىلىش، باشلىنىدۇ. بۇ ئىش مەجلىستە ئوتتۇرىغا چىقىپ سۆزلەشتىن تاشقىرى بۇنى پۈتۈن ئىدارە ھەتتا پۈتۈن شەھەر خەلقىنىڭ ۋاقىپلاندۇرۇش مەقسىدى بىلەن، دازىباۋ(بۇختايچە سۆز بولۇپ، چوڭ خەتلىك تام گېزىتى دېگەن بولىدۇ) يېزىپ چاپلاش ئۇسۇلى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدۇ. (تام گېزىتى) نىڭ دائىرىسى، ئۆزى ئىشلىگەن ئورۇننىڭ تاملىرىغا چاپلاش. يۆتكۈلۈپ كەتكەن بولسا، يۆتكىلىپ بارغان جايىغا ئاپىرىپ چاپلاش. بۇ تام گېزىتى دېگەن نەرسە بويى1 مېتىر ئېنى يېرىم مېتىر كېلىدىغان بىرتاختا قەغەزگە يوغان قىلىپ يېزىلغان خەتلەر بولۇپ، ئىدارە ئىچىدىكى كارىدۇرتاملىرىغا، مەيدانلارغا ئالاھىدە جازا ياساپ بۇلارغا ھەتتا، رەستە ـ بازارلارغا ئاغامچا تارتىپ، چاپلاپ ئېسىش بىلەن داغدۇغلۇق بىر توس پەيدا قىلىنغان.

مەزمۇن جەھەتتە؛ دەسلەپتا، ئۇدۇل كەلگەنلا بىرمەزمۇندا (پالان كىشى ھەققىدە پاش قىلىشىم) ياكى ( پالان كىشىنىڭ ئەپتى بەشىرىسىنى ئاچىمەن) ۋە يا ( پالانى دېگەن كىم؟) دېگەن باش ماۋزۇ بىلەن ئالا ـ يېشىل رەڭلەر بىلەن بوياپ يېزىپ چاپلىنىدۇ. (تام گېزىتى) دولقۇنىنىڭ تەلۋىلەرچە يامراپ كېتىشىدە، ماۋنىڭ ياردەمچىسى لىنبياۋنىڭ ، ھەرقانداق كىشىدىن شەكلىنىشكە ـ گۇمانلىنىشكە بولىدۇ، كىم كىمنىڭ ئۈستىدە نېمە دەپ يازسا مەيلى)، دېگەن يولىيۇرۇقى (ئوتنىڭ ئۈستىگەياغ چاچقان) دەك تەسىر پەيدا قىلدى ۋە پۈتۈن يۇرت ( دازىباۋ) دېڭىزىگە غەرق بولۇپ كەتكەندەك بىرمەنزىرە بارلىققا كەلدى. دازىباۋ يېزىش دەسلەپتە ئومۇمىيۈزلۈك بولۇپ، كېيىنچە پارتىيە تەشكىلى تەرەپىدىن كۆرسىتىپ بەرگەن كىشى ئۈستىدە مەركەزلىشىدۇ ۋە ئۇكىشلەر ئۈستىدە پاش قىلىش باشلىنىدۇ. بۇ باسقۇچتا، ئۆگىنىشكە قاتناشقان ھەربىر كىشى(پاش قىلىش) ى لازىم. كىم سۆزلىدى؟كىم سۆزلىمىدى؟ بۇلارنى

kaydedilip 2-3 günde bir gözden geçiriliyor ve sesi çıkmayanlar adam ediliyordu. İfşa etmede esas alınan siyaset "herkes istediğini söyleyebilir söyleyende hata yoktur, dinleyen doğru anlamalı düzeltilecek hususları dikkate almalıdır" diye talimat verilmişti. Böyleceheryerde fitne kazanı kaynamaya başladı. Bunun amacı insanlar arasında birbirine itimatsızlık, şüphe ve birbirinden çekinme gibi bir psikoloji oluşturmaktı. Kim hakkında olursa olsun, ne hakkında olursa olsun bir şey söyleme veya birisi hakkında fikir beyan etme ve konuyu siyaset ve düzene karşı tarafa çekme, bunlara dair birkaç komik örnek;

"Falan kişi yolda giderken bir Çinli çocuğu görüp, bakın şu sümüklüye" dedi. Bu onun abi millete olan düşmanlığını ve etnik milliyetçilik ideolojisine sahip olduğunu gösteriyor. "Falan kişi hergün evde Legmen yiyor". Bu onda burjuvazinin tenperestlik düşüncesinin varlığının ifadesidir. "Falan kişi hatıra defterine "havayı bulut bastı ay görünmüyor" şiirini yazdı." Bu onun komunist parti hâkimiyetini buluta benzetmesi demek ve benzerleri. Bunlar sıradan olaylar, eğer konu hedefteki kişi ile ilgili ise işin rengi değişiyordu.

Bu safha 1-2 ay devam etti. Böyle zamanlarda insanlar benim hakkımda kim ne der? Hangi suçlamalara uğrayacağım diye endişe ve gam içinde kalırdı. Bugün ne olacağını yarın hangi ihanete uğrayacağını bilmeden bir dehşet içinde kalırdı. Hergün sabah

خاتىرلەپ 2، 3 كۈندە بىر خۇلاسە قىلىپ، جىم ئولتۇرۇۋالغانلارنىڭ ئەدىۋى بېرىلىدۇ. پاش قىلىشتا ئاساس قىلىنىدىغان سىياسەت «كىم نېمە دەپ سۆزلىسە مەيلى، سۆزلىگۈچىدە خاتا يوق يوق. ئاڭلىغۇچى تۈزۈتۈپ ئاڭلاش، بولسا تۈزىتىش بولمىسا دىققەت قىلىش» دەپ بەلگىلەپ بېرىلگەن.شۇنىڭ بىلەن ھەممە يەردە بىر پىتنە قازىنى قايىنتىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلگەن. بۇنىڭدىن مەقسەد، كىشىلەر ئارىسدا بىر- بىرىگە ئىشەنمەسلىك، گۇمانلىنىش ۋە بىر- بىرلىرىدىن ئۈركۈشكە ئوخشاش بىررۇھىي (پىسىخولوگىك) ھالەت پەيدا قىلىش. مەيلى كىم بولسا بولسۇن، مەزمۇنى نېمە بولسا بولسۇن بىرنەرسە سۆزلەش ۋە يا بىرسىنىڭ ئۈستىدە پىكىر بايان قىلىش ۋە مەسىلىنى سىياسەت ۋە تۈزۈمگە نارازىلىق تەرەپكە قارىتىش. بۇلاردىن بىرقانچە كۆلكۈلۈك مىسال؛

« پالانى يولدا كېتىۋېتىپ، بىرخەنسۇ بالىنى كۆرۈپ، قاراڭلا ئاۋ ماڭقىنى دېگەن. بۇ ئۇنىڭ ئاكا مىللەتكە بولغان ئۆچمەنلىكىنى ۋە يەرلىك مىللەتچىلىك ئىدىيىسىنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ». «پالانى ئۆيىدە ھەركۈنى لەغمەن ئېتىپ يەيدۇ. بۇ ئۇنىڭدىكى بۇرژۇئازىيىنىڭ راھەتپەرەسلىك مەپكۇرىسىنىڭ ئىپادىسى». «پالانى خاتىرە دەپتىرىگە، ھاۋانى بۇلۇت باستى ئاينى كۆرگىلى بولماس دېگەن شېئىرنى يازغان. بۇ، ئۇنىڭ كوممۇنىست پارتىيە ھاكىمىيىتىنى بۇلۇتقا ئوخشاتقانلىق بولىدۇ» ۋە ھاكازا.... بۇلار ئاددەتتىكى ئەھۋال. ئەگەر مەسىلە نىشانلىق كىشى ئۈستىدە بولسا ئىش باشقىچە بولىدۇ.

بۇباسقۇچ 1 ـ 2 ئاي داۋام قىلغان. بۇنداق چاغدا كىشىلەر، مېنىڭ ئۈستىمدە كىم نېمە دەپ پىكىر بېرەر؟ قانداق بوھتانلارغا دۇچار بولارمەن؟ دېگەن غەم ـ ئەندىشە ئىچىدە قالغان. بۈگون نېمە بولۇشىنى ئەرتە قانداق ئاھانەتكە ئۇچرىشىنى بىلمەي بىر دەھشەت ئىچىدە قالغان. ھەركۈنى ئەتىگەندە

işe gitmeden önce çocuklarıyla vedalaşırdı. Yani bu sanki bir yazarın Stalin devrini anlattığı "insanların sabahtan akşamı görmeye gözünün yetmediği, akşamdan sabaha çıkmaya ümidinin kalmadığı" zamanlar gibi bir vaziyetti. O günler özellikle benim aklımdan hiç çıkmıyor. Bütün hareketlerde idaremdeki hedeflerden biri bendim. Bu 27 yıllık hayatımın çoğu yukarda yazdığım gibi sabahtan akşamı görmeye gözü yetmeyen, gecesi şafağı görmeye ümidi olmayan bir şekilde geçti.

İfşa safhası olgunlaştığında odak noktası parti teşkilatı tarafından "düyşang" yani darbe vurulacak diye belirlenenler oluyor ve bunlara "özeleştirisini verme" emri veriliyordu. Bu tür olaylar özellikle "ahlak düzeltme" ve "Kültür Devrimi"nde çok ağır yaşandı. Şimdi aşağıda bunlarda benim başıma gelenlerden birkaçını kısaca anlatacağım.

1956 sonbaharında yapılan bir temizlik hareketinde Hoten Devlet Hastanesi'nde "Eğitim Grubunda" toplam 12 kere ortaya çıkarılıp "özeleştirimi" verdim. 8 yaşımdan o ana kadar olan tarihçeyi hayatımı yazıp toplantıda topluluk önünde okumam gerekti. Her seferinde okumam bittikten sonra soru yağıyordu. Ben bunları not alıyordum. Hemen cevap vermeye izin yoktu. Kafamı öne eğip dinliyordum. Hakkımda konuşana bakmak ya da konu hakkında izahat veya cevap vermek yasaktı. Böyle yapmak halkın yardımına karşı çıkmak diye hesaplanıyordu.

ئىشقا بېرىش ئالدىدا باللىرى بىلەن بىرقېتىم ۋىدالاشقان. يەنى، بۇ خۇددى بىر يازغۇچىنىڭ ستالىن دەۋرىنى «كىشلەرنىڭ ئەتتەگەندە ئاخشامغا كۆزى يەتمگەن، كېچدە ئەرتىسى تاڭ نۇرىنى كۆرۈشكە ئۈمد قىلالمغان» دەك بىر ۋەزىيەت بارلىققا كەلگەن. بولۇپمۇ بۇنداق كۈنلەرمىنىڭ ئېسىمدىن ھەرگىز چىقمايدۇ. ھەربىربىر ھەرىكەت باشلانسا، ئىدارەمدىكى «نىشان» لاردىن بىرى مەن ئىدىم. بۇ 27 يىللىق ھاياتىمنىڭ كۆپ قىسمى يۇقىرىدا يازغىنىمدەك، ئەتتگەندە ئاخشامغا كۆزى يەتمگەن، كېچىسى تاڭ نۇرىنى كۆرۈشكە ئۈمد قىلالمغان.

پاش قىلىش باسقۇچى بىر يەرگە بارغاندا مۇھىم نوقتا، پارتىيە تەشكىلى «دۇيشاڭ» يەنى، زەربە بېرىدىغان كىشلەر دەپ بەلگىلىگەنلەر ئۈستىگە قارىتىلدۇ. ۋە بۇلارغا «ئۆزىنى تەكشۈرۈش»كە بۇيرىلدۇ. بۇخىل ۋەزىيەت بولۇپمۇ، «ئىستىل تۈزىتىش» ۋە «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» جەريانىدا ناھايىتى ئېغىر بولدى. ئەندى تۆۋەندە بۇلاردىن مېنىڭ بېشىمغا كەلگەنلەردىن بىرقانچىسىنى قىسقىچە سۆزلەپ بېرەي؛

1956 ـ يىلى كۈزپەسلىدە ئېلىپ بېرىلغان بىرتازىلاش ھەرىكىتىدە ۋىلايەتلىك دوختۇرخانە«ئۆگىنىش گۇرۇپپا» سىدەجەمئى 12 قېتىم ئوتتۇراغا چىقىرىلىپ، ئۆززۈمنى«تەكشۈرۈپ» چىقتىم. 8 يېشىمدىن تارتىپ تا شۇ ۋاقىتقىچە بولغان تارىخىمنى يېزىپ مەجلىستىكى كىشلەر ئالدىدا ئوقۇپ چىقىشىم كېرەك. ھەرقېتىم ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن، ماڭا سۇئاللار ياغدۇ. مەن بۇلارنى يېزىپ ئالىمەن. دەرھال جاۋاپ بېرىشكە رۇخسەت يوق. بېشىمنى تۆۋەن قىلىپ تۇرۇپ، ئاڭلايمەن. پىكىر بەرگۈچىگە قاراش ياكى تۆپىدە بىرنەرسە دەپ ئىزاھات يا جاۋاپ بېرىشكە بولمايدۇ. بۇنداق قىلىش « ئاممىنىڭ ياردىمگە قارشى چىققانلىق» بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

Ertesi gün yine "tamamlanmış meselemi" teslim ediyordum. Yine sorular, tehditler, suçlamalar, aklımın ucuna gelmeyecek işler ve beddualar ortaya dökülüyordu. Bunları saatlerce ayakta ellerim önümde bağlı, kafam öne eğik dinliyordum. Bu sözlerin hangi birine ne diye cevap vereceğimi bilmez bir halde kalıyordum. Toplantıyı yöneten kişi tarafından sonraki seferde neler hakkında hazırlık yapıp mesele teslim etmem gerektiği, eğer topluluğu ikna edemezsem mücadeleye tabi tutulacağım hatta cezalandırılmamın bile mümkün olduğu yönünde tehdit ediliyordum.

Bu tür "eğitimler" sırasında benim hakkımda ileri sürülen suçlamalar hepsi zan ile ortaya konmuş, ya da yalandan yok yere çamur atan ve yumurtadan tüy çıkaran yalaka "aktifler" tarafından ortaya atılmıştı. Bunların bir kısmını, idaremde benim hakkımda çıkarılan dazıbavları kurumlar arası fikir alışverişi sırasında görenler kendince tahlil yapıp "şakıyıp açılma" hareketinde başka idarelerde ortaya koymuştu. Bunların bazıları rüyama bile girmeyecek sözler ve çok ağır sonuçları olabilecek suçlamalardan ibaret idi. Örneğin;

"1947 yılına kadar yurtdışında durduğu zamanlarda abisi ile birlikte casusluk okulunda okudu. Şuanda abisi Türkiye'de emperyalistlerin casusluk teşkilatında çalışıyor. Bu unsur (beni kastediyor) Hoten'de kalıp casusluk yapmak niyetinde. Şu anda abisi ile mektup ile alaka kuruyor. Dayısı Mehmet Rıza Türkiye emperyalizminin Kore'deki tecavüzcü askerlerinin büyük bir komutanı"

ئەرتىسى يانا «تولۇقلاپ مەسلەم» نى تاپشۇرۇمەن. يانا سۇئاللار، تەھدىتلار، بۇھتانلار، ئەقىلمگىمۇ كەلمەيدىغان ئىشلار ۋە بەدنامىلار ئوتتۇرا قويۇشقا باشلىنىدۇ. بۇلارنى سائەتلەرچە ئۇرە تۇرۇپ، قولۇمنى قۇيۇشتۇرۇغان ھالەتتەبېشمنى تۆۋەن قىلىپ تىڭشايمەن. بۇ سۆزلارنىڭ قايىسى بىرىغا، نېمەدەپ، جاۋاپ بېرىشمنى بىلەلمەي قالىمەن. مەجلىس باشقۇرغۇچى تەرىپىدىن ئەرتىسى نېملەر ھەققىدە ھازىرلىق قىلىپ، مەسلە تاپشۇرۇشۇمنى ئەگەر ئاممنى قانائەتلەندۇرەلمىسەم، كۆرەش قىلىنىشىم ھەتتا جازاغا ئۇچرىشىم مۇمكىن دەپ، تەھدىت قىلىندۇ.

بۇخىل «ئۇگىنىش» لار جەريانىدا، مېنىڭ ئۇستىمدە بېرىلگەن « پىكىر» لارنىڭ ھەممىسى دېگىدەك، گۇمان بىلەن ئوتتۇرىغا قۇيۇلغان. ياكى يالغاندىن يۇق يەردىن پۇتاق چىقىرىدىغان ۋە توخۇمدىن تۈك ئۇندىرىدىغان يالاقچى « ئاكتىپ» لار تەرەپىدىن ئوتتۇرىغا قويولغان. بەزىلىرىنى، ئىدارەمدىكى مېنىڭ ئۇستىمدە يېزىلغان دازىباۋ لارنى «ئىدارە لار ئۆز ئارا پىكىر ئالماشتۇرۇش» جەريانىدا كۆرگەنلەر ئۆزىچە تەھلىل قىلىپ، « سايراپ ـ ئېچىلىش» تە باشقا ئىدارىلەردە ئوتتۇرىغا قويغان. بۇلار دىن بەزىلىرى ئۇخلاپ چۈشىمگىمۇ كىرمەيدىغان سۆز لار ۋە ناھايىتى ئېغىر ئاقىۋەت كەلتۈرىدىغان بۇھتانلاردىن ئىبارەت ئىدى. مەسلەن؛

«1947 ـ يىلىغا قەدەر چەتئەلدە تۇرغان مەزگىلىدە ئاكىسى بىلەن بىرگە شپىيۇنلۇق مەكتىبدە ئوقۇغان. ھازىر ئاكىسى تۈركىيدە جاھانگىرلارنىڭ جاسۇسلۇق ئىدارىسىدە ئىشلەيدۇ. بۇ ئۇنىسۇر(مېنى دېمەكچى) خوتەندە قېلىپ جاسۇسلۇق قىلماقچى بولغان. ھازىرمۇ ئاكىسى بىلەن خەت ـ ئالاقە قىلىدۇ».

«تاغىسى مەھەممەت رىزا، تۈركىيە جاھانگىرلىكىنىڭ چاۋشەندىكى تاجاۋۇزچى ئەسكەرلىرىنىڭ بىرچوك ئەمەلدارى».

"3 tane yabancı dil biliyor. Devamlı yurtdışı radyoların haberlerini dinliyor ve bunları başkalarına anlatıyor. Yabancı şarkıları söyleyip hasret çekiyor. Kapitalist devletlerdeki hayatı övüp, zehir yayıyor."

"Babası Mehmet Emin Hazret tarafından görevli olarak Hoten'de kaldı. Mehmet Emin Hazret gittikten sonra birkaç kere onun sadık adamları ile gizli toplantı yaptı. Yine babasının Emin'in talimatı doğrultusunda Hoten'de birkaç sefer meydana gelen isyan ve ayaklanmalara arkada durup, yol gösterdiğini bilmesine rağmen bunları ihbar etmedi.

"Hacı Âmine Hanım yurtdışına çıkmadan önce Hoten'e geldiğinde Abdulkerim Hacı'nın evine bir tane çelik sandık bırakmıştı. [5] Bundan haberi olmasına rağmen ihbar etmedi ve bunun gibi daha neler."

Bunlardan başka parti teşkilatının "darbe vurulacak" diye gösterdiği kişilerde azıcık şüpheli bir mesele ortaya çıkması durumunda ona ipucu diye yapışıp yok yere mesele uydurup ezmek için bahane yaptılar. Aşağıda anlatılanlar bunlardan bizim başımıza gelenlerden birkaç tanesi;

Hoten gazetesinin 19 Eylül 1951 tarihli sayısında kızıl renkte yazılmış "bir devrim karşıtının ifşa edilmesi" diye bir makale basıldı. Makalede 1950 yılında hacdan dönen Lop ilçesinden Rıza Molla denen adam şöyle bir itirafta bulunmuştu. "Ben Emin Hazret ile Tibet yolunda görüştüm. O bana siz

« 3 خىل چەت ئەل تىلىنى بىلىدۇ . داۋاملىق چەت ئەل رادىئوسىنىڭ خەۋەرلىرىنى تىڭشايدۇ ۋە بۇلارنى باشقىلارغا سۆزلەپ بېرىدۇ . چەت ئەل ناخشىلىرىنى ئوقۇپ ھەسرەت چېكىدۇ . كاپىتالىست دۆلەتلىرىدىكى ھاياتنى ماختاپ، زەھەر تارقىتىدۇ».

« دادىسى مەھەممەت ئىمىن ھەزرەتتىن ۋەزىپە ئېلىپ، خوتەندە قالغان. مەھەممەت ئىمىن ھەزرەت كەتكەندىن كېيىن، بىرقانچە قېتىم ئۇنىڭ سادىق ئادەملىرى بىلەن مەخپىي مەجلىس ئۆتكۈزگەن. دادىسى بولسا، ئىمىننىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە خوتەندە بىرقانچە قېتىم يۈزبەرگەن ئىسيان ۋە قوزغىلاڭلارغا ئارقىدا تۇرۇپ، يولىيۇرۇق بەرگەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، بۇلارنى پاش قىلمىدى».

«ئامىنە خان ھاجى چەت ئەلگە قېچىش ئالدىدا خوتەنگە كەلگەندە ئابدىكرىم ھاجىنىڭ ئۆيىدە بىردانە پولات ساندۇق قويۇپ كەتكەن. بۇنىڭدىن خەۋىرى بار تۇرۇپ، پاش قىلمىدى».... ۋە ھاكازالار . (5)

بۇلار دىن باشقا پارتىيە تەشكىلى «زەربە بېرىشكە تىگىشلىك» دەپ كۆرسەتكەن كىشلەر دە ئازراق گۇمانلىق مەسلە ئوتتۇرىغا چىقىپ قالغاندا ئۇنى ئىلىنجۇك دەپ تۇتۇۋېلىپ، يوق يەردىن مەسلە توقۇپ چىقىرىپ، ئۈستىگە سىيا چاپلاپ، دەپ تۇرۇپ، بېسقتۇرۇش ئاساسي قىلىندى. تۆۋەندىكلەر، بۇلار دىن بىزنىڭ بېشىمىزغا كەلگەنلىرىدىن بىرقانچىسىنى؛

1951- يىلى «خوتەن گېزىتى » نىڭ 9 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىكى سانىغا قىزىل رەڭلىك قىلىپ يېزىلغان «بىر ئەكسىل ئىنقىلابچىنىڭ پاش قىلىنىشى» دېگەن بىرخەۋەر ماقالىسى بېسىلدى. ماقالىدا، 1950 - يىلى ھەجدىن قايتىپ كەلگەن لوپ ناھىيىلىك رۇزى مۇللا دېگەن ئادەم مۇنداق دەپ ئىقرارقىلغان؛

« مەن ئىمىن ھەزرەت بىلەن تىبەت يولىدا كۆرەشكەنىدىم. ئۇماگا، سىز

Hoten'e gittikten sonra benim yakın adamlarımla alaka kurun. Teşkilat kurup, komunistlere karşı hareketlere katılın bu iş için Hoten Kızıkdervaza'daki Abdulkerim Hacı ile görüşmeniz yeterli gerisini o halleder diye bana vazife vermişti." [6] Babam gazeteyi bana uzattı. Elleri titriyordu. "İşte eğer buna inanırlarsa benim işim bitti demektir". Bu gazeteyi iyi saklayın belki bir gün dünya düzelir, onlar geri gelirse gösterirsiniz dedi. Ben bu gazeteyi birkaç sene sakladıktan sonra yaktım. Demek ki böylece dünya düzelmedi, onlarda geri gelmedi, gazeteyi de gösteremedim. 1955 Atçuy isyanına bizim akrabalarımızın katıldığı ortaya çıktı. Bunlardan biri dayım Abdulhamit Hacı idi. O "isyancılar benden fikir sorduğunda gücünüz yetmez dedim ve kendim de bu teşkilata katılmadım" diye itirafta bulunup, neticede 23 yıl hapis yattı.

---

[5] Bu "çelik sandık" dedikleri dışı ince sac ile desenlenmiş kadınların değerli kıyafetlerini sakladıkları bir çeşit tahta sandık idi. Bunu komunistler geldiğinde satmıştık. Polisler büyük bir debdebe ile gelip Hacı Âmine Hanımın bırakıp gittiği çelik sandık nerde diye sordu. Evdekiler polisi sandığı sattığımız adamın evine götürüp sandığı gösterdikten sonra bunun sıradan bir sandık olduğuna inandılar. [*Bir önceki sayfaya ait bu 5 nolu dipnot, yanda görüleceği üzere orijinal metinde bu sayfada verildiği için buraya yerleştirilmiştir.* (Mütercim)]

[6] Allah'a binlerce şükürler olsun ki bu adam Tibet'ten dönerken sınırda tutuklanıp 3 yıl hapis yatmıştı ve babam ile görüşmemişti. Eğer babam ile görüşmüş olsaydı babam bu yalan suçlama ile ilk seferki sindirme hareketinde ölüm cezasına çarptırılırdı.

خوتەنگە بارغاندىن كېيىن، مېنىڭ يېقىن ئادەملىرىم بىلەن ئالاقە باغلاپ، تەشكىلات قۇرۇپ، كوممۇنىستلارغا قارشى ھەركەت ئېلىپ بېرىشقا قاتنىشتىڭ. بۇ ئىشقا خوتەن قىزىق دەرۋازىدىكى ئابدىكېرىم ھاجىم بىلەن كۆرەشسىگىز قالدى ئىشلارنى ئۇ كۆرستىپ بېرىدۇ دەپ، ماڭا ۋەزىپە تاپشۇرغان». (6) دادام گېزىتنى ماڭا ئۇزاتتى. قولى تىترەپ تۇراتتى. «مانا، ئەگەر بۇنىڭغا ئىشەنسەلەر، مېنىڭ ئىشىم تۈگىدى دېمەك! بۇ گېزىتنى سىز ئوبدان ساقلاپ قويۇڭ. بەلكى بىر كۈن جاھان ئۆزگىرىپ، ئۇلار كېلىپ قالسا كۆرستەر سىز» دىدى. مەن بۇ گېزىتنى بىرقانچە يىل ساقلاپ يۈرۈپ، كېيىنچە كۆيدۈرۈۋەتتىم. دېمەك، شۇنداق قىلىپ، جاھانمۇ ئۆزگىرىمىدى. ئۇلارمۇ كەلمىدى، گېزىتنىمۇ كۆرستەلمىدىم! 1955 - يىلى، ئاتچۇبي ئىسيانىغا بىزنىڭ تۇغقانلىرىمىزدىن قاتناشقانلىقى ئوتتۇرىغا چىقىپ قالدى بولاردىن بىرى تاغام ئابدۇلھەمىد ھاجىم ئىدى. بۇ كىشى «ئىسيانچىلارمەندىن مەسلىھەت سورىغاندا مەن، كۆچۈرگىلايەتمەيدۇ دېگەن ۋە ئۆزەممۇ بۇ تەشكىلاتىغا قاتناشمىغان» دەپ ئېتىراپ قىلىپ نەتىجدە 23 يىل تۈرمدا ياتتى.

---

(5) بۇ «پۇلات ساندۇق» دېگەنلىرى، تېشىنى نېپىز تاختا تۆمۈر بىلەن نەقىشلەپ ياسالغان خانىملارنىڭ ئېسىل كىيىم - كېچەكلىرىنى ساقلايدىغان بىرخىل ياغاچ ساندۇق ئىدى. بۇنى كامموۇنىستلار كەلگەندە سېتىۋەتكەن ئىدۇق. ساقچىلار ناھايىتى ھەيۋەت بىلەن كېلىپ، «ئامنە خان ھاجى قويۇپ كەتكەن پۇلات ساندۇق نەرد دەپ سورايدۇ. ئۆيدىكىلار ساقچىلارنى ساندۇقنى سېتىۋالغان ئادەمنىڭ ئۆيىگە باشلاپ بېرىپ، ساندۇقنى كۆرسەتكەندىن كېيىن، ئاندىن بۇنىڭ ئادەتتىكى بىرساندۇق ئىكەنلىكگە ئىشەنگەن.

(6) خۇداغا مىڭ شۇكرى، بۇ ئادەم تىبەتتىن كېلىشىدا چېگرىدىلا قولغا ئېلىنىپ، 3 يىل تۈرمىدا ياتقان. دادام بىلەن كۆرەشمىگەن. ئەگەر دادام بىلەن كۆرەشكەن بولسا دادام بۇ يالغان بۆھتان بىلەن بىرىنچى قېتىملىق بېسىقتۇرۇشتىلا ئۆلۈمگە مەھكۇم بولغان بولاتتى.

Bunlar babam ve ailemiz için büyük bir felaket oldu. Onun üstüne bu yıllarda Hazretim Hindistan'da uluslararası toplantılara katılıp, açıklamalar yapıyormuş. Böylece bu 27 yıl içinde yurdumuzda komunistlerin hâkimiyetine karşı azıcık birşey duyulsa bunu "Emin Hazretin yurdışından Çin'e karşı planladığı rejim karşıtı hareketi" diye bizi "şüpheli ve önemli hedef" ilan etme komunist yönetimin alışkanlığı haline geldi.

İkincisi, başka bir dayım olan Durmuş Muhammed Ahun idi. O teşkilatın üyesi imiş. Inkilap başarılı olup, Doğu Türkistan İslam Cumhuriyeti kurulduğunda Sağlık Bakanı olacakmış. Duyduğum kadarıyla ayaklanmadan birkaç gün önce ticaret için Kaşgar'a gitmiş. Dursun Muhammed abimin teşkilata katıldığından habersiz olan babam ona 3-4 tane halıyı dönüşte bizim Tebabet dükkânımıza ilaç ve baharat alması için vermiş. Dursun Muhammed abim tutuklanıp gözaltında ağır işkencelere maruz kalsa da hiç konuşmamıştı. Kaşgar'a niye gittin diye sorduklarında ticaret için gitmiştim demiş ve babamın mal alıp gelmesi için birkaç tane halı verdiğini söylemiş. İşte bunlar babamın aynı zamanda Atçuy İnkılabına mali yardımı oluverdi. Dursun Muhammed Abim hapiste 15 yıl yatıp, acınacak bir halde vefat etti.

بۇلار دادام ئۈچۈن ۋە ئائىلىمىز ئۈچۈن چوڭ بىر پالاكەت بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يىللەردە ھەزرىتىم ھىندىستان قاتارلىق جايلاردا خەلقئارا مەجلىسلەرگە قاتنىشىپ، باياناتلار ئېلان قىلىپ، يۈرگەن چاغلىرى ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ 27 يىل ئىچىدە، يۇرتىمىزدا كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىگە قارشى ئازراق بىر شەپە تۇيۇلسىمۇ بۇنى، «ئىمىن ھەزرەتنىڭ چەت ئەلدە جۇڭگوغا قارشى پىلانلىغان ئەكسىلئىنقىلابى ھەرىكەتى» دەپ، بىزنى «گۇمانلىق ۋە مۇھىم دۆيشاڭ» قىلىش كوممۇنىست ھاكىمىيىتىنىڭ ئادىتى بولۇپ قالدى.

ئىككىنچىسى، يانا بىرتاغام تۇردى مەھەممەت ئاخۇن ئىدى. بۇكىشى تەشكىلاتقا ئەزا بولاپتىكەن.

ئىنقىلاپ غەلىبە قىلىپ، شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندا ساغلىقنى ساقلاش مىنىستىرى بولماقچى ئىكەن. ئاڭلىشىمچە قۇزغىلاڭدىن بىرقانچەكۈن بۇرۇن « تىجارەت ئۈچۈن» قەشقەرگە كەتكەن ئىكەن. تۇردى مەھەممەت ئاخۇن ئاكامنىڭ تەشكىلاتقا قاتناشقانلىقىدىن خەۋەرسىز دادام ئۇنىڭغا 3 ـ 4 پارچەگىلەمنى قايتىشتا بىزنىڭ تىبابەتچىلىك دۇككىنىمىزغا دورا ـ دەرمان ئالغان كېلىشى ئۈچۈن ئامانەت قىلغان. تۇردى مەھەممەت ئاخۇن ئاكام قولغا ئېلىنىپ، قىين ـ قىستاق جەريانىدا قاتتىق ئازاپ تارتقان بولسىمۇ ھېچ ئېقرارقىلمىغان. ئەمما، قەشقەرگە نېمىشقا بارغان؟ دېگەن سوراقتا، تىجارەت ئۈچۈن بارغان ۋە دادامنىڭ مال ئېلىپ كېلىشى ئۈچۈن بىرقانچە پارچەگىلەم بەرگەنلىكىنى ئېيتىپ بەرگەن. مانا، بۇلار دادامنىڭ « ئەينى زاماندائاتچۇي ئىنقىلابىغا مالىيەجەھەتتىن قىلغان ياردىمى» بولۇپ چىقتى. تۇردى مەھەممەت ئاخۇن تۈرمىدا 15 يىل يېتىپ، ئېچىنىشلىق بىر ھالدا ۋاپات قىلدى.

Bunlardan başka komünistlerin "düzene zararlı" diye bildikleri hatta şüphelendikleri kişileri sindirmek için Enze [8] Meydanı'na çıkarma işleri sürekli devam etmekteydi. Bunlardan birkaç tanesini anlatayım;

Birincisi benim başıma gelen 1963 yılında sağlık teşkilatı içinde başlayan cin şeytanları (bu komünizme karşı diye tanınan aydınlara verilen isim) ortaya çıkarma esnasında beni de meseleni ortaya koyacaksın diye "toplumdan tecrit ettiler." [9] İki üç günde bir kere toplantıda ortaya çıkarılıyordum, ben yazdığım meselemi okuyordum, aktif yalakalar tam anlatamadı, asıl meseleyi sakladı diye bağırmaya başlıyordu, ama ben asıl meselenin ne olduğunu bilmiyorum diyordum. Bu durum böyle bir ay devam etti. Bu keresinde beni diğer cin şeytanlarla birlikte Hoten Devlet Hastanesi'nin büyük avlusuna özel olarak asılan ifşa dazıbavlarını göstermeye götürdüler. Bunların hepsini okumam gerektiğini söylediler ve beni hakkımda yazılan 20 ye yakın dazıbav yapıştırılmış bir duvarın önüne getirip koydular.

Bunlar bir metre büyüklüğündeki kâğıtlara büyük harflerle Yunus Hacı denen kim sorusunun cevabı hakkında olup, yurt dışına bağlanan unsur Yakup Hacı'yı ortaya çıkaralım sloganıyla son buluyordu. Altında birlikte çalıştığım Talat Sabit'in imzası vardı bugüne kadar idaremde benim hakkımda açıklanan "görüşler" tekrarlanmıştı. Abisinden gelen mektubu sakladı vb... Bunları okudukça gözümde cisimler uçmaya başladı, yazılar birbirine geçti. Bunlardan başka yine Hoten'de yapılan ortaya çıkarma toplantılarına

بۇلاردىن باشقا، كوممۇنىستلارنىڭ «تۇززۇمگە زىيانلىق» دەپ تونۇغان ھەتتا گۇمان قىلغان كىشىلەرنى بېسقتۇرۇش ئۈچۈن، «ئەنزە»(8) مەيدانىغا چىقىرىشلىرى ھەردايىم بولۇپ تۇرغان. بۇلاردىن بىر ئىككىسىنى سۆزلەپ بېرەي:

بىرىنچىسى، ئۆزەمنىڭ بېشىغا كەلگىنى؛ 63 ـ يىلى، خوتەن سەھىيە سىستىمىسى بۇيىچە باشلانغان «جىن ـ شەيتان» لەر (بۇ كوممۇنىزىمگە قارشى دەپ، تونۇلغان زىيالىلارغا بېرىلگەن نام) نى تارتىپ چىقىرىش جەريانىدا، مېنىمۇ مەسلەگىنى تاپشۇرۇسەن دەپ «ئاممىدىن ئايرىپ» قويىدى(9). 2، 3 كۈندە بىرقېتىم مجلىستە ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ، مەن يازغان «مەسلەمنى» ئوقۇپ بىرىمەن. ئاكتىپ غالچىلار: «تولۇق تاپشۇرمىدى، ئاساسى مەسلىنى يوشۇردى» دەپ ۋاقىراپ كېتىدۇ. ئاساسى مەسلەمنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتىم . بۇ ئەھۋال بىرئاي داۋام قىلدى. بۇجەريانىدا مېنى باشقا « جىن ـ شەيتانلار » بىلەن قوشۇپ، خوتەن ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىنىڭ چوڭ مەيدانىغا مەخسۇس جازا قىلىپ ئېسىلغان «پاش قىلىش» دازىباۋ لىرىنى كۆرسەتكىلى ئېلىپ كىردى. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇپ چىقىشمنى تاپشۇردى ۋە مېنىڭ ئۈستىمدە يېزىلغان 20 پارچىغا يېقىن دازىباۋ چاپلانغان بىرجازا ئالدىغا ئەكىلىپ قويىدى.

بۇلار بىرمېتىر كېلىدىغان قەغەزلەرگە چوڭ ھەرپلەربىلەن « يۇنۇس ھاجى دىگەن كىم؟» دىگەن مەزمۇندا بۇلۇپ، «چەتئەلگە باغلانغان ئۇنسۇر ياقۇپ ھاجىنى تارتىپ چىقىرايلى» دىگەن شۇئار بىلەن ئاياغلاشقان. ئاستىدا ئىدارىدە بىرگە ئىشلەيدىغان تەلئەت سابىتنىڭ ئىمزاسى بار ئىدى. بۇچاققىچە ئىدارەمدە مېنىڭ ئۈستۈمدە بېرىلگەن «پىكىر» لار تەكرارلانغان ۋە ئاكىسىدىن كەلگەن خەتتىنى مەلۇم قىلمىدى وە ھاكازالار.... بۇلارنى ئوقوغانسېرى كۆززۈمدە پاشا ـ كۇمۇتلار ئۇچۇشۇشقا باشلىدى. خەتلەر بىر ـ بىرىگە قوشۇلۇپ كەتتى....

بۇلاردىن باشقا يەنە، خوتەندە ئېچىلىۋاتقان «تارتىپ چىقىرىش» يېغىنلىرىغا

açık hava sorgulamalarına topluca götürülüyorduk. Bu toplantılarda birkaç kişiyi sahneye çıkarıp meydanda farklı kurumlardan gelen kalabalığın önünde "meselesini" ortaya koydururlardı. Toplu ifşa parti teşkilatı tarafından önceden belirlenen kişiler üzerinde yoğunlaşıp, bunların bir kısmını sahnede polisler ellerini arkadan kelepçeleyip alıp götürürdü. Bu sırada meydandaki kişiler birden yüksek sesle "proleterya diktatörlüğünü güçlendirelim", "kahrolsun sınıfsal düşmanlar", "yaşasın Komunist Parti", "devrim karşıtları itiraf edip meselesini ortaya koyarsa kolaylık sağlanacak" gibi sloganları haykırmaya başlarlardı. Korku ve dehşet içinde beni de sahneye çıkarırlar mı demeye başladığımda, idaremdeki iki "aktif" yanıma gelip, gördün mü sen de sahneye çıkıp meseleni ortaya koyarsan kolaylık sağlanacak, inat edersen onlar gibi ezileceksin diye tehdide başladı. Ben ne varsa söyledim diye sessizce durdum. Bu tür dehşet manzaraları 1-2 ay devam ederdi. Neticede insan tasavvur edilmez psikolojik azap içinde kalıyordu.

Bu olaydan 3 yıl geçtikten sonra benim haberim olmayan sanki filmlerdeki gibi "meselemin" hikâyesini idaremin başkan yardımcısı Kurban Niyaz bana şöyle anlattı. Hoten şehir tiyatrosunda keman çalan Nadir Han Âdem diye biri benim hakkımda çok ağır bir siyasi meseleyi ifşa etmiş. O 1949 yılında Yakup hacı Urumçi'den geri dönerken bir sandıkta radyo istasyonu alıp gelmişti. Kuçar'dan Hoten nehri boyu ile Hoten'e kadar beraber

ئۇچۇق سوت يىغىنلىرىغا سەپ قىلىپ، ئېلىپ باراتتى. بۇ يىغىنلاردا بىرقانچە كىشنى سەھنىگە ئېلىپ چىقىپ، مەيدانغا ھەرقايسى ئىدارىلەردىن توپلاپ ئېلىپ كېلىنگەن كىشىلەر ئالدىدا «مەسىلىسىنى» تاپشۇراتتى. ئومۇمىي پاش قىلىش پارتىيە تەشكىلى تەرىپىدىن ئالدىدىن بەلگىلەنگەن بىرقانچە كىشىلەر ئۈستىدە مەركەزلىشىپ، بۇلاردىن بىرقانچىسىنى سەھنىدىلا ساقچىلار قوللىرىنى ئارقىسىغا قىلىپ چەمبەرچەس باغلاپ ئېلىپ كېتىدۇ. بوچاغدا، مەيداندىكى كىشىلەر بىردىن ۋاقىراپ «پرولېتارىئات دىكتاتۇرىسىنى مۇستەھكەملەيلى!»، «يوقالسۇن سىنپىي دۈشمەنلەر!»، «ياشاسۇن كوممۇنىست پارتىيەسى!».... «ئەكسىل ئىنقىلابچىلار ئىقرار قىلىپ، مەسىلىسىنى تاپشۇرسا كەڭچىلىك قىلىنىدۇ» ۋە ھاكازا لار دەپ، توۋۇلاشقا باشلايدۇ. قورقۇ ۋە دەھشەت ئىچىدە، مېنىمۇ سەھنىگە چىقىرامدىكىن دەپ تۇرغان چېغىمدا ئىدارەمدىكى ئىككى «ئاكتىپ» يېنىمغا كېلىپ، «كۆردۈڭمۇ! سەنمۇ سەھنىگە چىقىپ مەسىلەڭنى تاپشۇرساڭ، كەڭچىلىك قىلىنىدۇ. جاھىللىق قىلساڭ ئۇلارغا ئوخشاش بېسىقتۇرۇلىسەن» دەپ تەھدىت باشلايدۇ. مەن «بار نى سۆزلىدىم» دەپ جىم ئولتۇرۇۋالىمەن. بۇنداق دەھشەت مەنزىرىلىرى 1- 2 ئاي داۋام قىلىدۇ. نەتىجىدە كىشى تەسەۋۋۇرقىلىپ بولمايدىغان روھىي ئازاپ ئىچىدە قالىدۇ.

بۇ ۋەقەدىن 3 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، مېنىڭ خەۋىرىم بولمىغان، خۇددى كىنو(سىنما) لار دىكىدەك « مەسىلەمنىڭ» جەريانىنى، ئىدارىمىزنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قوربانىياز ماڭا مۇنداق دەپ ئېيتىپ بەردى؛ خوتەن ۋىلايەتلىك سەنئەت (تىياتىر) دە ئىسكرىپ چالىدىغان نادىرخان ئادەم دېگەن مېنىڭ ئۈستۈمدە ناھايىتى ئېغىر بىرسىياسى مەسىلىنى پاش قىلغانمىش. ئۇ، « 1949 - يىلى ياقۇپ ھاجى، ئۈرۈمچىدىن قايتىشتا بىرساندۇقتا رادىئو ئىستانسىسى قاچىلاپ ئېلىپ كەلگەن. كوچاردىن خوتەن قېيى يولى بىلەن خوتەنگىچە ھەم

gelmiştik. Yakup Hacı bu radyo istasyonunu ormanlık alana götürüp haberleşerek yola devam etti. Söz konusu radyo istasyonu Hoten'e bir eşeğin sırtında getirildi diyerek benim hakkımda şakıyıp ifşaat yapmış. Bu mesele ortaya çıktıktan sonra bir taraftan beni "ortaya çıkarıp" itiraf ettirmeye çalışmışlar, diğer taraftan radyo istasyonunu bulmak için özel bir ekip kurup araştırma yapmışlar. Tabi bunlardan benim hiç haberim olmadı. Şehirdeki evimizin etrafına, geceleri çatıya çıkıp bacadan dinleme yapıp evden haberleşme aletlerinin dıt dıt diye çıkardıkları ses geliyor mu diye dinlemek için özel adam yerleştirmişler. Bu gizli araştırma bir yıl kadar devam etmiş. Türkiye'ye gelmemiz kesinleştikten sonra komşularımız şehirdeki ve köydeki evimizin etrafında polisler tarafından uzun süre araştırma yapıldığını söylediler. İşte bu rüyamda görsem inanmayacağım iş. Nadir Han denen adam ile Kuçar'dan beraber geldiğimi sonradan hatırladım.

[8] Enze, Çince bir kelime olup suç (vakıa) içeriği, yani Türkçe'de dosya denilen manada.

[9] "Toplumdan Tecrit" de ilgili kişi işten el çektiriliyor, Başkaları ile konuşması yasaklanıyordu. Bazen kendi idaresindeki özel evde (idare içinde hazırlanan bir tür hapishane) tutuluyor, evine gitmesine izin verilmiyordu. 12 saat ağır fiziksel işlerde çalıştırılıp gece meselesini ortaya koyması için hazırlık yaptırılıyordu. Hiçbir sosyal faaliyete katılamıyordu.

سەپەر بولۇپ كەلگەنىدۇق. ياقۇپ ھاجى يولدا بۇ رادىئو ئىستانسىسىنىئورمانلىقلارغا ئېلىپ كىرىپ، خەۋەرلىشىپ ماڭغان. مەزكۇر رادىئو ئىستانسىسىنى خوتەنگە بىر ئېشەك ئارتىپ ئېلىپ كەلگەن....» دېگەن مەزمۇندا مېنىڭ ئۈستۈمدە ئىچلىپ سايراپ، پاش قىپتۇ. بۇمەسىلە ئوتتۇرىغا چىققاندىن كېيىن، بىرتەرەپتىن مېنى «ئارتىپ چىقىرىپ» ئىقرار قىلدۇرۇش يەنە بىرتەرەپتىن رادىئوئىستانسىسىنى تېپىش ئۈچۈن مەخسۇس ئادەم بەلگىلەپ، تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ئىكەن ( تەبىئى بۇلاردىن بىزنىڭ ھېچ خەۋىرىمىز بولمىغان). شەھەردىكى ئۆيىمىزنىڭ ئەتراپىدا ئادەم قويۇپ، كېچىلىرى ئۆگزىگە چىقىپ مۇرىدىن تىڭشاش ئارقىلىق ئۆيدىن خەۋەرلىشىش ئاپپاراتلىرىنىڭ « دۇت، دۇت» دېگەن ئاۋازى كېلەمدۇ؟ دەپ تىڭشاش ئۈچۈن مەخسۇس ئادەم قويغان. بۇ مەخپى تەكشۈرۈش بىر يىلغىچە داۋام قىلغانىكەن. (تۈركىيەگە كېلىشىمىز مۇقىملاشقاندىن كېيىن، قوشنىلىرىمىز، كېچىلىرى شەھەر دىكى ۋە يېزىدىكى ئۆيلىرىمىز ئەتراپىدا ساقچىلار تەرىپىدىن ئۇزۇن مۇددەت تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىشتى). مانا، بۇ ئوخشىمامدۇ چۈشۈمگە كىرمەيدىغان بىر ئىش. نادىرخان دېگەن بىلەن كوچاردىن بىرگە كەلگەنلىكىمنى كېيىنچىرەك خاتىرلىدىم.

---

(8) ئەنزە ـ چىنچە سۆز بولۇپ، جىنايەت (ۋەقە) دىلوسى يەنى، تۈركچىدە دوسيە دېگەن مەنىسىدە.

(9) «ئامىمدىن ئايرىۋېتىش» تە، ئۇ كىشى خىزمىتىدىن توختىتىپ قويۇلىدۇ. باشقىلار بىلەن سۆزلىشىشكە روخسەت يوق. بەزىلىرى ئۆز ئىدارىلىرىدا مەخسۇس ئۆيدە ئىدارىدە تەشكىل قىلغان بىرخىل تۈرمىدا تۇرىدۇ. ئۆيگە كىرىشكەرۇخسەت قىلىنمايدۇ. 12 سائەت ئىدارە ئىچىدە جىسمانى ئەمگەككە سېلىپ كېچىسى مەسىلىسىنى يېزىپ تاپشۇرۇشقا ھازىرلىق قىلىدۇ، ھېچ قانداق پائالىيەتكە قاتناشتۇرۇلمايدۇ.

"İki paket siyah çay ve birkaç top kumaşı bir eşeğe yükleyip, at ile 22 gün Taklamakan boyunca uzayan ormanlık yoldan geldiğim doğruydu, fakat bu radyo istasyonu nerden çıktı?" diye Kurban Niyaz'a sordum. O bana Nadir Han'ı kendi idaresinde "devrime karşı unsur" diye ortaya çıkarmışlar tutuklanmadan önce hizmet edip, itirafçı olursa ona kolaylık sağlayacaklarını söylemişler.

Böyle kurtulabilirim diye bunları uydurduğu ortaya çıktı ve Nadir Han tutuklandı diye anlatıp, eğer Nadir Han bu meseleyi 1956 yılındaki harekette ortaya koymuş olsaydı, bunları bugün olduğu gibi araştırmadan size ölüm cezası verilmesi mümkündü demişti.

***İkincisi:*** Hoten il çapında esnaf – sanatkâr ve dini kişiler arasında yürütülen "ahlak düzeltme" hareketinde yüz veren Atçuy İnkılabına "yardım etti" diye ortaya çıkarılan Loplu Sıddık Ahun'a 1950 yılında Suudi Arabistan'dan posta ile bir akrabasından gelen mektup içinde 5 riyallik bir tane altın para çıkmış. Harekette bu kişiyi "sorguya alıp" sana Arabistan'dan kaç tane altın geldi? Atçuy isyanına ne kadar para yardımı yaptın diye işkence yapmışlar. Biçare adamın kollarını arkadan bağlayıp filistin askısına astıkları zaman her seferinde sayıyı birer birer arttırmış ve Arabistan'dan gelen mektup içinden çıkan altının sayısı 10'a yükseldiğinde bayılıp kendinden geçmiş. Böylece bu kişiye "yurtdışından 10 altın getirtip Atçuy isyanına mali yardım etmek" suçundan 20 yıl hapis cezası verilmişti.

ئىككى ناي قاراچاي ۋە بىر قانچە توپ رەختنى بىر ئېشەككە ئارتىپ ئۆزەم ئات بىلەن 22 كۈن تەكلىمان بويىدىكى ئورمانلىق يولدىن يۈرۈپ كەلگىنىم راس ئەمما، بۇ رادىئو ئىستانسىسى نەدىن چىقتى؟ دەپ، قۇربانىنىياز دىن سورىدۇم. ئۇماڭا، نادىرخاننى ئۆز ئىدارىسىدە «ئىنقىلاپقا قارشى ئۇنسۇر» دەپ تارتىپ چىقارغان. قولغا ئېلىنىش ئالدىدا «خىزمەت كۆرسىتىپ، نەيزىنى ئارقىغا قارىتىپ» ئۇرسا ئۇنىڭغا كەڭچىلىك قىلىدىغانلىقى ئوختۇرۇلغاندا، بۇنىڭ بىلەن قۇتۇلۇپ قالار مەنمىكىن دەپ، بۇلارنى ئۇيدۇرۇپ چىقىقانلىقى مەلۇم بولۇپ قالدى ۋە نادىرخان قولغا ئېلىندى دەپ سۆزلەپ بېرىپ، «ئەگەر نادىرخان بۇ مەسىلىنى 56 - يىللىقى ھەرىكەتتە ئوتتۇرىغا قويغان بولسا ئىدى، بۇلارنى بۇ گۈنكىدەك تەكشىرىپ ئولتۇرماستىن سىلىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلىشى مۇمكىن ئىدى» دېگەنىدى.

ئىككىنچىسى، بۇ خوتەن ۋىلايىتىدە سودا - سانائەتچىلار ۋە دىنى زاتلار ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلغان «ئىستىل تۈزىتىش» ھەرىكىتىدە يۈز بەرگەن. ئاتچۇي ئىنقىلابىغا «ھىسداشلىق قىلغان» دەپ تارتىپ چىقىرىلغان لوپلۇق سىدىق ئاخۇنۇمغا 50 - يىلى، سەئۇدى ئەرەبىستاندىن پوچتا ئارقىلىق بىرتوغقىنىدىن كەلگەن خەت ئىچىدە 5 سوملۇق بىردانە تىللاچىققان ئىكەن. ھەرىكەتتە بۇ كىشىنى «كۆرەشكە تارتىپ»، ساڭا ئەرەبىستاندىن قانچە دانەتىللا كەلگەن؟، ئاتچۇي ئىسيانغا قانچىلىك پول ياردەم قىلدىڭ؟» دەپ قىيىن - قىستاققا ئالغان. بىچارە ئادەم ھەر قېتىم قولىنى ئارقىغا قىلىپ باغلاپ ئاسماققا ئاسقاندا تىللانىڭ سانىنى بىردىن ئاشۇرغان ۋە «ئەرەبىستاندىن كەلگەن خەت بىلەن لىپاپە ئىچىدىن چىققان تىللاسانى » 10غا بارغاندا ئايلىنىپ، ھۇشىدىن كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ كىشىگە، «چەت ئەلدىن 10 تىللا ئەكەلدۈرۈپ، ئاتچۇي ئىسيانىغا مالىي ياردەم قىلغان» دېگەن «جىنايەت» نى توقۇپ 20 يىللىق جازا ھۆكۈم قىلىندى.

Daha sonra duyduğum kadarıyla yukarıdan "postadan bir zarf içinde 10 tane (yaklaşık 100 gram altının) Suudi Arabistan'dan Hoten'e gelmesi mümkün değil. Bunu tekrar araştırın" diye talimat gelmiş. Fakat Sıddık Ahun bu haber gelmeden önce hapiste vefat etmiş. Buna benzer olayların memleketin başka yerlerinde de sık yaşandığı biliniyordu.

Yukardaki gibi olaylar benim ve ailemin üzerinde bir kara bulut gibi devamlı korku ve dehşet saçıp durmuştu.

Bunlar komunistlerin hareketlerindeki usulleri ve ifşa dedikleri şeyden ve benim "mesele"lerimin sadece birkaç tanesi. Sindirme veya mücadelede "hedef" yapılan kişilerin hiçbiri böyle suçlama ve haksızlıklardan kurtulamıyordu. İşin kötü tarafı bir kere atılan çamur hiç çıkmıyordu. Her yeni harekette baştan tekrarlanırdı. Hoten devlet Hastanesinin muhasebesicisi bir mücadele toplantısında bu bitmek tükenmek bilmez "mesele"lerden bıkıp şöyle demişti. "Bu meseleler 10 yıldan beri her harekette ortaya koyuluyor. Ben 100 defa cevap verdim. Ama ne zaman bir hareket başlasa çoğunluk sanki leş kokusu almış akbaba gibi bana yükleniyor. Onun bu sözü gerçeğin ta kendisiydi.

## Mücadele Etme, Darbe Vurma

İfşa etme safhasından sonra, mücadele ve darbe vurma safhaları geliyordu. Bu işte önce her tarafta aktiflerden

كېيىن، ئاشلىشمىچە، «يۇقىرىدىن، پوچتا ئارقىلىق بىر لىپاپە ئىچىدە 10 دانە(تەخمىنەن 100 گىرام) تىللا، سەئۇدى ئەرەبىستاندىن خوتەنگىچە كېلىشى مۇمكىن ئەمەس. بۇنى باشقىدىن تەكشۈرۈپ بېقىڭلار» دېگەن ئۇختۇرۇش كەلگەنمىش. ئەمما، سىدىق ئاخۇنۇم بۇ خەۋەر كەلگىچە تۈرمىدا ۋاپات قىلغان. بۇنىڭغا ئوخشاش ۋەقەلەر يۇرتىنىڭ باشقا جايلىرىدىمۇ خېلى كۆپ يۈز بەرگەنلىكى مەلۇم.

دېمەك، يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللارمېنىڭ ۋە ئائىلەم ئۈستىدە بىرقارا بۇلۇت بولۇپ، دايىم قورقۇنچ ۋە دەھشەت چېچىپ تۇردى.

بۇلار كوممۇنىستلارنىڭ «ھەرىكەت» ئېلىپ بېرىشتىكى ئۇسۇللىرى ۋە « پاش» قىلىش دېگەنلىرىدىن ۋە مېنىڭ «مەسىلە» لىرىمدىن بىرقانچىسىدىن ئىبارەت. بېسقتۇرۇش ۋەيا كۆرەش قىلىش «دۇيشاك» ى قىلىنغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دېگىدەك مۇشۇنداق بوھتانلار ۋە ھەقسىزلىكلەردىن خالى ئەمەستى. بۇلار نىڭ ئېغىربولغان تەرەپى، بىرقېتىم سۈرۈلغان قارا ھېچ ئاقلانماستىن ھەرقېتىملىق ھەرىكەتلەردە يىغۋاشتىن تەكرارلىنىپ تۇرغان. خوتەن ناھىيىلىك دۇختۇرخانىنىڭ ھېساپچىسى بىرقېتىملىق كۆرەش قىلىش يىغىنىدا بۇخېل تۈگىمەس - پۈتمەس «مەسىلە» لەردىن تويۇپ كېتىپ ، مۇنداغ دېگەندى. «بۇ مەسىلىلىرىم 10 يىلدىن بېرى ھەر قېتىملىق ھەرىكەتتە ئوتتۇرىغا قويۇلدۇ. مەن 100 قېتىم جاۋاپ بەردىم. ئەمما، يەنە بىر ھەرىكەت باشلانسا، كۆپچىلىك خوددى ئىشت تاپىنى(جەسەتكە دېمەكچى) پۇراپ تاپقاندەك ماڭا ئېسىلدۇ». ئۇنىڭ بۇ سۆزى ھەقىقەت ئىدى.

كۆرەش قىلىش - زەبە بېرىش: -

پاش قىلىش باسقۇچلىرىدىن كېيىن، كۆرەش قىلىش - ۋە زەربە بېرىش باسقۇچى باشلىنىدۇ. بۇنىڭدا ئالدى بىلەن ھەر قايسى ئورۇنلاردا «ئاكتىپلار»

oluşan gruplar oluşturulurdu. Bunlar aslında komunist parti üyeleri veya partiye girmeye aday olan kişiler olup, halkımızın "şapkanı getir dense kafasını kesip gelen", "anasını bile satar" diye adlandırdığı kişilerdi. Bunlar komunist parti merkez komitesinin 6. Kurultayında alınan kararlar doğrultusunda sınıfsal düşmanlarla mücadele ve darbe vurmada "acımasız mücadele – şefkatsiz darbe" ruhu ile birkaç gün eğitilirlerdi. Mücadele edilecek hedefler ise parti teşkilatı tarafından belirleniyordu. Bunlar ifşa etme sırasında hakkında daha fazla iddia ortaya atılanlar, ifşa etme sırasında yapılan haksız iddiaları reddedip cevap verenler, önceki hareketlerde meselesi halledilemeyenler, önceki hareketlerde "mücadele etme hedefi" olanlar, idarelerinde nezarette tutulanlar ve köylerde dört çeşit unsur diye Bozyer'e sürgün edilenlerden ibaretti.

Bu safhada bütün kamu kurumları, fabrika, okul ve köylerdeki üretim yerleri yukarıda "teşkilat" başlığında anlattığımız gibi sanki bir çalışma kampı haline geliyordu. Mücadeleye tabi tutulacak kişi aktiflerin gözetiminde meselesini ortaya koymaya hazırlık yapıp ifadesini yazıyordu. Bazılarına dinlenme fırsatı verilmiyor hatta akşam evine gitmesine bile izin verilmiyordu. Bu kişiler hareketin ilk safhalarında birkaç kere ortaya çıkarılıp konuşturuluyordu. Fakat tatmin edemedi diye tekrar düşünmeye sevkediliyor, bu sırada bir süre genç yaşlı, kadın erkek ayırt etmeden ağır fiziki işlere yollanıyordu. Bu safhada benim başıma gelenlerin bir kısmını yukarıda ilgili yerlerde anlatmıştım.

قوشۇنى تەرتىپلىنىدۇ. بۇلار ئادەتتە كوممۇنىست پارتىيە ئەزالىرى ۋە يا پارتىيىگە كىرىشكە كاندىدات كىشىلەر بولۇپ، خەلقىمىز « تەلپەكنى ئېلىپ كەل دېسە، بېشىنى كېسىپ كېلىدىغان، ئانىنىسىنىڭ ئەمچىكىنى كېسىدىغان» لار دەپ ئات قويغان كىشىلەردىن تەركىپ تاپىدۇ. بۇلارنى پارتىيە مەركىزى كومىتېتى 6 ـ قۇرۇلتايىنىڭ يولىيۇرۇقىدىكى سىنىپى دۈشمەنلەرنى كۈرەش قىلىش ـ زەربەبېرىشتا «رەھىمسىز كۈرەش ـ شەپقەتسىز زەربە» روھى بىلەن بىرقانچە كۈن تەربىيەلىنىدۇ. كۈرەش قىلىدىغان «نىشان» لەر بولسا، پارتىيە تەشكىلى تەرەپىدىن كۆرسىتىلىدۇ. بۇلار پاش قىلىش جەريانىدا ئۈستىدە كۆپرەك پىكىرچۈشكەنلەر، پاش قىلىش جەريانىدا بېرىلگەن ناھەق پىكىرلارنى رەد قىلىپ جاۋاپ بېرىپ سالغانلار، ئۆتكەنكى ھەرىكەتلەردە مەسىلىسى بىرتەرەپ بولمىغانلار، ئۆتكەنكى ھەرىكەتتە «كۈرەش قىلىش دۈيشاگى» بولغانلار، ئىدارىلەردە گۇمانلىق ئۇنسۇر دەپ نازارەتتە ئىشلاۋاتقانلار ۋە يېزىلاردا تۆرت خىل ئۇنسۇر دېگەن قالپاق ئاستىدا بوز يەرگە سۈرگۈن قىلىنغانلار دىن ئىبارەت. بۇ باسقۇچىدا پۈتۈن ئىدارە ـ جەمئىيەت، فابرىكا، مەكتەپ ۋە يېزىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى يۇقىرىدا«تەشكىللەش» مەۋزۇسىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمدەك خۇددى بىر لاگىر ھالىغا كېلىدۇ. كۈرەشكە تارتىلىدىغان كىشى ئاكتىپلارنىڭ نازارىتى ئاستىدا مەسىلىسىنى تاپشۇرۇشقا ھازىرلىق قىلىپ، ماتېرىيالىنى يازىدۇ. بەزىلىرىنى دەم ئالغىلى قويماي ھەتتا كېچىلىرىمۇ ئۆيىگە كىرگىلى قويمايدۇ. بۇكىشلەر ھەرىكەتنىڭ دەسلەپكى باسقۇچلىرىدا بىرقانچە قېتىم ئوتتۇراغا چىقىرىلىپ، سۆزلەيدۇ. ئاما، قانائەتلەنمىدى دەپ، ئويلاپ چىقىشقا قالدۇرۇلىدۇ. بۇ جەريانىدا بىرمەزگىل ياش ـ قېرى، ئەر ـ ئايال دېمەستىن مەجبۇرىي ئېغىرجىسمانى ئەمگەككە سالىدۇ. بۇ باسقۇچتا مېنىڭ بېشىمغا كەلەگەنلەردىن بىرقىسمىنى يۇقىرىدىكى مەۋزۇلاردا سۆزلەپ ئۆتتۈم.

Burada komunistlerin amacı fiziksel ve psikolojik eziyeti birleştirip insanın dayanma gücünü kırıp, zorla itiraf ettirme yolu ile "sınıfsal düşmanları" yok etme zemini hazırlamaktan ibaretti. Bu durum köylerde çok daha ağırdı. Aşağıda bunlardan birini anlatacağım. Hareketin birinde (Temmuzda hasat zamanında) bizi kırsala buğday biçmeye götürdüler. Kişi başı bir dönüm yerin buğdayını biçme görevi verilmişti. Bitiremezsek yakıcı sıcak altında ellerimiz kan içinde kalsa bile bez ile sarıp, mola vermeden işe devam etmek ve işi bitirmek zorundaydık. Fakat bizim bu halimiz köylülerin durumuna göre epey iyiydi. Onlar günlük buğday biçme vazifelerini bitirdikten sonra 5-10 kilometre uzaklıktaki bir yerden bir bağ yani tahminen 25 kilo gelen yabani dikeni söküp sırtlayıp getirmek zorundaydılar. Ben bir akşam günlük vazifemi bitirip gelirken, çölden diken yüklenip gelen bir grup insana denk geldim. Sıraya dizilmiş boylarından büyük diken yığınlarını sırtlamış gelen kişiler kısılmış sesleri ile Mao'nun "Bizim işlerimize yardım eden güç Çin Komunist Partisi", "Bizim ideolojimize esas teşkil eden teori Marksizm ve Leninizim" sloganlarını yüksek sesle tekrar ederek yürüyorlardı. Bunları grubun önünde ve arkasında yürüyen ellerinde kırmızı sopa olan 4 tane "halk polisi" götürmekte idi. Bunlar köylerde ortaya çıkarılan "sınıfsal düşmanlardan bir gurup idi". 50 metre arkada

كامموۇنىستلارنىڭ بۇلاردىن مەقسىدى، جىسمانىي روھى ئازاپنى بىرلەشتۈرۈپ، كىشلەرنىڭ چىداشلىق بېرىش كۈچىنى يوقۇتۇپ، مەجبۇرى ئىقرارقىلدۇرۇش ئۇسولى بىلەن ئۆزىنىڭ «سىنىپى دۈشمەن» لىرىنى يوقۇتۇشقا زىمىن هازىرلاشتىن ئىبارەت ئىدى. بۇ ئەھۋال يېزىلەردە بەك ئېغىرئىدى. توۋەندە بۇلار دىن بىرىنى سۆزلەپ ئۆتۈمەن؛ بىرقېتىمقى ھەرىكەتتە ئەسناسىدا، (7-ئايىدا ئوما مەزگىلىدە) بىزنى يېزىغا بۇغداى ئورۇغىلى ئەچىقتى. بىر كىشىگە كۈنلۈك بىرمۇ يەرنىڭ بوغدىنى ئوراش ۋەزىپەقىلىپ بېرىلگەنىدى. تۈگىتەلمەسەك، دەم ئېلىش سائەتىدا چىدىغۇسىز قاقرام ئىسسىقتا قوللىرىمىزدىن قان چىقىپ كەتسىمۇ لاتابىلەن تېڭىپ تۇرۇپ، ئوراپ ۋەزىپىنى تۈگىتىشكە مەجبۇر ئىدۇق. ئەمما، بىرنىڭ بۇھالىمىزدىقانلاردىن خېلى ياخشى ئىدى. ئۇلار بىر كۈنلۈك بۇغداي ئوراش ۋەزىپىنى ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىن، 5 - 10 كېلۇمېتىر ئۇزاقتىكى جايدىن بىر ئۇلاغ يەنى، تەخمىنەن 25 كىلۇ كېلىدىغان يانتاق (تىكەن) نى چېپىپ، يۈدۈپ ئېلىپ چىقىشى لازىم ئىكەن. مەن، بىر ئاخشىمى ۋەزىپەمنى تۈگىتىپ، قايتىپ كەلمەكتە ئىدىم. چۆلدىن يانتاق يۈدۈپ، كېلىۋاتقان بىر گۇرۇپ كىشلەرگە ئۇچراپ قالدىم. قاتار تىزىلىپ، بويىدىنمۇ ئېگىز باغلانغان يانتاقنى يۈدۈپ ئېگىلىپ كەتكەن كىشلەر بوغۇلۇپ، پۇتۇپ كەتكەن ئاۋازلىرى بىلەن ماۋنىڭ، «بىزنىڭ ئىشلىرىمىزغا يېتەكچىلىك قىلغۇچى كۈچ جۇڭگو كوكسەنداڭى(چىن كومموۇنىست پارتىيىسى)، بىزنىڭ ئىدىيمىزگە يېتەكچىلىك قىلغۇچى نەزەرىيۋي ئاساس ماركسىزىم لېنىنىزىم» دېگەن سۆز ئۈززۈندىسىنى ئۈنلۈك تەكرارلاپ، ئوقۇپ ماڭماقتا ئىدى. بۇلارنى گۇرۇپپانىڭ ئالدى ۋە ئارقىسىدىن قىزىل كالتەك كۆتۈرۈۋالغان 4 «خەلق ساقچى» يالاپ ماڭماقتائىدى. بۇلار يېزىدىكى تارتىپ چىقىرىلغان « سىنىپى دۈشمەن» لاردىن بىر گۇرۇپپا ئىدى. 50 مېتىر ئارقىدا،

yaşlı bir kadın bir bağ diken yığınını taşırken yorulduğundan yürümekte zorlanıyor, zar zor hareket edebiliyordu. Arkadan bir halk polisi bir yandan küfür ederken bir yandan elindeki sopa ile diken taşırken kanamaya başlayan ayağına vurarak "çabuk yürü" diye iteklemekte idi. Ben bu manzarayı görünce olduğum yerde kalakaldım. Eğer ben ya da annem bu hale düşersek ne yaparız diye birden irkildim.

Bu kadının günahı neydi? Bu kadın komunistlerin onbinlerce "sınıfsal düşman" diye adlandırdığı biçarelerden birisi yani bir zamanlar kocası "yurtta önemli bir yere sahip veya itibarlı dini bir kişi veya düzenden rahatsız, komunist rejimi bilinçli veya bilinçsiz rahatsız eden birisi idi. Tabi açıkça şikâyet edenlerin hali bunlarınkinden bin kat daha kötüydü.

Demek komunistlerin "hedef kitlesi", mücadele esnasında insanlıktan çıkmış muamele ve horlama ile dayanılmaz azaplara maruz kalıp, tasavvur edilmez fiziksel ve psikolojik işkence altında kalıyorlardı.

Mücadeleye normalde küçük ve büyük mücadele toplantıları ile başlanıyordu. Küçüğüne kendi idaresi veya kurumu içinde küçük bir toplantı ile başlanıyor, büyüğüne ilçe hatta il bazında insanlar toplanarak başlanıyordu. Toplantılar katılan kişilerin yüksek sesle Mao'nun "sözlerinden alıntı" ların ezberden okunması ile başlanıyor, ondan sonra Parti teşkilatı tarafından önceden görevlendirilen "aktifler" den birkaçı ansızın yerinden kalkarak,

بىرقېرى ئايال، بىرئۇلاغ كەلگەندەك يانتاقنى يۇدۇپ، ھېرىپ قالغانلىقتىن ماگالماي سەنتۈرۈلۈپ، ئاران كېلىۋاتاتتى. ئارقىسىدىن بىر «خەلق ساقچىسى» ئۇنى تىللىغاچ قولىدىكى كالتەك بىلەن يانتاق تىشىپ، قاناپ كەتكەن پاچىقىغا ھەدەپ ئۇرۇپ «تېزماك» دەپ ھەيدەپ كەلمەكتە ئىدى. مەن بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ، تۇرۇپ قالدىم. ئەگەر، مەن ۋە يا ئانام بۇھالغا كېلىپ قالساق قانداق قىلارمەن؟ دەپ، تېنىم بىردىن شۈركۈنۈپ كەتتى....!

بۇ ئايالنىڭ گۇناھى نېمىدى؟ بۇ ئايال كوممۇنىستلارنىڭ باشقا ئۇنمگلەرچە «سىنىپى دۈشمەن» دەپ نام بەرگەن بېچارىلەردىن بىرىسى، يەنى، بىر زامانلار ئېرى يۇرتتا چوڭ ئۆتكەن، يەرئىگىسى ۋە ياكى مۇتىۋەر بىردىنى زات. ۋە يا زامانغا نارازى، كوممونىزىم تۈزۈمىگە بىلەر - بىلمەس تەگىپ كەتكەنلەردىن بىرى ئىدى. تەبىئىكى، كۆرۈنەرلىك نارازىلىق ئىپادىسى بولغانلارنىڭ ھالى بۇلارنىڭكىدىن مىڭ ھەسە يامان ئىدى.

دېمەك، كوممۇنىستلارنىڭ «كۈرەش قىلىش دۇيشاڭ» لىرى، كۈرەش قىلىش جەريانىدا چېكىدىن ئاشقان ئىنسانىيەتسىزلىك مۇئامىلە ۋەخورلاش بىلەن چىدىغۇسىز ئازاپلارگە دۇچار بولۇپ، تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز جىسمانى ۋە رۇھىي ئازاپ ئاستىدا قالاتتى.

كۈرەش قىلىش، ئادەتتە كىچىك ۋە چوڭ كۈرەش يىغىنى ئېچىش بىلەن باشلىنىدۇ. كىچىك دېگىنى، ئۆز ئىدارىسى ۋە يا كىچىك بىردائىرە ئىچىدە مەجلىس ئېچىش بىلەن باشلىنىدۇ. چوڭ دېگىنى ناھىيە ھەتتا ۋىلايەت دىن خەلقلەرنى قاتناشتۇرغان ھالدا ئېچىلىدۇ. يىغىنغا قاتناشقان كىشلەرنىڭ ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن ماۋ نىڭ « سۆزلىرىدىن ئۈززۈندە» لەرنى يادقا ئوقۇش بىلەن باشلىنىدۇ. ئۇنىدىن كېيىن، پارتىيە تەشكىلاتى تەرەپىدىن ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان « ئاكتىپ» لار دىن بىرقانچىسى تۇيۇقسىز ئورنىدىن تۇرۇپ،

falan kişi derhal ortaya çıkıp hepimize hesap versin diye bağırmaya başlıyordu. İsmi söylenen biçare korkudan el ve ayaklarında derman kalmamış bir halde sahneye çıkıp, başını öne eğip, el pençe divan bekliyordu. Arka arkaya yağan falancadan aralıksız hesap soralım. Kahrolsun falanca, kaçıp kurtulamaz yılanın başını ezelim itiraf edenlere kolaylık, inat edenlere zorluk ve benzeri sloganlar ile mücadele edilen kişinin içine korku salıp, onu dehşet içinde bırakıyorlardı. Toplantının yapıldığı yere ve dışardaki duvarlara çeşit çeşit hiciv eden çizimler ve duvar gazeteleri yapıştırılıyor, toplantı sanki bir ceza meydanına dönüşüyordu. Toplantıdaki bir avuç aktiften başka herkes dehşet ve korku içinde kalıyordu. Kimi nasıl bir akıbetin beklediğini kimse bilmiyordu. Herkes bu iş benim başımada gelir mi diye endişe içinde kalıyordu. Sahneye çıkarılan kişi "özeleştiriye" başlıyordu. Yani aklının erdiği günden bugüne kadar geçen zamanda yaptıklarını anlatmaya başlıyordu. Bu esnada kendini savunmak yasaktı. Bu mücadelenin birinci safhası olup 1-2 ay devam ediyordu. İkinci safhada mücadele edilen kişinin boynuna büyük harflerle "devrim karşıtı falanca... vb yazılan tahta asılıyordu. Bunlar bazı yerlerde kartondan yapılsa da bazı yerlerde 20-30 kilo gelen tahtalar kullanılıyordu. Kültür devriminde bu işi ilerletip mücadele edilen kişilerin yüzüne kara sıvayıp, başına kırmızı yeşil külah geçirilip sahneye çıkarma işleri başladı. Hareketin en

ۋاقىراپ، پالانچى دەرھال ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئاممىغا ھېساپ بەرسۇن! دەپ، توۋۇلاپ كېتىدۇ. ئىسمى ئاتالغان بېچارە قورقۇدىن پوت ـ قوللىرىدا جان قالمىغاندەك بىرھالەتتە سەھنىگە چىقىپ، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، قولىنى باغلاپ تۇرىدۇ. ئارقا ـ ئارقىدىن گولدۇرلىگەن، «پالانچىدىن ئۇزىلكىسىل ھېساپ ئالايلى!، يوقالسۇن پالانى، قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، «ئىشت كاللىسىنى چېقىپ تاشلايلى، ئىقرار قىلغانلارغا كەڭچىلىك، جاھىللىق قىلغانلارغا قەتئىلىك ....» ۋەھاكازا دېگەنگە ئوخشاش شۇئار لار بىلەن بىرھەيۋەقىلىش، كۆرەش قىلىنىدىغان كىشىنىڭ يانا بىر قېتىم يۈرىكىنى مۇجۇۋېتىپ، دەھشەتكە سالىدۇ. مەجلىس ئىچىگە ۋە سىرتىغا تاملارغا ھەرخىل ھەجۋىي رەسىملەر ۋە تام گېزىتلار چاپلانغا بولۇپ، مەجلىس ئورنى خۇددى بىرجازا مەيدانىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. يېغىندىكى بىرئۆچۈم ئاكتىپلاردىن باشقا ھەممە كىشى بىردەھشەت ۋە قورقۇ ئىچىدە قالىدۇ. كىمنىڭ قانداق ئاقىۋەتكە ئۇچرىشىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. بۇ ئىش مېنىڭ بېشىغىمۇ كېلىپ قالارمۇ دېگەن ئەندىشە ئىچىدە قالىدۇ. سەھنىگە چىقىرىلغان كىشى «ئۆزىنى تەكشۈرۈش»كە باشلايدۇ يەنى، چوڭ بولغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان ئارىلىقتىكى «قىلمىش» لىرىنى سۆزلەشكە باشلايدۇ. بۇچاغدا، ئۆزىنى ئاقلاشقا بولمايدۇ. بۇ كۆرەش قىلىشنىڭ بىرىنچى باسقۇچى بولۇپ، 1 ـ 2 ئاي داۋام قىلىدۇ. ئىككىنچى باسقۇچتا، كۆرەش قىلىنىدىغان كىشىنىڭ بويۇنىغا « ئەكسىل ئىنقىلاپچى ـ پالانى..... » ۋە ھاكازا دېگەن چوڭ خەت يېزىلغان تاختانى ئېسىپ قويۇلىدۇ. بۇلار بەزى جايلاردا كارتۇن قەغەزگە يېزىلسا، بەزى جايلاردا 20 ـ 30 كىلۇ ئېغىرلىقتىكى تاختالار ئېسىپ قويۇلغان. مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا بۇ ئىش تەرەققى قىلىپ، كۆرەشكە تارتىلغان كىشىنىڭ يۈزىگە قاراسۇۋاپ، ئالا ـ يىشىل قەغەزدىن ئۇزۇن كولا ياساپ كيدۇرۇپ، سەھنىگەئېلىپ چىقىش ئىشلىرى باشلىدى. ھەرىكەت تازا

hararetli döneminde her alanda mücadeleye tabi tutulanlar yukarda anlatılan kıyafetlerle elleri arkadan bağlı bir şekilde bütün şehir dolaştırılarak teşhir edildiler.

Mücadelenin üçüncü safhasında "terbiye etme, itiraf ettirme" hayata geçiriliyordu. Bunda mücadele edilen kişi kendi idaresi içinde gözaltına alınıyordu. Kişi normal işlerini bırakıp, gündüzleri kaba işlerde, her türlü fiziki güç gerektiren ağır işlerde, hatta sokakları süpürme, tuvalet temizleme gibi düşük seviyeli işlerde çalıştırılıp, aşağılama ile psikolojik ve fiziki işkenceye alınıyordu. Geceleri aktiflerden oluşan özel grup "siyaseti anlatıp, meselesini ortaya çıkartma" denen ad altında, özellikle Kültür Devrimi sırasında her yerde kendi başlarına şekli değişmiş hapishaneler kurup, insanları resmi olarak işkenceye tabi tutup azap çektirdiler. Bu dönemdeki en çirkin uygulamalar yok yerden sorun çıkarıp, çamur atma, yalancı şahit çıkarıp yüzleştirme ile itirafa zorlama yöntemlerini kullanıp itiraf etmeyenleri sıkıştırma, gündüzleri ağır fiziki işlerde kullanıp, geceleri uyutmadan sorgulama, başaşağı asarak kamçılama, parmak aralarına bambu parçaları çakma, çıplak halde yabani diken üzerinde yuvarlama, dağlama, elektrik verme (bedenine elektrik akımı verme), başını kovaya sokma (vahşi Tunganların işkence yöntemi), kadınların giysilerinin içine kedi koyarak işkence etme idi. İşte size vatanımızda "Halkı kurtaranların" yaptığı "proleterya diktatörlüğü"-nün kurbanlarından benim gördüğüm veya duyduklarımdan birkaç tanesi.

ئەۋجىگە چىققاندا ھەر ساھا بويىچە كۆرەش قىلىنىۋاتقانلارنى يوقىرىقى قىياپەتلەر بىلەن قوللىرىنى ئارقىغا قىلىپ باغلانغان ھالدا قاتار قىلىپ، شەھەر رەستەلىرىنى ئايلاندۇرۇپ، سازايى قىلىندى.

كۆرەش قىلىشنىڭ 3 ـ باسقۇچىدا «تەربىيە بېرىش ـ ئىقرار قىلدۇرۇش» ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇنىڭدا كۆرەش قىلىنىۋاتقان كىشى ئۆز ئىدارىسى ئىچىدە نازارەت ئاستىغا ئېلىنىدۇ. كەسپى ئىشىنى توختىتىپ، كۈندۈزى قارا ئىشلارغا، ھەرخىل ئېغىر جىسمانى ئەمگەككە سېلىنىدۇ. ھەتتا، رەستە سۈپۈرۈش خالاتازىلاش قاتارلىق پەس ئىشلارغا سېلىپ، كىشى خورلاش بىلەن جىسمانىي ۋە رۇھىي ئىسكەنجىگە ئېلىنىدۇ. كېچىلىرى ئاكتىپلاردىن تەركىب تاپقان مەخسۇس گۇرۇپپا «سىياسەتنى چۈشەندۈرۈپ مەسىلىسىنى تاپشۇرغۇزۇش» دېگەن نام بىلەن مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا جايلار ئۆزئالدىغا مەخسۇس شەكلى ئۆزگەرگەن «تۈرما» قۇرۇپ چىقىپ، كىشلەرنى رەسمى قېيىن ـ قىستاققا ئېلىپ ئازاپلىدى. بۇجەرياندا ئەڭ قەبىھ بولغىنى، يوق يەردىن ۋەقە تېپىپ، يالغان بوھتان توقۇقۇپ چىقىش، يالغاندىن گۇۋا ـ شاھىد ياساپ، يۈزلەشتۈرۈش بىلەن ئىقرارقىلىشقا زورلاش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ، ئىقرار قىلمىغانلارنى قىيناش. كۈندۈزى ئېغىر جىسمانى ئەمگەككە سېلىپ، كېچىلىرى ئۇخلاتماي سوراققاتارتىش، تەتۈر ئېسىپ قويۇپ قامچىلاش، تىرناق ئارىسىغا بېجىن قۇمۇشى(بامبۇك) يىيىچىقلىرىنى قېقىش، يالاڭئاچلاپ يانتاق تىكىنى ئۈستىدە يۇملىتىش، ئوتقا قاقلاش، توكقا باغلاش (بەدەنگە ئېلىكترىك ئېقىمى بېرىش) گاڭزىغا بېسىش (ۋەھشى تۇڭگانلەرنىڭ ئادەم قىيناش ئۇسۇلى)، ئاياللەرنى ئېسىپ ئىشتىنى ئېچىگە مۇشۇكنى سۇلاپ قويۇپ قىيناش. مانا بۇلار ۋەتىنىمدە«خەلقنى ئازاتلىققا چىقارغۇچى» لار يۈرگۈزۈلگەن « پۇرۇلتارىئات دېكتاتور» سىنىڭ قۇربانلىرىدىن مەن كۆرگەن ۋە يا ئاڭلىغانلىرىمدىن بىرقانچىسى:

Babamın "ahlak düzeltme" eğitimindeki şüpheli ölümü (polis aileme "dün gece devrimci kitle ona meselesini ortaya koymaya yardım ediyordu" demiş).

Hoten'in meşhur dini âlimlerinden Hoca Niyaz Müftü, Hacı Hafız Abdunnebi, Muhammed Dursun Damolla ağır kalp hastası olmalarına rağmen tedavi bir yana ağır işkence ve dayaktan öldüler. Hacı Sancu Abdurreşit Bey (şu anda İstanbul'da ve hayatta) kendisi Hindistan'a kaçmıştı, "kadınlara birşey olmaz" diye karısını ise yurtta bırakmıştı. Toprak ıslahatında bu kadını toprak ağası ilan edip, mücadeleye tabi tutma sırasında ata bağlayıp sürükleyerek öldürdüler.

Medine'deki Muhammed Durmuş Gucam'ın eşi yabani diken yığınında yuvarlanıp dövüldükten sonra, hastalanıp öldü.

Lop Sampul'daki Muhammed Rahim Ahun Karapaç'ın (toprak ağası) eşini mücadele sırasında filistin askısına asıp, pantalonunun paçasını bağlayıp, içine kedi koyup işkence ettiler.

Benim idaremdeki Mihman denilen Tacik laborant "yurtdışına bağlanan unsur" denen suçlama ile bir ay karanlık odaya hapsedilerek yapılan işkence neticesinde bir ay geçmeden kör oldu. Levazımatçı Abdulaziz Hafız'ı yabancı radyo kanalından Kuran dinledi diye "yurtdışına bağlanan unsur" yapıp idaredeki bir odaya bir ay hapsettiler.

Bibi Meryem Hanım ablamı evde Kuran okurken tutuklayıp Kuranı boynuna asıp teşhir ettiler. Ve diğerleri… ve diğerleri

"Rejimden şikâyetçi" diye süphelendikleri kişileri mümkün mertebe

دادام نىڭ «ئىستىل تۈزىتىش» ئۆگىنىشىدىكى سىرلىق ئۆلۈمى. (ساقچى ئىدارىسىدىن ئائىلەمدىكىلەرگە» تۈگۈن كېچە، ئىنقىلابى ئامما، ئۇنىڭغا مەسلىسنى ئاپشۇرۇغۇزۇشقا ياردەملەشمە كچى بولغانىدى....» دېگەن).

خوتەننىڭ مەشھۇر دىنى زاتلىرىدىن ھۇشۇرنىياز مۇپتى ئاخۇنۇم، ئابدىنەبى قارى ھاجىم ۋە مەتتۇختى ئاخۇم داموللام ئېغىريۈرەك كېسەل بولىسمۇ داۋالاش، ئۆياقتا تۈرسۈن ئېغىر ئەمگەك ۋە تاياق دەستىدىن ئۆلۈپ كەتتى.

سانجۇ ئابدۇرىشت بەگ ھاجىم ( ھازىر ئىستامبۇلدا ھايات) ئۆزى ھىندىستانغا قېچىپ ئايالنى «خوتۈن كىشىگە بىرگەپ بولمايدۇ» دەپ، يۇرتتا قويۇپ چىققان. يەرئىسلاھاتىدە بۇئايالنى پومشچىك قىلىپ، كۆرەش قىلىش جەريانىدا ئاتقا سۆرىتىپ قىيناش جەريانىدا ئۆلۈپ كەتكەن.

مەدىنىدىكى مەتتۇردى خان غۇجامنىڭ ئايالنى يانتاقتا يۇمۇلىتىپ ئۇرغاندىن كېيىن، كېسەللىنىپ ئۆلۈپ كەتكەن.

لوپ سامپۇلادىكى مەتربھىم ئاخۇن قاراپاچ (پومشچىك) نىڭ ئايالنى كۆرەش قىلغاندا، ئۇنى تۈرۈسقا ئېسىپ قويۇپ، ئىشتىنىنىڭ پاچقىنى چىگىۋېتىپ، ئىچىگە مۇشۇك تاشلاپ قىيىنغان.

بىزنىڭ ئىدارىدىكى مېھمان دېگەن تاجىك لابىرانت، «چەت ئەل گە باغلانغان» دېگەن قالپاق بىلەن بىرئاي قاراڭغۇ ئۆيگە سولاپ قىيناش نەتىجىسىدە بىرئاي ئۆتمەي قارىغۇ بولۇپ قالدى. لاۋازىماتچى ئابلىز قارىمنى، چەت ئەل رادىئوسىدىن قۇرئان قىرائىتىنى تىڭشىغان دەپ، «چەت ئەلگە باغلانغان ئۇنسۇرقىلىپ، ئىدارىدە بىر ئۆيگە بىرئاي قاماپ قويغان....

بۇ مەرەم خان ئاچامنى ئۆيدە قۇرئان ئوقۇۋاتقان يېرىدىن تارتىپ چىقىپ قۇرئاننى بويىنغا ئېسىپ سازايي قىلغان.... ۋە باشقىلار.... ۋە باشقىلار.

«رىژىمگە نارازى» دەپ گۇمان قىلغانلار كىشلەرنى مۇمكىن قەدەر

bir tane bile sağ koymadan yok etmeyi hedefleyen komunist hâkimiyet yukardaki gibi zaman zaman yürüttüğü hareketlerle onların üstünde (tutarlı bir mesele bulamasa da) yalandan "mesele", "örgüt", "suç" uyduruyordu. Bu insanların çoğu itiraf ettirmek için yapılan işkencelerde öldü. Bunların hepsini "ölene kadar halka düşmanlık yapıp, inat ile kendini öldürdü" diye ilan ettiler. Mao öldükten sonra "dörtlü çetenin" ifşa edilmesi esnasında bunların çoğunun işkence ile öldürüldükleri ortaya çıktı. Bunlardan biri meşhur Çinli General Yang Dey Hu idi. Bizde bu durum daha vahim cereyan etti. Valilikte çalışan Ubeydullah'ı etnik milliyetçilere karşı durma hareketinde örgüt kurdu diye yalandan çamur atarak "kızıl muhafızlar komutanlığında" itiraf ettireceğiz diye bir ay vücuduna elektrik vererek işkence ederken ölünce, inat edip kendini öldürdü, diye ilan ettiler. Beş yıl sonra Ubeydullah'ın boynuna elektrik verilerek öldüğü ortaya çıktı. Ve diğerleri. Bugün bunları yazarken ansızın o günler gözümün önüne gelip, kendimi yine o girdaplarda boğuluyormuş gibi hissediyorum. Devamını yazmaya takatim kalmadı... kalemi bıraktım.

19 Haziran 1986 günü... Türkiye'ye geleli tas tamam 10 yıl oldu. Türkiye'de geçen 10 yılı düşünüp hayal denizine dalmışken

بىرىنىمۇساق قويماسلىق يولىنى تۇتقان كاممۇنىست ھاكىمىيىتى، يۇقىرىقىدەك زامان ـ زامان ئېلىپ بارغان ھەرىكەتلەردە ئۇلارنىڭ ئۈستىدە(بىرتۇتارلىق مەسىلە تاپالمىسىمۇ) يالغاندىن «مەسىلە»، «تەشكىلات»، «جىنايەت» لارنى ئويدۇرۇپ چىقتى. بۇلاردىن نۇرغۇنلىرىنى ئىقرار قىلدۇرىمىز دەپ قىيناپ ـ قىستاش جەريانىدە ئۆلۈپ كەتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى « خەلق بىلەن ئۆلگىچە دۈشمەنلىشىپ، جاھىللىق بىلەن ئۆلۈۋالدى» دەپ ئېلان قىلدى. ماۋزەيدۇڭ ئۆلگەندىن كېيىن، «تۆرت كىشىلىك گورۇھنى» پاش قىلىش دولقۇنىدا بۇلاردىن كۆپ قىسمىنىڭ قىيناپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇلاردىن بىرسى مەشھۇر خىتاي گېنرالى پېڭدەيخۇي. بىزدە بۇ ئەھۋال تېخىمۇ ئېغىر ئۆتتى. ۋالىي مەھكىمىسىدىكى ئەبەيدۇلانى يەرلىك مىللەتچىلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىدە تەشكىلات قۇرغان دېگەن يالغان بۇھتان بىلەن «قىزىل مۇھاپىزەت چىلار قوماندانلىقى» دا ئىقرارقىلدۇرىمىزدەپ، بىرئاي قىناپ ۋۇجۇدىغا ئېلېكتېرىك بەرگەندە ئۆلۈپ كەتسە جاھىللىق قىلىپ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى دەپ ئېلان قىلىندى. بەش يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئەبەيدۇلامىنىڭ بۇيىنىغا ئېلېكتېرىك سىمنى باغلاپ قويۇپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ئوتتۇرىغا چىقتى. ۋە باشقىلار .... بۇگۈن، بۇلارنى يېزىپ ئولتۇرۇپ، بىردىنلا ئۇ كۈنلەر كۆز ئالدىمغا كېلىپ، ئۆزەمنى يانا شۇ گىرداپلارغا شۇڭغۇپ كېتىۋاتقاندەك سېزىۋاتىمەن. داۋامىنى يېزىشقا جۇرئىتىم قالمىدى.... قەلەمنى تاشلىدىم.

1986 يىلى 6 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ـ تۈركىيىگە كەلگىنىمىزگە بۈگۈن توپ ـ توغرى 10 يىل بولدى. تۈركىيەدە ئۆتكەن 10 يىللىق جەريانىنى ئويلاپ، خىياللار دېڭىزىغا غەرق

bu hatıralarım aklıma geldi. Yazmayı ne zaman bıraktım hatırlamıyorum. Arayıp zar zor buldum. Hatıra yazmayı bırakalı 9-10 yıl oldu. Hayatımızda ve ailemizin maddi durumunda epey değişiklikler oldu. Bir bavul, bir tane Hoten halısı ve 1.200 sterlin ile Ankara'ya adım atmıştık. Bugün Rabbime şükürler olsun, Türkiye'nin başkenti Ankara'da kendi evimiz ve herşeyden öte şehir merkezinde kendi mülkümüz bir muayenehanemiz var. Hayatımız düzene girdi. Bunlar tıpkı hatıramın başında anlattığım mucizeler gibi bir işti.

Çocukları getirmek için 2-3 yıl uğraştım. Birleşmiş milletler, dünya Kızıl haç göçmenler teşkilatı ve Türkiye'deki İç işleri bakanlığı gibi kurumlara başvurdum. Sonunda Haziran 1980'de bu kurumların yardımı ile 8 kişilik 2 ailemiz Ankara'ya sağsalim geldi. Hiç ummadığımız yerden gelen bazı can sıkıcı hadise ve olaylar yaşandı. Murat ailemizden ayrılıp gitti. Yani köprünün altından çok sular aktı. Beni en çok üzen konu ise, abim ile ilişkimizdeki sıkıntıların temelinde yatan şeyin ikimizin dünya görüşünün zıt kutuplarda olmasıydı. Bunlar rüyamda görsem inanmayacağım şeylerdi. Ondan başka bu ara birkaç Avrupa seyahatim oldu. İspanya'nın Malaga şehrinde yapılan kongrede Ph D ünvanını aldım. Ve birkaç kere Hoten'e gitmek nasip oldu. Bunlar benim üzerimde unutulmaz izler bıraktı. Vatanımızı ziyaretimde vaziyet her seferinde değişiyordu. Bugün hatıramı yeniden yazmaya başlamamın nedeni de bu oldu. Yurdum başka bir döneme girmişti. Mao'nun zulmünden ve faşist rejimden eser kalmamıştı. Çin hükümeti "kapıyı açma",

بىرھالەتتە بۇخاتىرەمنى ئەسلىدىم. يېزىشنى قاچان توختىتىپ قويغانلىقىم ئېسىمدە يوق. ئاختۇرۇپ، خېلى تەسلىكتە تاپتىم. خاتىرە يېزىشنى توختاتقاندىن بېرى ئارىدىن 9 ـ 10 يىل ئۆتتى. ھايات ۋە ئائىلە تۇرمۇشىمىزدا نۇرغۇن ئۆزگىرىشلار بولدى. بىرچامىدان، بىردانە خوتەن گىلىمى ۋە1200 ستەرلىڭ بىلەن ئەنقەرەگە قەدەم قويغانىدۇق. بۈگۈن خۇدايىمغا يۈزمىڭ شۈكۈر، تۈركىيىنىڭ پايتەختى ئەنقەرە دە ئۆزىمىزنىڭ ئۆي ۋە ھەممىدىن ئېشىپ چۈشكىنى، شەھەر مەركىزىدە ئۆز مۈلكىمىز بىرمۇئايىنە خانىدە ئىشىمىزنى ھاياتىمىز ياخشى يولغا قويۇۋالدۇق. بۇلار خۇددى مەن خاتىرەمنىڭ بېشىدا سۆزلەپ ئۆتكەن، مۆجىزىلەر دەك بىر ئىش ئىدى.

بالىلەرنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن 2 ـ 3 يىل تىرىشتىم. بىرلەشكەن دۆلەتلىرى تەشكىلاتى، دۇنيا قىزىل كىرىست مۇھاجىرلار تەشكىلاتى ۋە تۈركىيە دىكى ئىجتىمائىي ياردەم مىنىستىرلىكى قاتارلىق جايلارغا ئەرز قىلىپ يۈرۈپ ئاخىرى 1980 ـ يىلى 6 ـ ئايدا بۇ لارنىڭ ياردىمى بىلەن 8 كىشلىك 2 ئائىلىمىز ئەنقەرىگە سالامەت يېتىپ كەلدى.

ھېچ كۈتمىگەن يەردىن بەزى كۆڭۈلسىز ھادىسىلەر ۋە ۋەقەلەرمۇ بولۇپ ئۆتتى. مۇرات ئائىلىمىزدىن ئايرىلىپ چىقىپ كەتتى...يەنى «كۆرۈۋۈكىنىڭ ئاستىدىن كۆپ سۇ ئېقىپ ئۆتتى». مېنى ئەڭ يامان رەنجىدە قىلغىنى ئاكام بىلەنكى مۇناسىبەتلىرىمىزدىكى كۆڭۈلسىزلىكلەر نىڭ تىگىدە ياتقان ئىككىمىزنىڭ دۇنيا قارىشىدىكى زىت قۇتۇبتا بولۇشىمىز ئىدى.... مانا، بۇلار ئۇخلىسىلىمو چۈشۈمگە كىرمەيدىغان ئىش ئىدى! ئۇندىن باشقا بۇ ئارا بىرقانچە ئاۋروپا ساياھەتلىرىم بولدى. ئىسپانىيەنىڭ «مالاگا» شەھىرىدە ئېچىلغان كونگرە دە Ph.D ئىلمىي ئۇنۋانى ئالدىم. ۋە بىرقانچە قېتىم خوتەنگە بېرىش نىسىپ بولدى. بۇلار مەندە ئۇنتۇلماس تەسىراتلەر قالدۇردى. ۋەتەن زىيارىتىمدە ھەرقېتىمقى سەپەردە ۋەزىيەت بىرئالدىنقىغا ئوخشىمايتتى. بۈگۈن خاتىرىنى يانا يېزىشقا باشلىشىمنىڭ سەۋەبىمۇ بۇ. يۇرتۇم باشقا بىرتوسقا كىرگەندى. ماۋزەيدوڭنىڭ زۇلمى ۋە فاشىستلىك تۈزۈمىدىن ئەسەر قالمىغان. خىتاي ھۆكۈمىتى « ئىشكىنى ئېچۋېتىش»، «

"herkese refah" gibi politikları uygulamaya başlamıştı. Kültür devrimi sırasındaki iç savaşta ev ve mülklerimizde meydana gelen zararların tazmini için başvuruda bulundum. Bir yıl sonra azda olsa bir miktar para verdiler. Bu paraya kendim bir miktar ekleyip, Şorvag'da bir ev ve evin önüne büyük bir mescid yaptırdım. Bir bayram günü ben Hoten'de iken eski geleneklerimize uygun olarak davul - zurna çalıp bayram namazı kıldık.

"Sınıfsal mücadele" ve "sınıfsal düşman" sözleri artık duyulmaz olmuş. Abdulhamit Ahun abim ve Mahdum "yeni hayat" hapishanesinden çıkmıştı. Abdulhamit abim eski görevine iade edilmiş. Mahdum da müderrisliğe başlayıp durumu epey iyileşmişti.

Vatandaşlarımızdan onlarca hatta yüzlerce kişi hacca gidip gelmekte idi. Akrabalarımızdan Abdurrahim abi, Abdulhamit Ahun abi, Halime Banu Hanım abla, Abdulehat Mahdum, Bibi Meryem Hanım ablam ve Nusret hanımlar da hac yapıp geldiler. Tüccarlar da durmadan gelip gidiyorlardı. Devir ve zamanın hakikaten aslına rücu ettiğini hissettim. Çünkü bunları bir zamanlar hayal bile edemezdim. Nurahmet Urumçi'ye gidip geleneksel Çin tıbbında okuyup geldi. 4-5 yıl uğraştıktan sonra Türkiye Sağlık Bakanlığından denklik aldı. Sonrasında muayenehaneye Nurahmetin de adı yazılı olan tabelayı astım. Nurahmet Hoten'e gidip evlenip geldi.

Fakat vatanımızın üstünde hala kızıl bayrak ve Tiennenman meydanında Mao'nun resmi asılı idi. Milletim bu olan bitene inanmamış ve şüphe içinde idi. Çünkü 30 küsür yıllık dehşet ve zulüm günleri onların gözünde dün gibiydi. Bunları unutmak mümkün mü? 7-8 yıl geçmeden halkımızın bu endişesinin

ھەممە كىشى باي بولۇش، دېگەنگە ئوخشاش سىياسەتلەرنى يولغا قويغان. مەدەنىيەت ئىنقىلابى جەريانىدىكى ئىچكى ئۇرۇشتا ئۆي ـ جايلىرىمىز ۋەيران بولۇپ، تارتقان زىيانلىرىمىز ئۈچۈن ئەرز قىلدىم. بىريىلدىن كېيىن، ئاز بولسىمۇ بىرمىقتار پول تۆلەپ بەردى. بۇنىڭغا ئۆزەم بىرمىقتار قوشۇپ، شورۋاغدا بىرئۆي ۋە ئۆينىڭ ئالدىغا چوڭ قىلىپ بىر مەسجىت سالدۇردۇم. بىرھېتتا مەن خوتەندە ئىكەن كونا ئەنئەنىمىز بويىچە ناغرا ـ كاناي چالدۇرۇپ ھېت نامىزى ئوقولدى.

« سىنىپى كۆرەش» ۋە « سىنىپى دۈشمەن» دېگەن سۆز لار ئەندى سۆزلەنمەيدىغان بوپتۇ. ئابدۇلھىمىد ئاخۇن ئاكام ۋە مەخسۇم « يېڭى ھايات » تۇرمىسىدىن چىقىپتۇ. ئابدۇلھىمىد ئاخۇن ئاكامنىڭ خىزمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈپتۇ. مەخسۇممۇ مۇدەرسلىكنى باشلاپ ھال كۆڭلىرى خېلى ياخشىلىنىپ قاپتۇ.

ۋەتەنداشلىرىم ئونلاپ ھەتتا يۈزلەپ ھەجگە كېلىپ كەلمە كىتەئىدى. توققانلار دىن ئابدورېھىم ئاكام، ئابدۇلھىمىت ئاخۇن ئاكام، ھېلمەبانۇ خان ئاچام ۋە ئابدۇرئەھەت مەخسۇم، بۇمەرەم خان ئاچام ۋە نۇسرەتخانلار مۇ ھەج قىلىپ كەتتى! تىجارەتچىلىرىمىزمۇ بەش قولدەك قاتناپ تۇراتتى. ۋە ھەقىقەن دەۋر ۋە زاماننىڭ ئۆزگەگەنلىكىنى ھېس قىلدىم چۈنكى، بۇلارنى بىر زامانلار خىيالغىمۇ كەلتۈرەلمەيتتىم. نۇرئەھمەت ئۇرۇمچىگە بېرىپ جۇڭيى دۇختۇرخانىسىدا ئوقۇپ كەلدى. 4 ـ 5 يىل يول مېڭىپ 96 ـ يىلى تۈركىيە ساقلىق مېنىستىرلىكىنىڭ تەستىقىنى ئالدۇق. ۋە مۇئايىنە خانىغا نۇرئەھمەتنىڭمۇ ئىسمى يېزىلغان تالىلونى ئاستۇق. ھەممىدىن ئېشىپ چۈشكىنى نۇرئەھمەت خوتەنگە بېرىپ ئۆيلىنىپ كەلدى.

ئەمما، ۋەتىنىم ئۈستىدە يەنىلا قىزىل بايراق ۋە تىيەن ئەنمىندە ماۋنىڭ رەسمى ئېسىغلىق ئىدى. مىللىتىم بۇلارغا ئىشەنچسىز ۋە گۇمان بىلەن قارىماقتا ئىدى. چۈنكى، 30 نەچچەيىللىق دەھشەتلىك ۋە زۇلمەتلىك كۈنلەر تېخىچە ئۇلارنىڭ كۆز ئالدا ھازىرقىدەك ئىدى. بۇلارنى ئۇنۇتۇشقا بولامدۇ؟ 7 ـ 8 يىل ئۆتمەستىن خەلقىمىنىڭ بۇ ئەندىشىسىنىڭ

haklılığı ortaya çıktı. Demirperde yeniden kapandı ve vatanımızdaki kızıl terör yeniden harekete geçti. Ve bu arada benim vatan ziyaretlerim durdu.

Bilgisayarda Uygurca yazış işini başardım ve ilk önce Abdulehat Makdumun "40 Hadis'inin" Uygurca tercümesini daha sonra Mevdudi'nin "İslamın Temel Prensipleri"ni bilgisayarda kendim yazıp matbaada 2-3 bin tane bastırıp bedelsiz dağıttım. Milletim buna tahmin edilmeyecek derecede teveccüh gösterdi. Vatandan ve dünyanın Uygurlar yaşayan yerlerinden özellikle Kazakistan, Kırgızistan, Özbekistan, Pakistan ve Suudi Arabistan'dan 200'e yakın çok tesirli mektup aldım.

27 Ekim 1998 hayatımın en mutlu günlerinden biriydi. Hazretimin yani Mehmet Emin Buğra'nın "Doğu Türkistan Tarihi"ni orjinal el yazmasından 2-3 yıllık bir çabanın sonucunda bugünkü Uygur edebi dilinin imlası ile bilgisayarda yazdım ve bugün sabah matbaadan çıktı. Her açıdan çok güzel bir eser ortaya çıktı. Ailece hepimiz mutlu olduk. Dağıtım işi de arzu ettiğimiz gibi oldu. Şu sıralar Ankara'da 11 ülkeden gelen delegelerle uluslararası Uygur gençleri kurultayı açılıyor. Kurultaya gelen 100'e yakın delegeye kitaptan birer tane dağıttım, kapıştılar. Kitap bu vesile ile Amerika'dan Japonya'ya kadar ulaştı. Artık hatıramı bitirip yine Mevdudi'nin "Tefhimul Kuran" isimli eserinin birinci cildini Uygurcaya "Kuranı anlamak" diye tercüme etmeye başlayacağım. Cenabı Allah'tan hayır ile tamamlamayı nasip etmesini niyaz ediyorum. Hakikaten bunlar benim için büyük mutluluk kaynağı oldu.

ھەقلىق ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا چىقتى. «ئۆمۈر» پەردە يەنە يېپىلدى ۋە ۋەتىنىمدە قىزىل تېرور يېڭىباشتىن ھەرىكەتكە باشلىدى. ۋە مېنىڭ بۇ ئارىدا ۋەتەن زىيارىتىممۇ توختىدى.......

كومپيۇتېردا ئۇيغۇرچە يېزىشنى بېجىردىم ۋە ئالدى بىلەن ئابدۇلئەھەت مەخسۇمنىڭ «40 ھەدىسنى ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى» نى كېيىنچە، مەۋدۇدىنىڭ «ئىسلامنىڭ ئاساسى پىرىنسىپلىرى» ئۆزەم يېزىپ ئىككىسىدىن مەتبەدە 2 ـ 3 مىڭ نۇسخە باستۇرۇپ ھەقسىز تارقاتتىم. مىللىتىمدىن بۇنىڭغا كۆتۈلمىگەن دەرىجىدە تەقدىر ئالدىم. ۋەتەنىدىن ۋە دونيانىڭ ئۇيغۇرلار ياشىغان جايلىرىدىن بولۇپمۇ قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان، پاكىستان ۋە سەئۇدى ئەرەبىستاندىن 200 پارچىغا يېقىن ئىنتايىن تەسىرلىك مەكتۇب ئالدىم.

1998 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ـ ھاياتىمدىكى ئەڭ زورخوشاللىق بىر كۈن ئىدى. چۈنكى ھەزرىتىم، يەنى، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» نى ئارگىنال قولىيازمىسىدىن 2 ـ 3 يىل تىرىشىپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇرچە ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملاسى بىلەن كومپيۇتېردا يېزىپ تۈگەتتىم ۋە بۈگۈن ئەتىسگەندە مەتبەگە بېرىپ، خۇدايا شۈكرى ! دېدىم. بىرئايدىن كېيىن2000 دانە كىتاپ مەتبەدىن چىقتى. ھەرجەھەتتىن ناھايىتى چىرايلىق بىر ئەسەر ئوتتۇرىغا چىقتى. ئائىلىچە ھەممىمىز خوشاللاندۇق. تارقىتىش ئىشىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك بولدى. شۇ كۈنلەردە ئەنقەرە دە 11 مەملىكەتتىن كەلگەن خەلقئارا «دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتاي» ئېچىلىۋاتىدۇ. قۇرۇلتايغا كەلگەن 100دەك ۋەكىللەرگە كىتاپتىن بىر داندىن تارقاتتىم. تالىشىپ كەتتى. كىتاپ بۇ ۋەسىلە بىلەن ئامېرىكا دىن ياپونىيەگىچە تارقىتىلدى. ئەمدى خاتىرەمنى تۈگىتىپ يەنە مەۋدۇدىنىڭ «تەفھىم القران» دېگەن ئەسىرىنىڭ بىرىنچى تومنى ئۇيغۇرچىغا «قۇرئاننى چۈشىنىش» دەپ تەرجىمە قىلىشقا باشلايمەن. جناب الله دىن خەيرلىك بىلەن تاملاشقا نەسىپ قىلىشنى تىلەيمەن. ھەقىقەن بۇلار مەن ئۈچۈن چوڭ بەختىيارلىق بولدى.

Şimdi hatırama kaldığım yerden devam edeceğim;

Yukarda yazdıklarım Çin komunist hâkimiyetinin Doğu Türkistan'da yürüttüğü sosyal ve siyasi hareketlerdeki siyaset ve yöntemlerin bir kısmıydı. Amaç bu tür hareketleri aralıksız devam ettirerek halkı dehşet ve korku içinde tutup komunist diktatörlüğü korumaktı. Bunun için Mao'nun "sınıfsal düşmanlara karşı sürekli darbe – acımasız mücadele" ilkesi her zaman uygulamada kaldı. Bu onlara karşı psikolojik baskı ile fiziksel işkenceyi birlikte uygulayıp ara vermeden sürekli devam ettirme demekti.

## Temizlik Hareketlerinin "Icabına Bakma" safhası

Her türlü isim ve makyaj ile yürütülen bu temizlik hareketleri hiç aralıksız devam etti. Bunlar sonraki öncekinin devamı olan devlet teröründen ibaret olup, arada bir "sınıfsal safı temizleme" adı altında icra edilen cezalandırma yani "icabına bakma" safhaları idi. İcabına bakılacak kişiler öncelikle parti teşkilatı tarafından "halk arasındaki zıddıyet", "dost ile düşman arasındaki zıddıyet" veya "büyük hak ile büyük haksızlık" diye ikiye ayrılıyordu. Burada esas yine adı geçen "sınıfsal mücadele" idi. Yoksul kesimin sorunları her zaman "halk arasındaki zıddıyet" diye hallediliyordu. Üst tabakadakilerin (sınıfsal düşmanların) sıradan sorunları bile dost

ئەمدى خاتىرەمنى قالغان يېرىدىن باشلايمەن؛

يۇقىرىدا يازغانلىرىم، خىتاي كوممۇنىست ھاكىمىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزگەن ئىجتىمائىي ۋە سىياسى ھەرىكەتلەر جەريانىدىكى سىياسەت ۋە ئۇسۇللىرىنىڭ بىرقىسمى. مەقسەد، بۇخىل ھەرىكەتلەرنى ئۈزمەي داۋاملاشتۇرۇپ، خەلقى دەھشەت ۋە قورقۇ ئىچىدە تۇتۇپ، كوممۇنىست دىكتاتورلۇقنى ساقلاپ قىلىش. بۇنىڭ ئۈچۈن، ماۋنىڭ «سىنىپى دۈشمەنلارگە قارىتا ئۆزلۈكسىز زەرەبە - رەھىمسىز كۈرەش ئېلىپ بېرىش» دېگەن كۆرسەتمىسى ھەردايىم تەكىتلىنىپ تۇراتتى. بۇ ئۇلارغا روھىي ئازاپلاش بىلەن جىسمانىي ئازاپلاشنى بىرگە ئېلىپ بېرىشنى توختىتىپ قويماسلىق ھەر دايىم قوللۇنۇش دېگەنلىكتۇر.

## تازىلاش ھەرىكەتلىرىنىڭ «چارە كۆرۈش » باسقۇچى

ھەرخىل نام ۋە پەدەز بىلەن يۈرگۈزۈلگەن بۇ تازىلاش ھەرىكەتلىرى ھېچ ئۈزۈلدۈرمەي ئېلىپ بېرىلدى. يەنى، بۇلار كېيىنكىسى ئالدىنقىسىنىڭ داۋامى بولغان دۆلەت تېرورىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئارادا بىر «سىنىپى قوشۇننى تازىلاش» نامى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان جازالاش يەنى چارە كۆرۈش باسقۇچلىرى بولاتتى. چارە كۆرۈلىدىغان كىشىلەر ئالدى بىلەن ئىدارە پارتىيە تەشكىلاتى تەرەپىدىن «خەلق ئىچىدىكى زىددىيەت» ، «دوست بىلەن دۈشمەن ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت» ۋەيا « چوڭ ھەق بىلەن چوڭ ناھەق» دەپ 2 خىلغا ئايرىلىدۇ. بۇنىڭدا ئاساس يەنىلا ھېلىقى« سىنىپى كۈرەش». كەمبەغەل سىنىپتىكىلارنىڭ مەسىلىسى ھەردايىم «خەلق ئىچىدىكى زىددىيەت» دەپ بىرتەرەپ قىلىنغان. يۇقىرى سىنىپتىكىلار(سىنىپى دۈشمەنلار) نىڭ ئادەتتىكى مەسىلىسمۇ دوست

ile düşman arasındaki zıddıyet diye icabına bakılıyordu. Bazen bu safhanın başlamasından önce "kolları sıvayıp mücadeleye atılma" adı altında birkaç gün herkes teker teker ortaya çıkıp, "özeleştiri" denen komik bir sahne ile sırayla testen geçiriliyordu. Halk arasındaki zıddıyet yoluyla çözülecek olanlar kendini tekrar gözden geçirip, uzun uzun tevbe edip, sözler vererek sahneden iniyor, bunların içinde meselesi biraz ağır olanlar "bozuk unsur" diye suçlanıyordu.

Meselesi "dost ile düşman arasındaki zıddıyet"e girenlerden bağlantısı var yani biraz da olsa siyasete karşı eylemi var olanlar "açık devrim karşıtı unsur" bunların arasında geçmişteki toplumda konumu yüksek olanlar ve bu seferki harekette haksızlıklara boyun eğmeyenler "ölene kadar pişman olmayan devrim karşıtı" denen suçlama ile toplantılarda tutuklanıyordu. Bunlardan bir kısmının (aslında hiçbir meselesi olmayan) "sınıfsal düşman"ları devrim karşıtı unsur, etnik milliyetçi, tehlikeli unsur, devrim karşıtı toprak ağası, burjuvanın kokuşmuş aydını, olarak suçlandıkları ilan ediliyordu. "Suçlanmak" demek o kişinin bütün siyasi ve toplumsal hakları elinden alındı demektir. Bu kişiye verilen çok ağır bir psikolojik ceza olup, suçlandı diye ilan edilen kişilerin çalıştıkları kurumlarda derecesi düşürülüyordu. Asıl görevinin yanında idaresindeki ağır işleri de yapmak zorunda kalıyordu. Yani yol süpürme, tuvalet temizleme, odun kırma,

بىلەن دۈشمەن ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت دەپ، چارە كۆرۈلگەن. بەزىدە بۇ باسقۇچ باشلىنىش ئالدىدا ‹ قول بەدەننى يۇيۇپ، كۆرەشكە ئاتلىنىش› دېگەن نام بىلەن بىرقانچە كۈن پۈتۈن كىشلەر بىر- بىردىن ئوتتۇرىغا چىقىشىپ، ‹ ئۆز - ئۆزىنى تەنقىت› قىلىش دېگەن كۆلكۆلۈك بىر سەھنە بىلەن ھەر كىشى بىردىن ‹ئۆتكۆلدىن› ئۆتكۆزۈلىدۇ. خەلق ئىچىدىكى زىدىيەت بويىچە بىر تەرەپ قىلىدىغانلار ئۆزىنى قايتا تەكشىرىپ، ئۇزۇن ئۇزۇن توۋا نامە ۋە ئەھدىنامىلەر بېرىپ سەھنىدىن چۈشىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئېغىرراق مەسلىسى بولغانلارغا ‹ بوزۇق ئۇنسۇر› دېگەن ‹قالپاق› كىيدۈرۈلىدۇ.

مەسلىسى ‹دوست بىلەن دۈشمەن ئىچىدىكى زىددىيەت› كە كىرىدىغانلار دىن ئىلىنجۇكى با ر يەنى، ئازراق سىياسەتكە خىلاپ ئەمەلىي ھەرىكەتى بار لارنى ‹ نەخ ئىنقىلابقا قارشى ئۇنسور›، بۇلار دىن ئۆتمۈش جەمىيەتكى ئورنى ئابرۇيى ئۈستۈن بولغانلار ۋە بۇ قېتىمقى ھەرىكەتكى ناھەقچىلىققا بويۇن ئەگمەي ئۆزىدە بولمىغان مەسىلگە ئىقرارقىلمىغانلارنى، ‹ ئۆلگىچە توۋا قىلمايدىغان ئەكسىل ئىنقىلاپچى› دېگەن جىنايەت بىلەن چوڭ يىغىندا قولغا ئېلىنىدۇ. بۇلاردىن بىرقىسمى (ئەسلىدە ھېچبىرمەسلى بولمىغان ‹ سىنىپى دۈشمەن› نى لار ئىنقىلابقا قارشى ئۇنسۇر، يەرلىك مىللەتچى، خەتەرلىك ئۇنسۇر، ئەكسىيەتچى پومشچىك، بۇرژئازىيەنىڭ سېسىق زىيالىسى دېگەن ‹قالپاق› كىيدۈرۈلدى دەپ ئىلان قىلىندۇ. «قالپاق كىيدۈرۈش» دېگەن ئۇ كىشىنىڭ پۈتۈن سىياسى ۋە ئىجتىمائىي ھەقلىرى ئېلىپ تاشلاندى دېگەن سۆز. بۇچارە كىشىگەبېرىلگەن ناھايىتى ئېغىر روھىي جازا دىن ئىبارەت بولۇپ، قالپاق كىيدۈرۈلدى دەپ ، ئېلان قىلغان كىشلەرنىڭ ئىدارىدىكى خىزمەت دەرىجىسى چۈشۈرلىدۇ. ئۆز ئورنىدا بېرىلگەن ۋەزىپىدىن باشقا ئىدارىدىكى قاراخىزمەتلارنى قىلىدۇ. يەنى، يول سۈپۈرۈش، خالا تازىلاش، ئوتۇن يېرىش،

kömür taşıma gibi ağır işlerde çalıştırılıyordu. Başkalarından ayrı olarak hiçbir bilimsel faaliyet, toplantı ve eğlenceye katılamıyor, yanlışlıkla girmiş bulunanlar kovuluyordu. Hiçbir sosyal yardım (geçim yardımı) verilmiyordu. Hastalandığında ilgilenilmiyordu. Hükümet tarafından verilen güzel bir evde oturuyor ise o yerden çıkarılıp en kötü yere gönderiliyordu. Yukarıya hiçbir şekilde başvuru, şikâyette bulunma hakkı yoktu. Akraba ziyareti veya başka bir nedenle bulunduğu yerden ayrılmaya izin yoktu. Başkalarına yazdığı mektubu öncelikle idaresine göstermek zorundaydı. Kısaca suçlanan kişi toplumdaki bütün insani haklarından mahrumdu. Toplu etkinliklerde yani bayramlaşmalarda, devlet büyüklerini karşılama törenlerinde suçlanan kişilerin hepsi bir yere toplanıp halk polislerinin nezaretinde ağır işlerde çalıştırılıyordu. Hoten'e Sudan ve Kamboçya devlet başkanları geldiğinde beni sabah evden çağırtıp, bugün dışarı çıkmayacaksın diyerek idarenin bostanında akşama kadar çalıştırmaları hiç aklımdan çıkmıyor. Sonradan öğrendim ki o gün bütün devlet memurları ve şehir ahalisini toplayıp devlet başkanlarını karşılamak için yollara dizmişler.

Köylerde suçlananlar esasen toprak ağası (arazi sahibi) zengin çiftçi ve önceki hükümet zamanında yüzbaşı (mahalle muhtarı) olanlardan ibaret olup, durumları çok daha kötüydü. Bunların hepsi yaşadıkları yerden kovulup, çölde Bozyer'e sürgün edildiler. Orda

كۆمۈر توشۇش قاتارلىق ئېغىر جىسمانىي ئىشلەرنى قىلىدۇ. باشقىلارغا ئوخشاش ھەرقانداق ئىلمىي پائالىيەت، ئومۇمىي يىغىن، ئويۇن ـ تاماشا ۋە مېھماندارچىلىققا قاتنىشالمايدۇ. ئەگەر تەسادىپ كىرىپ قالسا ھەيدەپ چىقىرىلىدۇ. ھەرقانداق ئىجتىمائىي ياردەم (تۇرمۇش ياردەمى) بېرىلمەيدۇ. كېسەل بولۇپ، قالسا ئېتىۋار بېرىلمەيدۇ. ھۆكۈمەت تەرەپىدىن بېرىلگەن ئۆيدىن ئۆيدە ئولتۇرۇپ قالغان بولسا ئۆيەردىن چىقىرىلىپ، ئەڭ ناچار ئۆي بېرىلىدۇ. يوقىرىغا ھېچقانداق پىكىر ۋەيا ئەرز ـ دات قىلىش ھەقى يوق. توققان يوقلاش ۋە باشقا مۇناسىۋەت بىلەن تۇرغان جايىدىن ئايرىلىشقا رۇخسەت يوق. باشقىلار غا خەت يازسا ئۇنى ئالدى بىلەن ئۆزئىدارىسىگە كۆرسىتىشكە مەجبۇر. قىسقىسى قالپىقى بار كىشى جەمئىيەتتە پۈتۈن ئىنسانىي ھوقۇقتىن مەھرۇم. ئومۇمىي پائالىيەتلار يەنى، بايرام تەبرىكلەش يىغىنلىرى، دۆلەت چوڭلىرىنى قارشى ئېلىش نامايىشلىرى قاتارلىقلاردا قالپىقى بار كىشلەرنىڭ ھەممىسىنى بىريەرگە يىغىپ خەلق ساقچىلىرى نازارىتىدا ئەمگەككە سېلىپ تۇتۇپ تورۇلىدۇ. خوتەنگە سۇدان ۋە كامبوژدا دۆلەت باشلىقلىرى كەلگەندە، مېنى ئەتتەگەن ئۆيدىن چاقىرتىپ چىقىپ، «بۇگۈن تالاغا چىقمايسىز» دەپ، ئىدارىنىڭ كۆكتاتلىقىدا كەچكىچە ئەمگەككەسالغانلىقى ھېچ ئېسىمدىن چىقمايدۇ. كېيىن، ئۇقسام ئۇكۈنى پۈتۈن ئىدارە كادىرلىرى ۋە شەھەرخەلقىنى رەستىگە ئېلىپ چىقىپ دۆلەت باشلىقلىرىنى قارشى ئېلىش نامايىشى ئۆتكۈزۈلىدىكەن.

يېزىلاردىكى قالپاق كىيگەنلەر ئاساسەن پومشچىك ( يەرئىگىسى)، باي دېھقان ۋە بۇررۇنقى ھۆكۈمەت دەۋرىدە يۈزبېشى(مەھەللە باشلىقى) بولغانلاردىن ئىبارەت بولۇپ، ئەھۋالى بەك ئېغىر ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسنى ئۆز ئۆيىدىن يۇرتىدىن ھەيدەپ، بوزيەرگە چۆلگە سۇرگۈن قىلىندى. ئۇيەردە

çukur kazıp, kamıştan yaptıkları kulubelerde yaşamaya mecbur edildiler. Halk polislerinin gözetiminde gece gündüz çalışıp, kumlukta yer açıp, çiftçilik yaptılar. Kışın su kanalı açmak için ailesinden ayrılıp çölde yatıp dayanılmaz ağır işlerde çalıştırıldılar. Bunun üstüne sürekli "değerlendirme toplantıları" ve "gelişme göstermeyenlerle mücadele" toplantıları yapılıp hakaret, küfür ve dayakla kat ve kat ağır işlerde kullanıldılar. Bayram günleri dinlenmelerine izin vermediler. Bayram ve özel günlerde kişi başına 4 ser (125 gram) yağ, 1 cing (500 gr) beyaz un ve yarım cing (250 gr) et dağıtılırken onların payına sadece mısır unu düştü. Kısacası suçlanan kişi toplumda hiçbir hakkı olmayan kişi demekti. Bunların sayısı Mao'un % 5 sınıfsal düşman dediği sayının kat be kat üstüne çıkmıştı. Bu insanlar ölene kadar bu damga ile yaşadılar. Toplu yemekhane devrinde bunların hali daha da kötüleşti.(5) açlıktan ve yetersiz beslenme kaynaklı ölüm olayları bunların arasında çok fazlaydı. Yeri gelmişken bir olayı anlatayım.

Kooperatifleşmeden sonra köylerde "halk komünleri" kurma devri başladı. Bu dönemde sovyetlerdeki "Kolhoz'laştırma" gibi çiftçilerin elindeki toprak ve üretim araçları (tarım aletleri, çiftlik hayvanları) tamamen devletin eline geçti. Daha da ileri gidilerek "Halk yemekhaneleri" kuruldu. Yani halkın

گەمە كۆلاپ، قومۇشتىن كەپپە تىكلەپ، يەرلىشىشكە مەجبۇر قىلىندى. خەلق ساقچىلىرىنىڭ نازارىتىدە كېچە ـ كۈندۈز ئىشلەپ قومۇلۇقتىن يەر ئېچىپ دېھقانچىلىققا سالدى. قىشتا ئۈستەك ئېلىش (سۇ قورۇلۇشى) ئۈچۈن، ئائىلىسىدىن ئايرىپ، چۆلدە يېتىپ چىدىغۇسىز ئېغىر ئەمگەككە سالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە داۋاملىق ‹ باھالاش يىغىنلىرى› ۋە ‹ ياخشى ئۆزگەرمىگەنلەرنى كۈرەش قىلىش› يىغىنلىرى ئېچىپ، ئۇلارنى ھاقارەتلەپ، ئۇرۇپ تىللىغان قاتمۇ ـ قات ئېغىر ئىشلارغا سالغان. بايرام كۈنلىرى دەم ئېلىشقا رۇخسەت قىلمىغان. ھېت ـ ئايام كۈنلىرى باشقا دېھقانلارغا كىشى بېشىغا 4 سەر (125 گرام) ياغ بىرجىڭ (500گرام) ئاق ئۇن يېرىم جىڭ (250 گرام) گوش سېتىپ بېرىلسە، ئۇلارغا نورمىدىكى قوناق ئۇنىدىن باشقا بىر نەرسە يوق. قىسقىسى، قالپىقى باركىشى جەمئىيەتتىكى ھوقۇقسىز كىشلەر دېمەكتۇر. بۇلارنىڭ سانى ماۋزەيدۇڭ كۆرسىتىپ بەرگەن ‹ 5% سىنپى دۈشمەن› دېگەن ئۆلچەمدىن بىرقانچە قات ئېشىپ كەتكەن. بۇلار ئۆلگىچە بۇ ‹قالپاق› ئاستىدا ياشىغان. جامائەت ئاشخانىلىرى دەۋرىدە بۇلارنىڭ ھالى تېخىمۇ ئېغىرلاشتى. (5) ئاچلىقتىن ۋە ئوزۇقلىنىشنىڭ يېتەرسىزلىكىدىن كېلىپ چىققان ئۆلۈم ھادىسىلىرى بۇلارئىچىدە ناھايىتى كۆپەيدى. يېرى كەلگەن ئىكەن، بىرئېچىنىشلىق مىسالنى سۆزلەپ ئۆتەي؛

كوپىراتسىيەلەشتۇرۇشتىن كېيىن، يېزىلاردا ‹خەلق كوممونىسى› قۇرۇش دەۋرى باشلاندى. بۇ سوۋېتلارنىڭ ‹كولخوز› لاشتۇرۇش دېگىنىدەك دېھقانلارنىڭ قولىدىكى يەر، دېھقانچىلىق ۋاستىلىرى (دېھقانچىلىق سايمان ۋە دېھقانچىلىق ھايۋانلىرى) چارۋا ماللىرى دۆلەت ئىگىلىكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىندى. شۇنىڭ بىلەن يېزىلاردىكى خوسۇسى ئىگىدارچىلىق تامامەن دۆلەتنىڭ قولىغا ئۆتتى. تېخىمۇ ئىگىرلەپ، ‹جامائەت ئاشخانىلىرى› قۇرۇلدى. يەنى، خەلقنىڭ

yeme içme işi de devletin eline geçti. 50-100 eve bir tane esasına göre kurulan halk yemekhanelerinde günde 3 öğün yemek almak için insanlar davul veya düdük çaldığında yemekhane önünde sıraya girmek zorunda idi. Hatta bu saçmalık şehirlerdeki devlet dairelerinde de bir süre uygulandı. Bu insanlık tarihinde benzeri görülmemiş bir dehşet idi. Halkımız bir kuru ekmek ve bir tas çorbaya muhtaç kaldı. Kısa bir süre sonra köylerde açlık ve vitamin eksikliği (pellegra-yetersiz beslenme kaynaklı hastalık) yayıldı.

Hoten'in Lop ilçesinin taklamakan çölüne yakın bir yerinde kurulan ilçenin "meydan"ında (köylerde suçlanıp sürgün edilenlerin çölde yerleşim yeri açmak için toplandıkları yer) açlık ve vitamin eksikliği hastalığından ölenlerin sayısı hızla artıp, buraya bir seyyar tedavi grubu gönderildi. Beni de doktorluk ve Çinlilere tercümanlık için bu grup ile birlikte gönderdiler. Bir gün oradaki hastaları muayene ederken, meydanın parti sekreteri bir mağaranın önünde durdu. Mağara bir kum yığınının kazılıp üstü kamışla kapatılmış, ağzına yabani diken yığını dikilmiş bir çukurdan ibaretti. O "burada bir toprak ağasının oğlu bir devrim karşıtı hasta var. 15 gündür hastayım diye çalışmadan yatıyor, onu bir muayene ediverseniz. Eğer yalandan hasta ise onu sürükleyerek de olsa çalıştıracağız" diye diken yığınını çekip "Sıraceddin dışarı çık doktor geldi" diye bağırdı. Mağaradan bir inilti geldi ve birisi emekleyerek zorlukla dışarı

يېمەك ـ ئىچمىكىمۇ دۆلەتنىڭ قولىغا ئۆتتى. 100 ـ 50 ئۆيلۈكنى ئاساس قىلغان جامائەت ئاشخانىلىرىدا خەلق كۈندە 3 ۋاخ يېمەكنى ئالماق ئۈچۈن، (دومباق ۋەيا پۇشتەك چالغاندا) ئاشخانە ئالدىدا تىزىلىپ تۇرۇشقا مەجبۇر قىلىندى.

ھەتتا بۇ تەلۋىلىك شەھەرلەردە ئىدارىلەردىمۇ بىر مەزگىل ھۆكۈم سۈردى. بۇ ئىنسانلىق تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن بىردەھشەت ئىدى. خەلقىمىز بىر زاغرا ۋە بىرئاياق ئۇماچقا مۇھتاج قىلىندى. ئۇززۇنغا قالماي بەزى جايلاردا ئاچارچىلىق ۋە چالاش (پىللاگرا. ئوزۇقلىنىش يېتەرسىزلىكىدىن كېلىپ چىقىدىغان كېسەللىك) ئەۋج ئالدى.

خوتەننىڭ لوپ ناھىسىنىڭ تەكلىماكان چۆلىگە يېقىن بىرجايدا بۇناھىينىڭ «مەيدان» (يېزىلەردىن قالپاق كىيدۇرۇپ سۇر گۇن قىلىنغانلارنى بوزيەر ئېچىش ئۈچۈن يەرلەشتۈرگەن ئورۇن) نىدا ئاچارچىلىق ۋە چالاش كېسىلىدىن ئۆلگەنلەرنىڭ سانى كۆپىيىپ كېتىپ، ھۆكۈمەت بۇ يەرگە بىر سەييارە داۋالاش گۇرۇپپىسى ئەۋەتتى. مېنى گۇرۇپپىدىكى خىتايلارغا تەرجىمان ۋە دوختۇرلۇق ۋەزىپىسى بىلەن بۇ گۇرۇپپا بىلەن ئەۋەتكەنىدى. بىركۈنى بۇجايدىكى كېسەللەرنى تەكشۈرۈۋېتىپ، بىزنى باشلاپ كېتىۋاتقان مەيدانىنىڭ سېكرىتارى بىر گەمىنىڭ ئالدىدا توختىدى. گەمە بىرقۇم دۆۋەسىنى كولاپ، ئۈستى قومۇش بىلەن يېپىلغان ۋە ئاغزىغا بىر باغلام يانتاق تىكنى تىكلەپ قويغان بىركاتەكتىن ئىبارەت ئىدى. ئۇ: بۇ يەردە پومشىچىكنىڭ بالىسى بىر ئەكسىل ئىنقىلابچى كېسەل بار، 15 كۈندىن بىرى كېسەل دەپ ئىشقا چىقماي ياتىدۇ. ئۇنى بىر تەكشۈرۈپ بەرسەڭلا. ئەگەر يالغاندىن كېسەل دەۋالغان بولسا ئۇنى سۆرەپ بولسىمۇ ئىشقا سالىمىز» دەپ، يانتاقنى تارتىپ تۇرۇپ، « سىراجىدىن! تاشقىرىغا چىق دوختۇر كەلدى» دەپ ۋاقىردى. گەمىدىن ئىنجىقلىغان بىر ئاۋاز چىقتى ۋە بىرسى ئۆمىلەپ تاشقىرىغا ئاران

çıktı. Oturmaya bile mecali yoktu. Yüzü kararmış üstü başı perişan sanki mezardan çıkarılmış ceset gibiydi. Çinli başkan bana "muayene edin" diye emretti. Çünkü kokudan başka kimse yakına gelemedi. Ben bu ölmek üzere olan adama yaklaştım. Bir iki kelime soru sordum. Steteskop ile dinledim. Bütün vücudu alev almışçasına sıcaktı ve vucuduna değmek mümkün değildi. Adamda ağır derecede pellegra ve kalp yetmezliği olduğunu gördüm. Bu dünyadaki günleri sayılıydı. O beni tanıdı ve fısıldayıp "Hacım Allah rızası için bana yardım edin" dedi ama ben hiç hatırlayamadım ve kim acaba diye hayret ettim. Grup başkanımıza "bu adam ileri derecede pellegra ve kalp hastası tedaviye ihtiyacı var, çalıştırılırsa ölür dedim". Sekreter bunun için yukarıdan onay almam lazım şimdi hastaneye yatıramayız dediği için o biçareyi mağarada bırakıp geri döndük. Yolda giderken sekreter bu adam hakkında bilgi verip, "bu sınıfsal düşman unsur, Lop ilçesinin en büyük toprak ağası ve Hindistan'la ticaret yapan Hacı Raşidin'in oğlu Sıraceddin. Babası bunu Türkiye'ye okumaya göndermiş. 1949 yılında geri gelmiş" dedi. Birden hatırladım. Biz 1947 yılında Dammu'dan Keşmir'e döndüğümüzde evimize gelip babam ile görüşmüştü. Babam bize onu "bu aptal çocuk Türkiye'ye Mehmet Rıza'lar ile birlikte okumaya gitmişti. Alışamadım diye okuldan ayrılmış" diye tanıtmıştı. Türkiye'ye geldikten sonra Mehmet Rıza abimin resim albümünde Sıraceddin'in Mehmet Emin Buğra'nın

چىقتى. ئۇنىڭ ئولتۇرغىدەك ھالى يوقتى. چىرايى قارىدەپ كەتكەن، ئۈستى جۇل ـ جۇل خۇددى گودىن ئېچىۋالغان ئۆلۈكتەك ئىدى. خىتاي باشلىق مېنى «تەكشۈرۈپ بېقىڭ» دەپ بۇيرىدى. چۈنكى سېسىقچىلىقتىن باشقىلار يېقىن كېلەلمىدى. مەن بۇ يېرىم جان ئادەمگە يېقىن كەلدىم. بىر ئىككى ئېغىز گەپ سوردۇم، پانتىسكوپ بىلەن تىڭشاپ كۆردۈم. پۈتۈن ۋۇجۇدى ئوتتەك كۆيگەندە تىلما ـ تىلما بولۇپ كەتكەن بولۇپ، بەدىنىگە قول تەككۈزگىلى بولمايتتى ئادەمدە ئېغىر چالاش كېسىلى ۋە يۈرەك يەتمەسلىكى بارلىقىنى كۆردۈم. بۇ دۇنيادا ئانچە ئۇزۇن ۋاقتى قالمىغاندەك ئىدى. ئۇ مېنى تونۇدى ۋە پىچىرلاپ، « ھاجىم، خۇدالىق ئۈچۈن، ماڭا ياردەم قىلىسلا» دىدى. ئەمما مەن ھېچ خاتىرلىيەلمىدىم ۋە بۇ كىمدور؟ دەپ ھەيران قالدىم. گۇرۇپ باشلىقىمىزغا « بۇ ئادەم ئېغىرچالاش ۋە يۈرەك كېسەلى، جىددى داۋالاش ئېھتىياجى بار. ئەمگەككە سالسا ئۆلىدۇ» دىدىم. سېكرىتار، بۇنىڭ ئۈچۈن، يۇقىرىدىن يۇلىيۇرۇق سورىشىم لازىم. ھازىر دوختۇرخانىغا يۆتكەشكە بولمايدۇ دىگەنلىكتىن، ئۇ بىچارىنى گەمدە قويۇپ كەتتۇق. يولدا كېتىۋېتىپ سېكرىتار بۇئادەمنى تونۇشتۇرۇپ، «بۇ سىنىپى دۈشمەن ئۇنسۇر، لوپ ناھىيىسىنىڭ ئەڭ چوڭ يەرئىگىسى ۋە ھىندىستاندا تىجارەت قىلدىغان مەشھۇر راشىدىن ھاجىنىڭ بالىسى سىراجىدىن. دادىسى بۇنى تۈركىيەگە ئوقۇغىلى ئەۋەتكەن ئىكەن. 49 ـ يىلى قايتىپ كەلگەن» دىدى. بىر دىن خاتىرلىدىم. بىز 1947 ـ يىلى دامىمو دىن كەشمىرگە قايتىپ كەلگىنىمىزدە ئۆيىمىزگە كېلىپ دادام بىلەن كۆرەشكەن ئىدى. دادام بىزگە ئۇنى « بۇ ئەھمەق بالا تۈركىيەگە مۇھەممەد رىزا لار بىلەن ئوقۇشقا كەتكەنىدى. كۆنەلمىدىم دەپ، مەكتەپتىن قېچىپ كېپتو» دەپ تونۇشتۇرغانىدى. تۈركىيە كەلگەنىدىن كېيىن، مۇھەممەد رىزا ئاكامنىڭ رەسىم ئالبۇمىدا سىراجىدىنىنىڭ مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ

Türkiye'ye getirip okuttuğu Doğu Türkistanlı gençler ile çektirdiği resmi görünce olay tekrar gözümde canlandı. Demek biçarenin kaderi onu bu dünya cehennemine yani Bozyer'deki "Meydan"a sürüklemişti. Daha sonra duyduğuma göre yukarıdan onay gelene kadar yani bir ay sonra Sıraceddin o mağarada ölmüş. Görevliler ise mağaranın ağzını kapatıp onu öldüğü yere gömmüşler. Bozyer'dekilerin çoğunun akıbeti yukarıdakinden farklı değildi. "Özel mülkiyeti kamu mülkiyetine dönüştürme" ve "halk yemekhaneleri" gibi zulumler yetmezmiş gibi "demir çelik eritme" diye saçma bir faaliyet başladı. Bütün memlekette herkese demir çelik eritme vazifesi verildi. Aslında bunda amaç şuydu; ağır sanayisi berbat bir durumda olan Çinliler bu sorunu halletmelerinin tek yolunun bütün güç ile demir çelik üretimini arttırmak diye düşündüler ve bu işi de halkın sırtına yüklediler. Bundan önce hükümet "Amerika'ya direniş, Kore'ye yardım" sloganı ile halkın evindeki dökme kazan ve bakır tencereler "yardım" diye zorla toplanmıştı. Halk yine kazan kepçeye el koyacaklar diye korkmaya başladı. Fakat bu sefer her bölgenin kendi başına demir eritme ocakları yapıp kendileri hammadde bulup demir ve çelik üretmesi gerekiyordu. Mesela bizim hastanedeki doktorları gruplara ayırıp her grup sırayla kendi işini bırakıp bir ay bu işi yapıyordu. İdarenin arkasına kendimiz büyük bir

تۈركىيەگە ئېلىپ كېلىپ، ئوتتۇرا شەرقىي تۈركىستانلىق ياشلار بىلەن چۈشكەن رەسىمنى كۆرگىنىمدە بۇ ۋەقە تەكرار كۆز ئالدىمغا كەلدى. دېمەك بىچارە نىڭ تەقدىرى ئۇنى بۇدۇنيا نىڭ جەھەننىمگە يەنى «بوز يەر دېكى مەيدان» غا سۈرەپ كەلگەن ئىكەن. كېيىن، ئاڭلىسام «يۇقىرىدىن» ئۇچۇر كېلىپ بولغىچە يەنى، بىرئايدىن كېيىن، سىراخدىن ھېلىقى گەمسىدە ئۆلۈپ كېتىپتۇ. تەشكىلدىن ئادەم كېلىپ، گەمىنىڭ ئاغزىنى ئېتىپ كۆمۈپ قويۇپتۇ. بوز يەر مەيدانىدىكىلەرنىڭ كۆپچىلىگى ئاقىۋەتلىرى يۇقىرىقىدىن بەك پەرقلىق ئەمەستى.

« خۇسۇسى مۈلكچىلىكنى ئومۇمىي مۈلكچىلىككە ئۆزگەرتىش» ۋە «جامائەت ئاشخانىسى» غا ئوخشاش زۇلۇملار ئاستىدا قالغان خەلققە بۇنى ئاز دەپ، «پولات - تۆمۈرئېرىتىش» دولقۇنى دېگەن تەلۋىلارچە بىر پائالىيەت باشلىتىلدى. بۇنىڭدا پۈتۈن مەملىكەتتە ھەر ساھادا پولات - تۆمۈر ئېرىتىش ۋەزىپىسى قويۇلدى. ئەسلىدە بۇنىڭدىكى مەخسەد، ئېغىر سانائىتى بەربات بولغان خىتاي بۇنى ھەل قىلىشنىڭ بىردىن بىر چارىسى دەرھال پۈتۈن كۈچ بىلەن پولات - تۆمۈر ئىشلەپ چىقىرىشنى ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت دەپ ھېساپلىغان ۋە بۇنى خەلققە ئارتقان ئىدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى، ھۆكۈمەت « ئامېرىكا قارشى تۇرۇپ، چاۋشەن (كورىيە)گە ياردەم قىلىش» دېگەن شۇئارنى چىقىرىپ، خەلقنىڭ ئۆيىدىكى چۆيۈن قازان ۋە مىس چوگۇنلىرىنى « ياردەم» دەپ مەجبۇرى يىغىۋالغانىدى. خەلق يەنە قازان - چۇمۇچمىزنى تارتىۋالىدىغانغا ئوخشايدۇ دەپ ئەنسىرەشكە باشلىدى. لېكىن، بۇ قېتىم جايلار ئۆز ئالدىغا تۆمۈر ئېرىتىش ئوچاق (پېچ) لىرىنى ياساپ، ئۆزلىرى خام ماددا تېپىپ پولات - تۆمۈر ئىشلەپ چىقىشلىرى لازىم ئىدى. مەسلەن؛ بىزنىڭ دوختۇرخانىدىكى دوختۇرلارنى گۇرۇپپىلارغا ئايرىپ، نۆۋەت بىلەن ھەر گۇرۇپپا كەسىپى ئىشنى توختىتىپ، بىرئاي بۇنىڭغا ئايرىلغان. ئىدارىنىڭ ئارقىسىغا ئۆزىمىز چوڭ بىر

hadde ocağı yaptık. Araba bazende at arabası ile dağdan demir cevheri ve taş kömürü taşıdık. Birkaç ay çalışmamıza rağmen bir sonuç elde edemedik. Bir sürü emek ve sermaye boşa gitti. Hatta köylerde çiftçileri bile "demir çelik eritme" işinde kullandılar. Köylerdeki sonuç daha kötü oldu. Hiçbir şey üretilememesinin yanında çiftçiler çok zarar etti. Ocaklar için köylerdeki ağaçları hatta meyve ağaçlarının hepsini yakıp bitirdiler. Dağdan cevher ve taş kömürü taşımak için kullanılan at ve eşeklerin çoğu öldü. Sonuçta hasat edilen tahıl azaldı. Tarihinde hiç açlık görmemiş yurdumuzun çoğu bölgelerinde açlık baş gösterdi. Daha sonra öğrendiğimize göre (gerçekleştiği zaman bu tür haberlere çok sıkı sansür uygulandığı için) Bay ilçesinde büyük bir açlık baş gösterip, binden fazla kişi ölmüş. Bay ilçesinin parti yöneticisi (sekreteri) eleştirilmekten korkup, o yılın mahsulatını merkeze hedefi aştık diye rapor etmiş. Buna göre merkez Bay ilçesinin fazla mahsulatını "devlete satmasını" istemiş. Onun için ambarlardaki mahsulatın hepsi devlete satıldığı için açlık baş gösterdiğinde ilçenin ambarlarında hiçbir şey kalmamıştı. Anlatıldığına göre bu açlık Çin'de de çok ağır olmuştu. Böylece Çinliler kitleler halinde kaçıp, bize doğru göç etmeye başladılar. Bunların bir kısmını hükümet organize etmiş olsa da çoğu düzensiz bohçasını sırtlayıp çıkanlardı. Bu durum halkımız için yeni bir felaket oldu.

خۇمدانغا ئوچاق ياساپ چىقتۇق. ماشىنا بىلەن بەزىدە ھارۋا بىلەن تاغدىن تۆمۈر رودىسى ۋە تاش كۆمۈر توشۇدۇق. بىر قانچە ئاي ئىشلەپمۇ بىر نەرسە چىقىرالمىدۇق. نۇرغۇن كۈچ ۋە ئىقتىساد بىكارغا كەتتى. ھەتتا يېزىلاردا دېھقانلارنىڭمۇ بۇ يول بىلەن «پولات - تۆمۈر» ئېرىتكىلى سالدى. يېزىلاردا نەتىجە تېخىمۇ ئېغىر بولدى. ھېچ بىر نەرسە چىقىرىلمىغانلىق سىرتىدا دېھقانلار كۆپ زىيان تارتتى. يېقىلغۇ ئۈچۈن، يېزىلاردىكى دەل - دەرەخلەرنىڭ ھەتتا مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ھەممىسنى دېگىدەك قالاپ تۈگەتتى. تاغدىن رودا ۋە تاش كۆمۈر توشۇشتا ئىشلەتكەن ئات - ئىشەكلەرنىڭ تولىسى ئۆلدى. نەتىجىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلاتى ئازىيىپ كەتتى. تارىختىن بېرى ئاچارچىلىق يۈز بەرمىگەن يۇرتىمىز كۆپلىگەن جايلىرىدا ئاچارچىلىق يۈز بەردى. كېيىنچە ئاڭلىشىمىزچە (ئۆز ۋاقتىدا ھۆكۈمەتنىڭ بۇ خىل خەۋەرلەرنى قاتتىق قامال قىلغانلىقىدىن) باي ناھىيىسىدە قاتتىق ئاچارچىلىق يۈز بېرىپ، مىڭدىن ئۇشۇق كىشى ئۆلگەن ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە باي نىڭ پارتىيە شۇجىسى ( سېكرىتارى) تەنقىتكە ئۇچراشتىن قورقۇپ، مەركەزگە ئۆيلىنىڭ دېھقانچىلىق مەھسۇلاتىنى نورمىدىن ئاشتى دەپ يالغان دوكىلات قىلغان. بۇنىڭغا قاراپ، مەركەز باي ناھىيسگە ئارتۇق ئاشلىقنى «دۆلەتكە سېتىپ بېرىش» ۋەزىپىسى تاپشۇرغان. ئۇنىڭ ئۈچۈن، ئامبارلاردىكى بارلىق ئاشلىقنىڭ ھەممىسنى دۆلەتكە سېتىپ بەرگەنلىكتىن ئاچارچىلىق يۈزبەرگەندە ناھىينىڭ ئاشلىق ئامبىرىدا ھېچ ئاشلىق قالمىغان. ئېتىشلارغا قارىغاندا، بۇ ئاچارچىلىق خىتاي ئىچىدە بەك ئېغىر بولغان. شۇنىڭ بىلەن ناھايىتى كۆپ ساندا خىتاي ئاچارچىلىقتىن قېچىپ چىقىشقا باشلىدى. بۇلاردىن بىرقىسمىنى ھۆكۈمەت ئۆزى تەشكىلەپ ئېلىپ چىققان بولسىمۇ كۆپ قىسمى قالايمىقان ھالدا كۆزدە كەپسىنى يۆدۈپ قېچىپ چىقتى. بۇ ئەھۋال خەلقىمىز ئۈچۈن يەنە بىرئاپەت بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقتى.

Karınca gibi heryerden çıkan bu davetsiz "misafir"ler toplum düzenini bozmakla kalmayıp halkımızın dediği gibi "b... konan sinek" gibi bir hal aldı.

**Hüküm İlan Etme Safhası**

Yukardaki gibi hareketlerde tutuklanan kişiler toplantı meydanında bağlanıp götürüldükten sonra onları birdaha kimse görmüyordu. Ne halde olduklarını kimse bilmiyordu. Yakınları ile görüştürülmüyorlardı. Bu sırada tutuklanan kişinin işkence ile "suçunu kesinleştirme" safhası başlıyordu. İşte bu Çin komunistlerinin sözde adaletiydi. Suçlanan kişinin kendini savunma hakkı yoktu. Gelişme ve medeniyette en geri kalmış devletlerde bile zanlının kendini savunma yani avukat tutup, kendini aklama hakkı vardır. Hatta sorulara cevap vermeden susma hakkını kullanma, karara itiraz etme hakkı vardır.

Fakat proleterya diktatörlüğündeki Çin komunist hâkimiyetinin lugatında bu kelimelerin hiçbiri yoktu. Tutuklanan kişinin bu sırada başka biriyle görüşmeye, derdini anlatmaya, suçsuzluğunu kanıtlamak için başka birini şahit göstermeye hakkı yoktu. O biçarenin şahidi daracık işkence hücrelerinde atılan dayak, duvara sıçrayan kanlardı!

"Halk adliyesi" mensupları yukarıdaki gibi adaletle verdikleri hükümleri yazıp mahkûmun eline tutuşturup gidiyordu. Ertesi gün sokaklara hüküm ilanı yapıştırılıyor veya ikinci bir hareketin başlangıcına kadar gizlenip, büyük hüküm ilan

جۇملىدەك ھەر تەرەپكە تارقالغان بۇچاقىرىلمىغان ئاچ «مېھمان» لارجەمئىيەت تەرتىۋىنى بوزۇپلا قالماستىن خۇددى خەلقىمىزنىڭ ئېيتقىنىدەك «.... قا قونغان چۈن» دەك ھالەتنى شەكىللەندۇردى.

**ھۆكۈم ئىجرا قىلىش باسقۇچى: -**

يۇقىرىقىدەك ھەرىكەتلەر دە قولغا ئېلىنغان كىشىلەر يېغىن مەيدانىدىن باغلاپ ئېلىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇلارنى ھېچ كىم كۆرمەيدۇ. نەردە، نېمە ئەھۋالدا ئىكەنلىكىنىمۇ ھېچكىم بىلمەيدۇ. يېقىنلىرىنى كۆرۈشتۈرمەيدۇ. بۇجەرياندا قولغائېلىنغا كىشىنى يەنە قىين - قىستاق ئارقىلىق «جىنايىتىنى بىكىتىش» باشلىنىدۇ. مانا، بۇ ختاي كوممۇنىستلىرىنىڭ ئاتالمىش « ئادالىتى». ئېيپلانغان كىشىنىڭ ئۆزىنى ئاقلاش ھەققى يوق. دۇنيادا تەرەققىيات ۋە مەدەنىيەتتە ئەڭ ئارقىدا قالغان دۆلەتلەردىمۇ جىنايەتچىنىڭ ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىش يەنى ، ئاوكات (ئادۇكات) تۇتۇپ ئۆزىنى ئاقلاش ھەققى بار. ھەتتا سوراقچىنىڭ سوراقلىرىغا جاۋاب بەرمەسلىك ھۆكۈمگە ئېتىراز قىلىش ھەققى بار.

ئەمما، «پورلېتارىئات دېكتاتورلۇقىدىكى» ختاي كوممۇنىست ھاكىمىيتىنىڭ لوغىتىدە بۇ سۆزلەرنىڭ ھېچبىرسى يوق. قولغا ئېلىنغان كىشىنىڭ بۇ مەزگىلدە باشقا بىرسى بىلەن كۆرۈشۈشكە، دەردىنى ئاڭلىتىشقا، ئۆزىنىڭ گۇناھسىزلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن باشقا بىرسىنى گۇۋاچىلىقا كۆرستىش ھەققى يوق. ئۇ بىچارىنىڭ گۇۋاچىسى، كاتەتەك تار قىناش ھوجرەلىرىدىكى سۇنغان تاياقلار، تامغا چاچرىغان قانلار ....!

«خەلق ئەدلىيە» مەنسۇپلىرى يۇقىرىقىدەك ئادالىتى بىلەن چىقارغان ھۆكۈمنى يېزىپ مەھكىمىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ كېتىدۇ. ئەرتىسى رەسمىگە «ھۆكۈم ئىجرا» ى يېپىشتۇرۇلىدۇ. ۋە ياكى ئىككىنجى بىرھەرىكەتنىڭ باشلىنىشىغىچە ساقلاپ، « ھۆكۈم ئىجرا قىلىش چوڭ يېغىنى» ئېچىپ، ئىجرا

toplantısı yapıp açıklanıyordu. Bu toplantıları diğerlerinden ayıran husus, toplantı yapılan yerin etrafını askerler kuşatıyor ve öndeki birkaç sırada silahlı askerler duruyordu.

Onun arkasında başka yerlerden "meselesi olan" "cin şeytanlar" diye adlandırılıp mücadele edilen kişiler ve onların arkasında değişik yerlerden emir ile getirilmiş "devrimci kitle" duruyordu. (Bu toplantıların başka çeşitlerini yukarıda anlatmıştım). Hakkında hüküm ilan edilecek kişilerin sahneye çıkarılışı gösterişli bir şekilde oluyordu. Her bir "suçluyu" ikişer asker sürükleyip boynuna "devrim karşıtı", "etnik milliyetçi", "yurtdışına bağlanan unsur" gibi yazı yazılan tahta asılı halde hızlıca sahneye çıkarıp sıraya diziyordu. Bunların eli arkadan, boyunları ise domuz bağı ile bağlıydı. Bir asker arkada, bir asker yanında durup ensenine bastırıp başını öne eğiyor, arkadaki diğer asker boynundaki domuz bağını çekip meydandakilere yüzünü gösteriyordu. Biçare bu işkenceye dayanamayıp takattan kesildiğinde arkadaki asker beline tekme atıp sarsıyordu. Böylece sözde mahkeme reisi hükmü açıklamaya başlıyordu. Hükmü okunan kişi sahneye nasıl çıkarıldıysa yine o şekilde debdebe ile götürülüyordu. Ölüm cezası verilecek kişilerin hüküm açıklaması en son yapılıyordu. Mahkeme reisinin sözü biter bitmez birisi koşarak gelip bir metre uzunluktaki dar bir tahtaya Çince büyük harflerle "ölüm" yazılmış bir tahtayı arkadan ensesine dik olarak takıyordu. Bazen

قىلىندۇ. بۇنداق يىغىنلارنىڭ باشقا يىغىنلار دىن ئوخشمايدىغان يېرى، يىغىن ئەتراپىنى ئەسكەرلەر قورشاپ تۇرىدۇ ۋە ئالدىنقى سەپتە بىرقانچە قاتاردا قوراللىق ئەسكەرلەر تۇرىدۇ.

بۇنىڭ ئارقىسىدا باشقا ئورۇنلاردىكى «مەسىلىسى بار» كىشىلەر، «جىن شەيتان» لاردەپ ئات قويۇپ كۈرەش قىلىنىۋاتقان كىشىلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا ھەرقايسى جايلاردىن بۇيرۇق بىلەن ئېلىپ كېلىنگەن « ئىنقىلابى ئامما» تۇرىدۇ. (بۇيىغىنلارنىڭ باشقا كۆرۈنۈشلىرىنى يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتتۇم). ھۆكۈم قىلىندىغان كىشىلەرنى سەھنىگە ئېلىپ چىقىشتا ھەيۋەت بىلەن ھەربىر «جىنايەتچى» نى ئىككىدىن ئەسكەر يالاپ، بۇينىغا«ئەكسىلئىنقىلاپچى»، « يەرلىك مىللەتچى»، «چەتتكە باغلانغان ئۇنسۇر» دىگەنلارگە ئوخشاش خەت يېزىلغان تاختا ئېسىلغان ھالەتتە يۈرگۈزتقان پېتى ئېلىپ چىقىپ قاتار قىلىپ، تىزىدۇ. بۇلارنىڭ قولنى ئارقىسىغا ۋە بوينىغا سىرتتماق سېلىپ باغلانغان. بىرئەسكەر ئارقىسىدا بىر ئەسكەر يېنىدا تۇرۇپ بىردەم گەژگىسىدىن چىڭ بېسىپ دۈگىغايتىپ تۇرسا بىردەم ئارقىسىدىكى ئەسكەر بويىنىدىكى سىرتماقنى تارتىپ، مەيداندىكىلەرگە يۈزىنى كۆرسىتىدۇ. بىچارە بۇ ئازاپتىن قىلىنىپ، تولغۇنۇپ بىتاقەت بولۇپ كەتسە، ئارقىسىدىكى ئەسكەر بېلىگە تېپىپ دۈكۈشلەپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاتالمىش ئەدلىيە باشلىقى ھۆكۈمنامىنى ئوقۇشقا باشلايدۇ. ھۆكۈمنامىسى ئوقۇلۇپ بولغانلارنى سەھنىگە قانداق ئېلىپ چىققان بولسا يەنە شۇنداق ھەيۋەت بىلەن يۈگۈرتۈپ ئەكرىپ كېتىدۇ. ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدىغان كىشىنىڭ ھۆكۈمنامىسى ئەڭ ئاخىرىدا ئوقۇلىدۇ. ئەدلىيە باشلىقىنىڭ سۆزى تۈگەر- تۈگىمەس بىرسى يۈگرەپ كېلىپ، بىر مېتىرئۇزۇنلۇقتىكى تار بىرتاختىنى ختايچە چوڭ قىلىپ « ئۆلۈم» دىگەن خەت يېزىلغان بىرتاختىنى ئارقىسىدىن گەژگىسىگە تىك قىلىپ، تاقاپ قويىدۇ. بەزىدە

mahkûmu orda sahnenin başka bir tarafına götürüp ensesinden vurarak infaz ediyorlardı. Bazen de mahkûmu arabaya koyup, sokaklarda ibreti âlem yaptıktan sonra şehir dışında bir meydanda kurşuna diziyorlardı. Başkalarına ibret olsun diye ceset akşama kadar meydanda kalıyordu. Bütün hareketlerin sonunda bu tür manzaralar sıradanlaşmıştı.

İşte Çin komunist yönetiminde insanın değeri ve "insan hakları" düşüncesi buydu. Türkiye'ye geldikten 2-3 yıl sonra buradaki komunistlerin gösteri ve anarşilerini gördük. Bunlar sürekli "Türkiye'de insan hakları yok" gibi sloganlar atıyordu. Ve bazıları bunların çaldığı nameye bakıp oynuyordu. Bir gün buradaki tanıdıklarla bu konuda konuşurken İklimnisa Hanım Türkiye'deki şu solcuları toplayıp Doğu Türkistan'a götürüp 2-3 ay durdurup geri getirsek nerede insan hakları var nerede yok kendi gözleri ile görüp düzelip gelirlerdi diyerek vatanımızdaki dehşetli günleri hatırlatmıştı.

## Hapis, Emek İle Dönüşüm ve Yeni Hayat Kampları

Evvela komunistler gelmeden önce Hoten'deki bir hapishaneyi tarif edeyim. 1948 yılında Hoten'e geldiğim günlerde Durmuş Muhammed Ahun abi hapisteydi. 1946 yılında Mehmet Emin Buğra

مەھكۇمنى شۇ يەردىلا سەھنىنىڭ بىر تەرەپىگە ئېلىپ كېلىپ، ئارقا مېڭىسىگە ئېتىپ ئۆلتۈرىدۇ. بەزىدە مەھكۇمنى ماشىنىغا سېلىپ رەستىدە سازايى قىلىپ بولۇپ، شەھەر تېشىدىكى مەيدانغا ئېلىپ چىقىپ ئاتىدۇ. باشقىلارغا ئىبرەت قىلىمىز دەپ، جەسەتنى ئاقشامغىچە ئۇچۇق مەيدىندا قالىدۇ. ھەربىر ھەرىكەتنىڭ ئاخىرىدا خەلق بۇنداق مەنزىرىلەرنى كۆرۈشكە ئادەتلىنىپ قالغان ئىدى.

مانا، خىتاي كوممۇنىست ھاكىمىيىتىدە ئىنسان نىڭ قىممىتى ۋە «ئىنسان ھەقلىرى» چۈشەنچىسى. تۈركىيىگە كېلىپ 2 ـ 3 يىلدىن كېيىن، بۇيەردىكى كوممۇنىستلارنىڭ نامايىش ۋە قالايمىقانچىلىقلىرىنى كۆردۇق. بۇلار ھەدەپ، «تۈركىيەدە ئىنسان ھەقلىرى يوق....» ۋاھاكازا دەپ جارسالاتتى ۋە بەزىلەر بۇلارنىڭ دېيىشغا قاراپ ئۇسۇل ئوينىپ كېتەتتى. بىر كۈنى، بۇيەردىكى تونۇش ـ بىلىشلىرىمىز بىلەن بۇ ھەقتە پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ، ئىقلىم نىساخان، « تۈركىيە دىكى شۇ سولچىلارنى يىغىپ شەرقىي تۈركستانغا ئاپىرىپ، 2 ـ 3 ئاي تۇرغۇزۇپ كەلسە، نەردە ئىنسان ھەقلىرى بار نەردە يوقلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، كاللىسى ئوڭلىنىپ كېلەتتى» دەپ، ۋەتىنىمىزدىكى دەھشەتلىك كۈنلەرنى ئەسلەتكەنىدى.

## تۇرما، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانى ۋە يېڭى ھايات مەيدانى

ئالدى بىلەن كوممۇنىستلار كېلىشتىن بۇرۇنقى خوتەندىكى بىر تۇرمىنى ئاڭلىتىپ بېرەي. 1948 ـ يىلى خوتەنگە كەلگەن كۈنلىرىمىزدە تۇردى مۇھەممەد ئاخۇن ئاكام تۇرمىدا ئىكەن. 1946 ـ يىلى مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا

Hoten'e seçim için gelmişti. Seçimi onun taraftarları yani Doğu Türkistan milliyetçileri kazanmıştı. Mehmet Emin Buğra geri döndükten sonra milliyetçi Çin yönetimi seçimi geçersiz ilan edip, seçimde kazanan vekilleri ve başka yakınlarını hapse atmıştı. Durmuş Muhammed abim de onlarla birlikte tutuklanmıştı. Biz onu hapiste ziyarete gittik. O zamanlarda Hoten'de bir tane hapishane vardı. Şehrin ortasındaki eski bir saray (kervansaray) içinde sekiz hücreli tek katlı bir yapı idi. Büyük kapısı kara tahtadan üzerinde demir kakılmış sıradan bir kapıydı. Dışardaki iki silahlı yerel polisten birisi bizi içeri aldı ve Durmuş Muhammed abimi bir hücreden alıp geldi. Bir saate yakın konuştuk. Biraz yiyecek ve giyecek birşeyler getirmiştik, onları verip geri döndük. Sağlığı ve morali iyiydi. Bu olaydan tahminen 4-5 yıl sonra Durmuş Muhammed abimi komunistler tutuklayıp hapse attılar ama bu yerdeki durum tamamen farklı olup, tasavvur edilmeyecek kadar dehşetli idi. Şimdi Çin komunistlerinin hapishanesini anlatayım;

Bizim aileden hapse atılanlar Durmuş Muhammed Ahun abim, Abdulhamit Ahun abim ve Bibi Meryem ablamın (Hazretimin ablası) oğlu Abdulehat Ahun (şimdi Abdulehat Mahdum hacim diyoruz) ve kültür devrimi sırasında Bibi Meryem Hanım ablam. Bunlardan Durmuş Muhammed Ahun abim ile Abdulhamit Ahun abimin tutuklanma nedenlerini yukarıda kısaca anlatmıştım. Abdulehat Ahun'un

خوتەنگە سايلام ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن كەلگەن. سايلامدا ئۇنىڭ تەرەپتارلىرى، يەنى شەرقىي تۈركىستان مىللەتچىلىرى قازانغان. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا قايىقاندىن كېيىن، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى خوتەندىكى سايلامنى بىكار قىلىپ، ئۇنىڭ سايلامدا قازانغان ۋەكىللىرىنى ۋە باشقا يېقىنلىرىنى قاماققا ئالغان ئىكەن. شۇ قاتاردا تۇردى مۇھەممەد ئاخۇن ئاكاممۇ قاماققا ئېلىنىپتو. بىز ئۇنى تۈرمىدا كۆرگىلى باردۇق. ئۇچاغدا خوتەندە بىرلا تۈرما بولۇپ، شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كونا بىر ساراي (كارۋان سارايى) ئىچىدە 8 ھۆجرىلىق بىرقاتلىق ئىمارەتتىن ئىبارەت ئىدى. چوڭ دەرۋازىسى قارا تاختا تۆمۈر قېقىلغان ئادەتتىكى بىرئىشىك ئىدى. تاشقىرىدىكى ئىككى قوراللىق يەرلىك ساقچىنىڭ بىرسى بىزنى ئىچكىرىگە ئالدى ۋە تۇردى مۇھەممەد ئاخۇن ئاكامنى بىرھۇجرىدىن ئېلىپ چىقتى. كۆرۈشۈپ، بىرسائەتتەك سۆزلەشتۇق. بىر ئاز يېمەك ئىچمەك ۋە كىيىم كېچەك ئېلىپ چىققان. ئۇلارنى بېرىپ قايتىپ چىقتۇق. سالامەتلىكى ۋە روھى ئەھۋالى ياخشى ئىدى. بۇھادىسىدىن تەخمىنەن 4 ـ 5 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، تۇردى مۇھەممەد ئاخۇن ئاكام كوممۇنىستلار قولىغا ئېلىپ قامىدى. ئەمما، بۇ يەردىكى ئەھۋال تامامەن باشقىچە بولۇپ تەسەۋۇر قىلىپ بولمايدىغان دەرىجىدە دەھشەتلىك ئىدى.

ئەمدى، خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ تۈرمىسىنى ئاڭلىتاي؛

بىزنىڭ ئىچىمىزدىن تۈرمىغا سولانغانلار، تۇردى مۇھەممەد ئاخۇن ئاكام، ئابدۇلھەمىد ئاخۇن ئاكام ۋە بۇمەرەم خان ئاچام (ھەزرىتىمنىڭ ئاچىسى) نىڭ ئوغلى ئابدۇلئەھەت ئاخۇن (ھازىر ئابدۇلئەھەت مەخسۇم ھاجىم دەيمىز) ۋە مەدەنىيەت ئىنقىلابى جەريانىدا ئانىسى بۇمەرەم خان ئاچام. بۇلاردىن تۇردى مۇھەممەد ئاخۇن ئاكام بىلەن ئابدۇلھەمىد ئاخۇن ئاكامنىڭ قولىغا ئېلىنىش سەۋەپلىرىنى يۇقىرىدا قىسقىچە سۆزلەپ ئۆتتۈم. ئابدۇلئەھەت ئاخۇننىڭ

"suçu" Kaşkar'da otururken Mehmet Emin Buğra'nın kitabı "Doğu Türkistan Tarihi"ni saklamaktı. Bu kitabı diğer arkadaşları ile birlikte okumak ve elle çoğaltıp dağıtmaktı. Bibi Meryem Hanım ablam Hoten'de evinde Kuran okurken farkedilip, kızıl muhafızlar tarafından polise teslim edilmişti. Tabi ki bunlara verilen cezanın sebeplerinin başında "geçmişi devrim karşıtı aile", "pantürkist", "Mehmet Emin Hazretin yakın akrabası" olmak geliyordu. Onlara 20 yıl hapis cezası verilip Keriye ilçesinin Taklamakan çölü boyundaki bütün Doğu Türkistan'ca meşhur ölüm çukuru olan "Emek ile dönüşüm kampına" gönderildiler. Akrabalar Hoten'den 250 kilometre uzaklıktaki bu çukuru 5-6 ayda bir kere sırayla gidip ziyaret etti.

Komunistler gelir gelmez Şıng Si Sey zamanında Rusların ticaret işlerini kontrol idaresi yaptıkları (aslında Hoten'deki KGB merkezi imiş) yeri hapishaneye çevirdiler. Ondan sonraki 6 ay içinde il ve ilçe polis müdürlüklerinin içinde birer tane hapishane yaptılar. Hapishane esasen komunistlerin hüküm verilinceye kadar zanlıları tuttukları, aslında işkencehaneden ibaret bir yerdi. Bir yılda bütün hapishaneler ağzına kadar doldu. 1974 yılına kadar bu hapishanelerden siyasi mahkûmların ölüsü çıktı, dirisi çıkmadı.

Komunistlerin hapishanesi sanki eski zaman efsanelerindeki zindanların aynısı ve filimlerdeki faşistlerin çukurlarından farksızdı.

«جىنايىتى» قەشقەردە ئوقۇۋاتقان چېغىدا مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا يازغان «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» نى ساقلىغان، بۇ كىتابنى باشقا ساۋاقداشلىرى بىلەن بىرلىشىپ ئوقۇغان ۋە قول بىلەن يېزىپ كۆچۈرۈپ كۆپەيتىپ تارقاتقانلىقى ئىدى. بۇمەرىم خان ئاچامنى خوتەندە ئۆيىدە قۇرئان ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قىلىپ، «قىزىل مۇھاپىزەتچىلار» تۇتۇۋېلىپ ساقچى ئىدارىسىگە تاپشۇرۇپ بەرگەن . تەبىئىكى، بۇلارنىڭ ھۆكۈمنامىسىنىڭ بېشىدا«كېلىپ چىقىشى ئەكسىل ئىنقىلابى ئائىلە»، «پانتۈركىست مۇھەممەد ئىمىن ھەزرەتنىڭ يېقىن تۇغقىنى....» دېگەن ئىبارىلەر بار ئىدى. بۇلارغا 20 يىللىق تۈرمە جازاسى بېرىلىپ كېرىيە ناھىيىسىنىڭ تەكلى ماكان چۆلى بويىدىكى شەرقىي تۈركىستان بويىچە مەشھۇر ئۆلۈم لاگىرى بولغان « ئەمەگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئەترىتى» گە ئاپىرىپ قويىدى. توغقانلار خوتەندىن 250 كىلومېتىر ئۇزاقلىقتىكى بۇ لاگىرغا 5 ـ 6 ئايدا بىرقېتىم نوۋەت بىلەن بېرىپ، يوقلاپ تۇراتتى.

كوممۇنىستلار كېلىپلا دۇكچۇاغدىكى شېڭسىسەي زامانىسىدا روسلار تىجارەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى قىلغان ( ئەمەلىيەتتە بۇ ك.گ. ب نىڭ خوتەندىكى ئىش ئورنى ئىكەن) جاينى تۈرمە قىلدى. ئۇندىن باشقا 6 ئايغا قالماي ۋىلايەتلىك ۋە ناھىيلىك ساقچى ئىدارىسىدە بىردىن تۈرمە ياسىدى. تۈرمە دىگەن كوممۇنىستلارنىڭ قولىغا ئالغانلارنى ئۆيي كەسكەنگە قەدەر(ھۆكۈم ئېلان قىلىنغانغا قەدەر) سولايدىغان ئەسلىدە ئىسكەنجە( قىيناپ ـ قىستايدىغان) ئورنىدىن ئىبارەت. بىرىيلدا بۇ تۈرمىلارنىڭ ھەممىسى لىق تولدى. سىياسى جىنايەتچىلاردىن بۇ تۈرمىلارغا ئېلىنغانلاردىن 1974ـ يىلىغا قەدەر تاشقىرىغا ئۆلۈكى چىقتى تىرىكى چىقمىدى.

كوممۇنىستلارنىڭ تۈرمىسى خوددى قەدىمكى ئەپسانىلەردىكى زىندانىنىڭ ئۆزئەينىسى ۋە فىلىملاردىكى فاشىستلارنىڭ لاگىرلىرىدىن ھېچ پەرقىسىز.

Bunlar hakkında yazdıklarımdan, içerisinin durumu dayımlardan duyduklarım, dışarısının görünüşü ise sürekli onları ziyarete gittiğimizde gördüklerimden ibarettir.

Hapishanedekiler için belirlenmiş bir görüş günü yoktu. Onların yakınları fırsat buldukça hergün gelip, hapishane kapısının 100 metre uzağında bekleşiyordu. Gardiyanlardan birisi gelip, "filan kişinin akrabası var mı?" diye bağırdığında o kişi kapının önüne gelip kendini gösteriyor ve görüşme fırsatı yakalıyordu. Çoğunlukla o kişiyi içeri almadan hapisteki yakınına getirdiği yemek ve giyecekleri "biz iletiriz, görüşmek için başka bir zaman gel" diye alıyorlardı. Daha sonra Abdulhamit Ahun abim ve Mahdum'un anlattıklarına bakılırsa yakınlarına yemekleri hiç vermemişler.

Hapse atılanlar önceki safhalarda işkence görüp, baskı ve zülüm ile ağır fiziki ve psikolojik azap görüp "suçu" kesinleşmiş olsa da, insaniyet kalıbından çıkan bu azap hapishanede de devam etti. Bunların yattığı koğuşlar iki çeşit olup, biri 4-5 kişilik, boyu ayakta durmanın veya ayağı uzatmanın mümkün olmadığı hücrelerdi. Yere çeltik posası serilmiş, örtünmek için başka birşeyin olmadığı, ışık girecek hiçbir yeri olmayan bir delikti. Günde bir defa tuvalete çıkış saati var olup, tuvaletin önüne koyulan tahta kaptaki suda el ve yüz yıkanıyordu. Sona kalan biçare kapkara çamur gibi bu suda elini yüzünü yıkamaya mecbur kalıyordu. İkincisi tek kişilik hücre olup,

بۇلار ھەققىدە توۋەندە يازغانلىرىمنىڭ ئىچكى كۆرۈنىشى تاغلىرىمدىن ئاڭلىغانلىرىم تاشقى كۆرۈنىشى بولسا بىز ھەر دايىم ئۇرنى يوقلاپ بارغاندا كۆرگەنلىرىمىز دىن ئىبارەت.

تۈرمىدىكىلار بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن بىر كۈن يوق. ئۇلارنىڭ يېقىنلىرى ۋاقىت تاپسىلا ھەر كۈن كېلىپ، تۈرما دەرۋازىسىدىن 100 مېتىر نېرىدا ساقلاپ تۇرۇدۇ. تۈرما ساقچىلىرىن بىرسى چىقىپ « پالانىنىڭ توغقىنى بارمۇ ؟» دەپ چاقىرغاندىلا ئۇكىشى دەرۋازە ئالدىغا كېلىپ ئۆزىنى مەلۇم قىلىدۇ ۋەكۆرۈشۈش پۇرستىگە ئىگە بولىدۇ. كۆپىنچە ئۇكىشىنى ئىچكىرىگە ئالماي، تۈرمىدىكى يېقىنىغا ئېلىپ كەلگەن يىمەك ۋە كىيىم - كېچەكلەرنى(بىز يەتكۈزۈپ بېرىمىز. كۆرۈشۈش ئۈچۈن باشقا بىر زامان كەلگىن » دەپ ئېلىپ قالىدۇ. كېيىنچە، ئابدۇلھەمىد ئاخۇن ئاكام ۋە مەخسۇمنىڭ ئېتىپ بېرىشىگە قارىغاندا بۇلار دىن يىمەكنى ھېچ بەرمەيدىكەن.

تۈرمىغا سۇلانغانلارنىڭ ئالدىنقى باسقۇچلاردا ئىسكەنجە كۆرگەن، قىيناپ - قىستاپ ئېغىر جىسمانى ۋە روھىي ئازاپ كۆرۈپ «جىنايىتى» بىكىتىلىپ بولغان بولسىمۇ ئىنسانىيەت قېلىپىدىن چىققان بۇ ئازاپ تۈرمىدىمۇ يەنە داۋام قىلىغان. بۇلار ياتقان كامېرلار 2 خىل بولۇپ، بىرخىلى 4 ـ 5 كىشىلىك، بويى ئادەم ئۇرە تۇرسا بېشى تاقىشىدىغان ، ياتسا پۇتنى ئازادىراق سۇنۇغىلى بولمايدىغان ھوجرىلار. يەرگە پالال سېلىنغان، يوتقان كۆرپە دىگەن نەرسە يوق. يۇرۇق كىرىدىغان ھېچ بىرجاي يۇق. كۈندە بىرقېتىم ھاجەتكە چىقىش سائىتى بولۇپ، ھاجەت خانىنىڭ ئالدىدا قويۇلغان بىر ياغاچ توڭدىكى سۇدا يۈزقولىنى يۇيۇدۇ. ئاخىرىدا قالغان بىچارە قاپ - قارا لاۋىغا ئايلانغان بۇ سۇدا يۈز قولىنى يۇيۇشقا مەجبۇر. ئىككىنجى خىلدىكىسى، بىركىشىلىك ھوجرا

buna emekliyerek girilebiliyordu. Ayağını uzatarak yatmak mümkün değildi. Yere serilmiş hiçbir şey yoktu, zemin ise kiremitten ibaretti. Ayaklar göğüse kadar çekilip yatılıyordu. Mahkûm tuvaletini hücrenin kenarına konan bir lazımlığa yapıp, lazımlık dolduğunda (gerçekte haftada bir) kendisi boşaltıyormus ve bu vesile ile başına çuval geçirilip 5 dakikalığına dışarıya çıkarılıyormuş. Durmuş Muhammed Ahun abimin böyle bir hücrede bir yıl yattığını daha sonra Abdulhamid Ahun abime Keriye'deki kampa gönderildiğinde anlatmış. Abdulhamit Ahun abim ile Mahdum birinci tip koğuşta bir iki ay yattıktan sonra Balamas kampına gönderilmiş. Yemek günde iki öğün tam pişmemiş mısır ekmeği veya soğuk mısır çorbasından ibaret olup çok kötü ve o da karnı doyuracak kadar değildi. Hastalandığında tedavi diye birşey yoktu. Hastalığı ilerlediğinde akrabalarını çağırıp evde tedavi edip, bu zamana kadar hapishaneye geri getireceklerine dair yazılı kefaletname alıp çıkmasına izin veriliyordu. Dayak ve hakaret her zaman yağmur gibi yağıyordu. Gardiyanlardan biraz yumuşak davranan çıkarsa "sınıfsal düşmanlığı yetersiz" diye sorguya alınıyordu.

## Emek ile Dönüşüm Kampı

Komunistlerin gelişinden 2-3 yıl geçmeden bütün hapishaneler doldu. Onun için Doğu Türkistan'ın birkaç yerinde geniş kapsamlı cezalandırma kampları açıldı. Bunları "emek ile dönüşüm kampı" veya "emek ile dönüşüm meydanı" diye adlandırırlardı. Halkımız bunları Çince ismi ile "Logeyduy" diye adlandırdı. 1954 yılından itibaren hapis cezası

بۇنىڭغا كىرىشتە ئۆمۆلەپ كىرىدۇ، ياتقاندا پۇتنى سۇنۇش مۇمكىن ئەمەس. تېگىگە ھېچ نەرسە سېلىنمىغان پىششىق قىشتىن ئىبارەت. تىزىنى كۆكسىگە تىرەپ ياتىدۇ. ھاجىتنى ھوجرىنىڭ بولۇڭىدا قويۇلغان بىر كۇزىغا قىلىپ، بۇ كوزا توشۇپ كەتكەندە(ئادەتتە ھەپتىدە بىرقېتىم) ئۆزىگە تۆككىلى سالىدىكەن ۋە بۇمۇناسىۋەت بىلەن تاشقىرىغا بېشىغا تاغار كيدۇرۇپ ، 5 مىنۇت چىقىرىدىكەن. تۇردى مەھەممەد ئاخۇن ئاكام بۇخىل كامىردا بىرىيل ياتقانلىقنى كېيىنچە ئابدۇلھەمىد ئاخۇن ئاكامغا كېرىيە دىكى لاگىرغا يۆتكەپ ئېلىپ كەلگەندە سۆزلەپ بەرگەن ئىكەن. ئابدۇلھەمىد ئاخۇن ئاكام ۋە مەخسۇمنى بىرىنچى خىلدىكىدە 1ـ 2 ئاي ياتقاندىن كېيىن، بالاماس مەيدان (لاگىر) ىغا يۆتكىگەن. تاماق كۈندە 2 ۋاخ خام زاغرا ۋەيا چالا پىشقان سوغاق ئوماچتىن ئىبارەت بولۇپ ناھايىتى ناچار ۋە بۇمۇ تويغىدەك ئەمەس. كېسەل بولۇپ، قالسا داۋالاش دىگەن گەپ يوق. كېسلى ئېغىرلاشقاندا توغقانلىرىنى چاقىرىپ، ئۆيىدە داۋالىتىپ شۇ مۇددەت ئىچىدە تۇرمىغا ئەكىرىپ تاپشۇرۇشقا تىلىدىن كېپىلىك خەت ئېلىپ چىقىرىدۇ. ھەر زامان تاياق ۋە تىل ـ ھاقارەت يېغىپ تۇرغان. ساقچىلار دىن بۇلار غا ئاز راق يۇمشاق مۇئامىلە قىلغانلار بولسا «سىنىي ئۆچۆمەنلىكى يېتەرلىك ئەمەس » دەپ جاۋاپكارلىققا تارتىلغان.

## ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئەترىدى

كومۇنىستلار كېلىپ 2، 3 يىلغا قالماي پۈتۈن تۇرمىلار توشاپ كەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، شەرقىي تۈركىستاننىڭ بىرقانچە يېرىدە كەڭ كۆلەملىك جازالاگىرلىرى قۇرۇلدى. بۇلارغا ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئەترىدى ۋەيا ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانى دەپ نام بېرىلدى. خەلقىمىز بۇلارنى خىتايچە ئىسمى بىلەن «لوگەيدۈي» دەپ ئاتايدۇ. 54 ـ يىلدىن باشلاپ، ئۆزي

verilen mahkûmların hepsini bu yerlere gönderdiler. İlk başlarda bunları askerler kontrol ettiği ve askeri düzen ile yönetildiği için kamp diye adlandırdılar. Daha sonra polis teşkilatının kontrolüne geçtiği için meydan diye adlandırdılar. Keriye ilçesinin Taklamakan çölü boyundaki "Tokoçak Logeyduyu" hakkında biraz bilgi vereyim çünkü burda bizden dört kişi vardı. Akrabalar sırayla yılda 2-3 kere Keriye'ye gidip, onları ziyaret ederlerdi. Bir keresinde İklimnisa Hanım bizimle ziyarete giderken yolunu kaybedip (çölde) hırsıza denk gelip zor kurtulmuştu.

Bu ceza kampı Keriye'nin insan yaşıyan kısmından 10 kilometre uzaklıkta Keriye nehrinin ayağında tahminen 10 bin dönüm gelen, bir tarafı bataklık-sazlık, öbür tarafı uçsuz bucaksız Taklamakan çölü olan bir yerdi. Hiçbir canlının kaçması mümkün değildi. Silahlı muhafızların nezareti altında mahkûmlar burada gece gündüz dayanılmaz acılar altında ağır işlerde çalıştırıldılar. Onlar önce Keriye nehrine set çekip, kum tepelerini akıtıp yüzbin dönüm tarım alanı açtılar. Kendileri için kum tepelerinin üstüne hasırdan çadır ve gardiyanlarına evler yaptılar. Bozyer'i ekip mahsul aldılar. Ocak inşa ederek çölden getirdikleri yabani dikenleri yakıt olarak kullanıp kiremit yaptılar. 2-3 yıl içinde bu meydan mahkûmların kanı ve teri bedeline devlete hububat ve inşaat malzemesi (kiremit) temin eden bir kaynağa dönüştü. Fakat mahkûmların hali perişan bir haldeydi. Yemekleri kötü ve yetersizdi. Giyecekleri ailelerin yılda 2 kez

توختالغان مەھبۇسلارنىڭ ھەممىسىنى بۇ يەرلارگە ئېلىپ كەتتى. دەسلەپتە بۇلارنى ھەربىي قىسىملار ئۆتكۈزۈۋېلىپ ھەربىي تۈزۈم بىلەن باشقۇرغانلىقتىن ئەترەت دەپ ئاتالغان. كېيىنچە ساقچى نازارىتى ئۆتكۈزۈۋېلىپ «مەيدان» دەپ ئاتىدى. خوتەننىڭ كېرىيە ناھىيىسىنىڭ تەكلىماكان چۆلى بويىدىكى «توقۇزچاق لوگەيدۈيي» توغرىسىدا بىرئاز سۆزلەپ ئۆتەي. چۈنكى، بىزدىن بويەردە 4 كىشى بار ئىدى. توغقانلار نۆۋەتلىشىپ يىلدا 2 ـ 3 قېتىم كېرىيىگە بېرىپ، ئۇلارنى يوقلاپ كېلەتتى. بىرقېتىمدا ئىقلىمنىساخان بىزنىڭكىلارنى يوقلاپ بارغاندامەيدانغا كېتىۋېتىپ، يولدا (چۆلدە) ئېزىقىپ، ئوغرىغا يولۇقۇپ، ئاران قۇرتۇلغانىدى.

بۇجازا لاگىرى كېرىيەنىڭ ئادەم يەرلەشكەن جايىدىن 10 كىلومېتىر يېراقلىقتا كېرىيە دەرياسىنىڭ ئاياغىدا تەخمىنەن 10000 مۇ كېلىدىغان بىرجاي، بىرتەرەپ پاتاق سازلىق ئۇبىر تەرەپ چەكسىز كەتكەن تەكلىماكان قۇملۇقى. ھېچقانداق بىر جانلىقنىڭ كېچىپ ئۆتۈشى مۇمكىن ئەمەس. قورالىلىق مۇھاپىزەتچىلارنىڭ نازارىتى ئاستىدا مەھبۇسلار بۇ يەردە كېچە ـ كۈندۈز چىدىغۇسىز رۇھىي ئازاپ ئاستىدا ئېغىر ئەمگەككە سېلىندى. ئۇلار ئالدى بىلەن كېرىيە دەرياسىنى توساپ قۇم دۆۋىلىرىنى ئېقىتىپ، يۈزمىڭ موغا يېقىن تېرىلغۇ يەر ئاچتى. ئۆزلىرىگە توقۇلغان قۇمۇشتىن قۇم دۆۋىلىرى ئۈستىگە كەپپە ۋە نازارەتچىلار ئۈچۈن، ئىمارەتلەر ياسىدى. بوز يەرلەرنى تېرىپ ئاشلىق ھاسىل قىلدى. خومدان ياساپ، چۆلدىن يانتاق چېپىپ ئېلىپ، چىقىپ پىششىق قىش ياسىدى. 2 ـ 3 يىل ئىچىدە بۇ مەيدان مەھبۇسلارنىڭ قان ـ تەر بەدىلىگە دۆلەتنى ئاشلىق ۋە قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى(پىششىق قىش) بىلەن تەمىنلەيدىغان مەنبەگە ئايلاندى. ئەمما، مەھبۇسلارنىڭ ھالى ناھايىتى يامان ئىدى. تاماقلىرى ناچار ۋە يېتەرسىز ئىدى. كىيىم ـ كېچەكلىرى يىلدا ئىككى قېتىم ئائىلىلىرى

getirdiklerinden ibaretti. Kısacası onlar şimdi bizim tahmin bile edemeyeceğimiz kadar acıklı bir durum içindeydiler. Bizimkiler onları ziyaretten geldiğinde, akrabalar akşam bir yerde toplanıp "logeyduy"dakilerin acıklı halini dinleyip, günlerce canımız sıkkın yaşardık. Bir keresinde İklimnisa Hanım onlara yazlık giyecek ve ekmek götürüp geri geldiğinde şunları anlatmıştı. "Önce Abdulhamid Ahun abim ile görüştürdüler. İlk başta onu hiç tanıyamadım. Yüzü simsiyahtı ve çok zayıflamıştı. Başında yırtık bir kalpak vardı, üstündeki ceketin kirlenmiş astarının pamukları dışarı çıkmıştı (geçen kış bizim götürdüğümüz ceket). Ayağındaki bez ayakkabıdan parmakları çıkmıştı ve bir ip ile bağlanmıştı. Gardiyanın birkaç dakika yokluğundan faydalanıp bana, gündüzleri 12 saat tarlada çalışıp, akşamı 4 saat "günlük emeği değerlendirme", "zihniyet değiştirme" eğitimleri ve "dönüşüm durumu yetersiz olanları ortaya çıkarıp mücadele etme" toplantıları gibi psikolojik ve fiziki azaplara takatinin kalmadığını söyleyip, sağlığı kötüleştiğinden "buradan sağ çıkamayacağım gibi duruyor" diyerek ümidini yitirdiğini anlatmıştı. Hakikaten çok sayıda mahkûmun bu zulümlere dayanamayıp askerler tarafından vurulacaklarını bilerek kaçmaya çalışırken vurularak öldürüldüğünü biliyoruz.

Abdulhamid Ahun abime verilen ceza aslında 8 yıl imiş, çalışma kampına çıkarılmadan önce evdekiler ziyaretine geldiğinde elbiselerini yıkamaları için vermişti. Kapıdaki

ئېلىپ كېلىدىغانلىرىدىنلا ئىبارەت ئىدى. قىسقىسى ئۇلار ھازىر بىز تەسەۋۋۇر مۇ قىلالمايدىغان ئىنتايىن ئېچىنىشلىق بىرشارائىت ئىچىدە ئىدىلار . بىزنىڭكىلەر ئۇلارنى يوقلاپ قايتىپ كەلگەندە توغقانلار ئاخشىمدا بىر يەرگە جەم بولۇشۇپ، لوگەي دۆي دىكى رىنىڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋالىنى تىڭشاپ، كۆنلارچە بىئارام بولاتتۇق. بىرقېتىمدا ئېقىلمىنساخان ئولارغا يازلىق كىيىم - كېچەك ۋە نان - توقاچ ئېلىپ بېرىپ قايتىپ كەلگەندە شۇلارنى سۆزلەپ بەرگەن؛ «ئالدى بىلەن ئابدۇلھەمىت ئاخۇن ئاكام بىلەن كۆرۈشتۇردى. دەسلەپتە قاراپ ئۇنى ھېچ تونۇيالمىدىم. چىرايى قاپقارا ئۆزى قاتتىق ئورۇقلاپ كەتكەن. بېشىدا يېرتىق بىرتەلپەك بىلەن ئۈستىدىكى چاپاننىڭ مازلىرى چىقىپ تۇراتتى( ئۆتكەن قىشتا بىز ئاپىرىپ بەرگەن). ئايىغىدىكى لاتا خەيدىن ئايا غ بارماق ئۇچلىرى چىقىپ تۇرغان ۋە بىر شانۇدا باغلىۋالغانىدى. كۆزۈتىپ تۇرۇۋاتقان ئەسكەرنىڭ بىرقانچە مىنۇت يوقلىقىدىن پايدىلىنىپ ئۇ ، كۈندۈزى 12 سائەت ئېتىزدا ئەمگەك قىلىپ، ئاخشىمى 4 سائەت «كۈنلۈك ئەمگەكىنى باھالاش»، «مەپكۇرە ئۆزگەرتىش»ئۆگىنىشلىرى ۋە «ئۆزگىرىشتە پۇزىتسىيەسى ياخشى بولمىغانلارنى تارتىپ چىقىرىپ كۆرەش قىلىش» يىغىنلىرىغا ئوخشاش روھى ۋە جىسمانى ئازاپلارغا چىداش تاقىتى قالمىغانلىقىنى ئېيتىپ، سالامەتلىكى بۇزۇلغانلىقتىن « بۇيەردىن ساق چىقالمايدىغانغا ئوخشايمەن» دەپ، ئۈمىدسىز بىر ھالەتتە قالغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەن. ھەقىقەتەن نۇرغۇن مەھبۇسلا بۇ زۇلۇملارغا تاقەت قىلالماي قاچقاندا ساقچىلار تەرەپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈشنى بىلىپ تۇرۇپ، قاچقان ۋە ئۆلتۈرۈلگەنلىكى مەلۇم ئىدى.

ئابدۇلھەمىد ئاخۇن ئاكامغا ئەسلىدە 8 يىللىق ئۆي توختىلغان ئىكەن. كېرىيە لوگەيدۆيگە يۆتكەش ئالدىدا ئۆيدىكىلىرى ئۇنىڭ بىلەن كۆرەشكىلى كەلگەندە ئۇ كىيىم - كېچەكلىرىنى يۇيۇپ ئەكەپ بېرىش ئۆچۈن بەرگەن. ئېشىك

gardiyan bunları kontrol ederken Abdulhamid Ahun abimin pantolonunun dizine yazdığı bir beyiti farketmiş. Bu Tatar şair Togay'ın şu iki dizesi imiş

*Yıldızlar parıldar, karardığında gökteki çatım*

*Rabbim gelir yâdıma, karardığında bahtım*

Böylece onun daha önceki cezası iptal edilip "hapishanede yatmasına rağmen zihniyeti değişmemiş" denilerek suç eklenip cezası 20 yıla çıkarılıp çalışma kampına gönderilmiş. İklimnisa Hanım'ı bu sefer Durmuş Muhamed Ahun abimle görüştürmemişler. Daha sonra onun hastalanıp yattığı haberi geldi ve 1 ay geçmeden ölüm haberini aldık. Eşi Saaded Hanım binbir güçlükte kabrini de olsa görüp geleceğim diye gittiğinde gardiyanlar ona bir kum yığınını gösterip "Durmuş Muhammed'i oraya gömdük" demişler. Kumun içinden bir cübbenin parçası çıkıp duruyormuş. Bu Durmuş Muhammed Ahun abimin sürekli giydiği cübbenin parçası idi. Naaşı başka yere defin etmeye izin vermediler. 5 yıl sonra Durmuş Muhammed Ahun abimin bu feci ölümünün ayrıntısı öğrendik. Benim Hoten tıp fakültesinde talebem olan Dursun Niyaz mezun olduktan sonra Keriye ilçe devlet hastanesine tayin olmuştu, o ilçeden çalışma kampına hastalık önleyici aşı yapmak için gittiğinde tesadüfen Durmuş Muhammed Ahun abimi görmüş. Çölden yabani diken taşırken, ayağına diken girmiş ve yaralanmış. Tedavisi yapılmayan bu yara giderek kötüleşmiş. Gardiyanlar "tembellik yapıyorsun,

ئالدىدىكى ساقچى بۇ نەرسىلەرنى ئاختۇرغاندا، ئابدۇلھەمىد ئاخۇن ئاكامنىڭ بىرئىشتىنىنىڭ ئىزىغا يازغان 2 قۇر شېئىرىنى كۆرۈپ قالىدۇ. بۇ تاتار شائىرى توقاي نىڭ شۇ 2 كۇبلىت شېئىرى ئىدى؛

يالتىراپ يۇلدۇز يانادۇر تۈن قارا بولغانسىرى

يادىمە تەگرىم كېلەدۇر بەختىم قارا بولغانسىرى

شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ بۇرۇنقى ھۆكۈمى بىكار قىلىنىپ، «تۈرمىدا يېتىپمۇ ئەكسىيەتچىل مەپكۇرىسىنى ئۆزگەرتمىگەن» دېگەن جىنايەت قوشۇلۇپ، جازاسى 20 يىلغا چىقىرىلىپ لوگەيدۇيگە ئەۋەتىلگەن. ئېقلىم نىساخاننى بۇ قېتىم بارغاندا تۇردى مۇھەممەد ئاخۇن ئاكام بىلەن كۆرەشتۈرمىگەن. كېيىنچە ئۇنىڭ كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغانلىق خەۋىرى كەلدى ۋە بىر ئاي ئۆتمەي ئۆلۈم خەۋىرىنى ئالدۇق. ئايالى سادەت خان مىڭ تەسلىكتە قەۋرىنى بولسىمۇ كۆرۈپ كېلەي دەپ بارغاندا، ساقچىلار ئۇنىڭغا بىر قۇم دۆۋىسىنى كۆرسىتىپ، « تۇردى مەھەممەتنى شۇ يەرگە كۆمگەن» دېگەن. قۇم ئىچىدىن بىر بەقەسەم پارچىسى چىقىپ تۇراتتى. بۇ تۇردى مۇھەممەد ئاخۇن ئاكام داۋاملىق كېيىپ يۈرىدىغان بەقەسەم تونىنىڭ پارچىسى ئىدى ! جەسەتنى چىقىرىپ باشقا بىرجايغا دەپنى قىلىشقا رۇخسەت قىلىنمىدى. 5 يىلدىن كېيىن، تۇردى مۇھەممەد ئاخۇن ئاكامنىڭ بۇ پاجىئەلىك ئۆلۈمىنىڭ جەريانىنى مەلۇم بولدى. مېنىڭ خوتەن تىببى مەكتەپتىن ئوقۇغۇچىم بولغان تۇرسۇن نىياز مەكتەپ پىتۈرگەندىن كېيىن كېرىيە ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا تەقسىم بولغان. ئۇ ناھىيىدىن لوگەيدۇيگە كېسەللىكتىن مۇداپىئە ئۇكۇلى سېلىش ئۈچۈن كەلگىنىدە تەسادىپ، كېسەل ياتقان تۇردى مۇھەممەد ئاخۇن ئاكامنى كۆرگەن. چۆلدىن يانتاق ئېلىپ چىقىش جەريانىدا پۇتىغا تىكەن كىرىپ يارىلانغان. بۇيارىسى بارغانسىرى يامانلىشىپ كەتكەن. ساقچىلار «ھۇرۇنلۇق قىلىسەن،

diken battı diye hastalanıp yatılır mı?" diye onu zorla çalıştırmaya devam etmişler. Kısa süre sonra ayağı kangren olup, ölmüş. O zaman dursun Niyaz'a mahkûmlardan biri "bu Doktor Yakup Hacının akrabası" demiş. Daha sonra Dursun Niyaz bunlara bana anlatmıştı.

Çalışma kampında Abdulhamit Ahun abim ve Abdulehat Mahdum'ların (Bibi Meryem Hanım ablamın bir gözü göremez hale geldiği için ev hapsine çıkarmışlardı) 20 yıllık cezası dolmuş olsa da onları serbest bırakmadılar "Yeni hayat meydanı" denen ikinci bir kampa koyup, cezası dolan kişileri biraz daha serbest olan o yere gönderdiler. Yine bunlar "bir süre deneme" bahanesi ile siyasi düşmanlarını ölene kadar hapiste tutmak amacındaydılar. Ben yurttan ayrılıncaya kadar yani 1976 yılına dek Abdulhamit Ahun abim ile Mahdum hala sözde "yeni hayatta" idiler. İşte bunlar komunistlerin zindanlarından kısa bir görünüm.

Bugün bu satırları yazarken birden İngilizlerin hapishanesi aklıma geldi. Bunu sizlere anlatmak istedim.

1942 yılında haziran olsa gerek Hindistan'da (şimdi Pakistan) İngiliz hükümeti babamı tutuklayıp, Mehmet Emin Buğra ile Peşaver Merkez Hapishanesi'ne koydu. Ayrıntılı anlatmak için konuya baştan başlıyacağım.

2. dünya savaşının başlaması ile birlikte Doğu Türkistan'daki güç dengesinde büyük değişiklikler oldu. Bunun için Mehmet Emin Buğra

تىكەن كىرگەنگىمۇ كېسەل مەن دەپ ياتامسەن» دەپ زورلۇق بىلەن ئىشقا سالغان. ئۇزۇنغا قالماي پۈتۈن پۇتى سېسىپ كېتىپ ئۆلۈپ كەتكەن. شۇ چاغدا تۇرسۇن نىيازغا مەھبۇسلارنىڭ بىرى «بۇ دوختۇر ياقۇپ ھاجىمنىڭ توغقىنى» دېگەن ئىكەن. كېيىنچە، تۇرسۇن نىياز بۇلارنى ماڭا كېلىپ سۆزلەپ بەرگەنىدى.

لوگەيدۈيدە ساق قالغان ئابدۇلھەمىد ئاخۇن ئاكام ۋە ئابدۇلئەھەت مەخسۇملارنىڭ (بۇمەرەم خان ئاچامنىڭ بىر كۆزى كۆرمەس بولۇپ قېلىپ، ئۆيدە نازارەت ئاستىدا چىقىرىۋەتكەن) 20 يىللىق جازاسى توشقان بولسىمۇ ئۇلارنى قويۇۋەتمىدى. «يېڭى ھايات مەيدانى» دېگەن 2 - خىل بىر لاگىر قۇرۇپ، بىرئاز كەڭ چىلىك شارائىتتا جازا مۇددىتى تۈگىگەن كىشىلەرنى بۇيەرگە يۆتكىدى. بۇنىڭ بىلەن كوممۇنىست ھاكىمىيىتى بۇلارنى «يانا بىرمەزگىل سىناش» دېگەن باھانا بىلەن سىياسى دۈشمەنلىرىنى ئۆلگىچە ھەپسىدە تۇتماقتا ئىدى. مەن يۇرتتىن ئايرىلغىچە يەنى 1976 - يىلغىچە ئابدۇلھەمىد ئاخۇن ئاكام بىلەن مەخسۇم تېخى ئاتالمىش«يېڭى ھاياتتا» ئىدى! مانا بۇلار كوممۇنىستلارنىڭ زىندانلىرىدىن قىسقىچە بىر كۆرۈنۈش.

بۈگۈن بۇ سەتىرلارنى يېزىپ ئولتۇرۇپ، بىردىن ئىنگلىزلارنىڭ تۇرمىسى ئېسىمگە كېلىپ، بۇنى سىلەرگە ئاڭلاتقۇم كەلدى.

1942 - يىلى 6 - ئاي بولسا كېرەك ھىندىستاندا( ھازىرقى پاكىستان) ئىنگلىز ھۆكۈمىتى دادامنى قولغا ئېلىپ، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا بىلەن پىشاۋۇر مەركىزى تۇرمىغا قامىدى. بۇ ۋەقەنى تەپسىلى سۆزلەش ئۈچۈن، سۆزنى باشتىن باشلايمەن؛

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى باشلىنىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى كۆچ تەكپۇكلىقىدا زور ئۆزگىرىش بولدى. بۇنىڭ ئۈچۈن، مۇھەممەد ئىمىن بوغرا

Milli mücadele hareketine bu duruma göre yön vermek için Afganistan'dan Hindistan (şimdi Pakistan)'ın Peşaver şehrine geldi. Hindistan'daki İngiliz hükümeti Mehmet Emin Buğra'nın Hindistan'da bulunup faaliyet göstermesine izin vermeyerek, Çin'e gitmeye zorladı. Mehmet Emin Buğra bunu red ettiği için tutuklandı. Babamı da onun Hindistan'daki temsilcisi diye aynı gün tutukladılar. Ben bundan habersiz okuldan geldiğimde avluda matbaada daha yeni basılmış haritalar, gazeteler, kâğıtlar dağılmış ve evdekilerin hepsi endişe içindeydi. Polisler gelip evi arayıp babamı "sizi merkezden bekliyorlar" diye birlikte götürmüşler. Ben de bunları görüp çok korkmuştum. Akşam Keşmir'den Mehmet Kasım Damolla Hacı (Doğu Türkistanlılar derneğinin başkanı) geldi ve durumu bize izah etti. Ertesi gün Ravalpindi gazetelerinde "Çin Türkistanı'nın lideri Muhammed Emin Buğra Peşaver'de ve onun adamı Abdulkerim Hacı Ravalpindi'de tutuklandı. Abdulkerim Hacı'nın evinde çok sayıda Çin Türkistanı'nın haritası çıktı diye haberler yazıldı.

Akşam polis merkezine babamı görmeye gittik. O sırada babamı Peşaver'e götürmeye hazırlanıyorlarmış. Babamı eline ve boynuna kelepçe takılmış halde bir polis alıp geldi. Ben koştuğum gibi babama sarıldım. Polis müdürü yanıma gelip "korkma baban yakında geri gelecek" dedi ve babamı alıp gitti. Ben Mehmet Kasım Damolla Hacımdan babama niye kelepçe taktılar diye sordum. Damollam polis tutukluları bir yerden bir yere götürürken böyle yapar

مىللىي مۇجادىلە ھەرىكىتىنى بۇ ۋەزىيەتكە ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئافغانىستاندىن ھىندىستان ( ھازىرقى پاكىستان) نىڭ پىشاۋۇر شەھرىگە كەلدى. ھىندىستاندىكى ئىنگلىز ھۆكۈمىتى مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانى ھىندىستاندا تۇرۇپ پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا رۇخسەت قىلماي خىتاي ئىچىگە كېتىشكە زورلىدى. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا بۇنى رەد قىلغانلىقتىن قولغا ئالدى. دادامنى ئۇنىڭ ھىندىستاندىكى ۋەكىلى دەپ، شۇ كۈنى قولغا ئالدى. مەن بۇ ئىشلاردىن خەۋەرسىز مەكتەپتىن كەلسەم ھويلىنىڭ ئىچىدە شىفىگراپتا تېخى يېڭى بېسىلغان خەرىتىلەر، قەغەزلەر، گېزىتلار چېچىلىپ كەتكەن ۋە ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئەندىشە ئىچىدە ئىدى. پولىس (ساقچى) لار كېلىپ ئۆيىمىزنى ئاختۇرۇپ، دادامنى « سىزنى پولىستىن چاقىرىدۇ» دەپ بىرگە ئېلىپ كېتىپتۇ. مەنمۇ بۇلارنى كۆرۈپ بەك قورقۇپ كەتتىم. ئاخشىمى كەشمىردىن مەتقاسىم ھاجىم دامۇللام (شەرقىي تۈركىستانلىقلار ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى) كەلدى ۋە ئەھۋالنى ئاڭلاتتى. ئەرتىسى راۋالپىندىنىڭ گېزىتلىرىدە«چىن تۈركىستانىنىڭ لىدىرى مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا پىشاۋۇردا ۋە ئۇنىڭ ئادىمى ئابدۇلكىرىم ھاجى راۋالپىندىدا قولغا ئېلىندى. ئابدۇلكىرىم ھاجىنىڭ ئۆيىدىن نۇرغۇن ساندا چىن تۈركىستان خەرىتىسى چىقتى ..... » دېگەن خەۋەر بېسىلدى.

ئاخشىمى پولىس ئىدارىسىغا دادامنى كۆرگىلى باردۇق. بۇچاغدا دادامنى پىشاۋۇرغا ئېلىپ ماڭغىلى ھازىرلانغان ئىكەن. دادامنىڭ قولىغا ۋە پۇتىغا چىتە سېلىنغان ھالدا بىر پولىس يېتىلەپ ئېلىپ چىقتى. مەن يىغلىغان پېتى يۈگۈرۈپ بېرىپ دادامغا ئېسىلدىم. پولىس باشلىقى يېنىمغا كېلىپ، « قورقما دادىڭ يېقىندا قايتىپ كېلىدۇ» دىدى ۋە دادامنى ئېلىپ ماڭدى. مەن مەتقاسىم ھاجىم دامۇللامدىن «دادامغا نېمىشقا چېتە سالىدۇ؟» دەپ سورىدۇم. دامۇللام « پولىس قولغا ئېلىنغانلارنى بىريەردىن بىريەرگە يۆتكەشتە مۇشۇنداق ئېلىپ ماڭىدۇ.

korkacak bir şey yok. Biz yarın Peşaver'e gideceğiz dedi.

Böylece bizde 1 ay sonra Peşaver'e taşındık. Ertesi sabah erkenden babamı görmeye Peşaver Merkez Hapishanesi'ne gittik. Bizi büyük bir demir kapıdan içeri sokup, sandalye konulmuş geniş bir odaya aldılar. Burası siyasi mahkûmların aileleri ile görüştürüldükleri yer imiş. Yarım saat sonra önce Hazretim (Mehmet Emin Buğra) ve biraz sonra babam içeri girdi. Her ikisi mütebessim bir halde bizimle görüştüler. Elbiseleri temiz ve sıhhatleri iyiydi. Başımızda gardiyan yoktu. Bir saat kadar rahat rahat konuştuk. Babamın dediğine bakılırsa yattıkları yer bir otel gibiymiş. Hazretim birinci sınıf ve babam ikinci sınıf hücrede kalıyorlarmış. Hücre içinde tuvalet ve banyo varmış, yemekleri günde 3 öğün (sınıfına göre) gayet iyiymiş. Haftada iki kere elbiselerini yıkayıp ütüleyip veriyorlarmış. 15 günde bir doktor gelip, sağlık durumlarını kontrol ediyormuş. Ayda bir kere hapishane yönetiminden biri gelip, bir şikayet ya da talepleri olup olmadığını soruyormuş. İstedikleri zaman aileleri ile görüşmelerine izin veriliyormuş. Günlük gazete getirip veriyorlarmış. Hazretimin kaldığı odada radyo bile varmış. Babam bize yemek falan getirmeyin, burda yemeklerimiz artıyor. "Sık sık görüşmeye gelin. Hükümetin bizi "savaş sırasında tehlikeli siyasetçileri tutuklama" kanununa esasen hapsettiklerini söylediler. Biz duruma itiraz edip, hükümete dilekçe verdik. Siz de

قورقۇدىغان بىرئىش يوق. بىز ئەتە پىشاۋۇرغا بارىمىز دىدى.»

شۇنداق قىلىپ، بىرئايدىن كېيىن، بىزمۇ پىشاۋۇرغا كۆچۈپ باردۇق. ۋە ئەرتىسى ئەتتىگەن دادامنى كۆرگىلى پىشاۋۇر مەركىزى تۈرمىغا باردۇق. بىزنى يوغان بىرتۆمۈر دەرۋازىدىن ئىچكىرىگە ئەكىرىپ، ئازادە ئارامى ئۈستەل قويۇلغان بىر ئۆيگە باشلىدى. بۇ سىياسى مەھبۇسلارنى ئائىلىسى بىلەن كۆرۈشتۈرىدىغان ئورۇن ئىكەن. يېرىم سائەتتىن كېيىن، ئالدى بىلەن هەزرىتىم (مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا) ۋە بىرئاز دىن كېيىن دادام كىردى. هەر ئىككىلىسى كۈلۈمسىرىگەن هالدا كېلىپ بىز بىلەن كۆرۈشتى. ئۈستى باشلىرى پاكىزە ۋە ئازادە، سالامەتلىكلىرىمۇ ياخشى ئىدى. يېنىمىزدا بىزنى كۈزىتىپ تۇرغان يوقتى. بىرسائەتقا قەدەر كەڭ ـ كۇشادە سۆزلەشتۇق. دادامنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، بۇلار ياتقان جاي خۇددى بىر مېھمان خانە ئېكەن. هەزرىتىم بىرىنجى كىلاس (دەرىجە) ۋە دادام ئىككىنجى كىلاس ئۆيدە تۇرىدىكەن. ئۆي ئىچىدە هاجەت خانە ۋە مۇنچا بار يېمەكلىرى كۈندە 3 ۋاخ ( دەرىجە بويىچە) ئالى سۈپەتلىك. هەپتىدە ئىككى قېتىم كىيىم ـ كېچەكلىرىنى يۇيۇپ دەزماللاپ بېرىدىكەن. 15 كۈندە بىر قېتىم دوختۇر كىرىپ سالامەتلىكىنى تەكشۈرۈپ تۇرىدىكەن. ئايدە بىرقېتىم تۈرما رەھبەرلىكىدىن ئادەم كىرىپ، هەر قانداق بىر شىكايەت ۋە تەلەپىڭىز بارمۇ؟ دەپ سوراپ تۇرىدىكەن. خالىسىغان چاغدا ئائىلىسىنى چاقىرتىپ كۆرۈشۈشكە روخسەت قىلىنىدىكەن. كۈنلۈك گېزىتە ئەكىرىپ بىرىدىكەن. هەزرىتىم تۇرغان ئۆيىدە رادىئومۇ بار ئىكەن. دادام « بىز گە يېمەك بىرنەرسە ئېلىپ كەلمەڭلا. بۇيەردە يېمەك ـ ئىچمەكلىرىم ئېشىپ قالىدۇ. ۋاقتىلىق كۆرۈشكىلى كېلىپ تۇرۇڭلا. هۆكۈمەت بىزنى« ئورۇش مەزگىلىدە خەتەرلىك سىياسەتچىلارنى تۇتۇپ تۇرۇش» قانۇنىغا ئاساسەن قامىغانلىقىنى ئېيتتى. بىز نارازىلىق بىلدۈرۈپ هۆكۈمەتكە ئەرز بەردۇق. سىلەر

bunu söyleyin" dedi.

İşte bu komunistlerin "insanlık düşmanı", "yavuz emperyalist" ve benzeri olmak ile suçladıkları İngilizlerin hapishanesinin kısaca bir görünüşü!

## Dammu'da 5 Yıl

6 ay sonra Hazretim Çin hükümetinden gelen teklif üzerine, Çin'e gitti. Babam Çin'e dönmeyi reddettiği için Hükümet savaş bitene kadar Hindistan'ın merkezi eyaletinin bir ilçesi olan "Dammu" denen yerde nezaret altında duracaksınız diye bilgi verdi. Babam eve döndü. Yol masrafı ve diğer bütün giderler hükümet tarafından karşılandı. Dammu Hindistan'ın küçük bir kasabası olup, Hindu nufüs çoğunlukta ve müslümanlar azınlıktaydı. Bizim için hazırladıkları 5 odalı bir eve yerleştik. Evin kirası, tedavi masrafları ve abim ile ikimizin okul masraflarının yanında babama ayda 70 rupi maaş veriliyordu. Daha sonra bu miktar yetmedi diye dilekçe verince tutar 100 rupiye çıktı. Dammudaki 5 yılımız vatan hasreti hariç huzur içinde geçti. Hükümet babamı 2 kere eyalet merkezindeki hastanede tedavi etti. Yeni takma diş taktılar. Biz devlet okulunda İngilizce okuduk. Bugünkü İngilizce seviyem işte o zamanki eğitimin neticesi. 2. Dünya savaşı bittikten sonra hükümet bize istediğimiz yere gitmeye izin verdi. Biz vatanımıza döneceğiz diye Keşmir'e geldik. Keşmir'e kadar yol masraflarını da hükümet karşıladı. 2. Dünya savaşının bitmesi ile

بۇنى سۆيلەپ بېرىڭلا» دېدى. مانا بۇ كوممۇنىستلارنىڭ «ئىنسانىيەتنىڭ دۈشمىنى»، «ياۋۇز جاھانگىر» ۋە ھاكازا دەپ تەشۋىق قىلىدىغان ئىنگلىز ھۆكۈمىتىنىڭ تۇرمىسىنىڭ قىسقىچە بىر كۆرۈنۈشى!

## دەممو دا 5 يىل

6 ئايدىن كېيىن، ھەزرىتىم ختاي ھۆكۈمىتىدىن تەكلىپ كېلىپ، ختاي ئىچىگە كەتتى. دادام ختايغا كېتىشنى رەد قىلغانلىقتىن ھۆكۈمەت ئۇرۇش تۈگىگىچە ھىندىستاننىڭ مەركىزىدىكى ئۆلكىسىنىڭ بىرناھىيىسى بولغان «دەممو» دېگەن جايدا نازارەت ئاستىدا تۇرىدۇ، دەپ ئۇختۇردى. دادام ئۇيگە چىقتى. يول راسخودى باشقا پۈتۈن چىقىملار ھۆكۈمەت تەرەپىدىن بېرىلدى.

دەممو ھىندىستاننىڭ كىچىك بىرناھىيىسى بولۇپ، ھىندۇ نوپۇسى كۆپ مۇسۇلمانلار ئاز ئىدى. بىزگە ھازىرلاپ قويغان 5 ئېغىزلىق بىرئۆيگە يەرلەشتۇق. ئۆي كىراسى، داۋالىنىش راسخودى ۋە بىز ئىككىمىزنىڭ ئوقۇش راسخودىدىن باشقا دادامغا ئايدا 70 رۇپىيە تۇرمۇش راسخودى بېرىلەتتى. كېيىنچە، بۇ نى يەتمىدى دەپ ئەرز قىلىپ، بۇ 100 رۇپىيىگە چىقتى. دەممۇدىكى 5 يىلىمىز ۋەتەن ھەسرىتى بىلەن بولسىمۇ خاتىرجەم ئۆتتى. ھۆكۈمەت دادامنى ئىككى قېتىم ئۆلكىلىك مەركىزى دوختۇر خانىسىغا ئاپىرىپ داۋالىدى. يېڭى سۇنئى چىش سالدۇرۇپ بەردى. بىز دۆلەت قارىمىغىدىكى ئىنگىلىزچە مەكتەبىدە ئوقۇدۇق. بۇگۈنكى ئىنگىلىزچە سەۋيەم مانا شۇچاغدىكى ئوقۇغان ئوقۇشىمنىڭ نەتىجىسى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى تۈگىگەندىن كېيىن، ھۆكۈمەت بىزنى خالىغان جايغا بېرىپ تۇرۇڭلا دەپ رۇخسەت قىلدى. بىز ۋەتەنگە قايتىمىز دەپ كەشمىرگە كەلدۇق. كەشمىرگىچە يول راسخودىنىمۇ ھۆكۈمەت بەردى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ تۈگىشى بىلەن

birlikte aynı anda Hindistan ve Pakistan'ın bağımsızlık mücadelesi şiddetlenip iç savaş başladı. Biz Keşmir'de de uzun durmadık.

Böylece 14 yıl sonra yine o zor ve tehlikeli yol yani Tibet'in Ladak yolu ile vatanımıza dönmek için Ladak'a geldik. Ladak'ta yolculuk için at kiralamak kolay olmadı. Hoten'den gelen atçılar, Hacı'nın çocuklarının saçı uzunmuş ve kısa ceket giyiyorlarmış. Şimdiki yönetim böylelerine iyi gözle bakmıyor, bize sorun çıkarırlar diye at kiralamamışlar. Onun için ikimiz saçımızı kestirmeye mecbur olduk. Vatandan ayrıldığımızda 3 yaşında imişim. Orada bizi neler bekliyor bilinmez. Endişe ve merak içinde başı bulutlara değen karlı dağların arasından gidiyorduk.

تەك ھىندىستان ۋە پاكىستاننىڭ مۇستەقىللىق ماجىرالىرى شىددەتلىنىپ، ئىچكى ئۇرۇش باشلىنىپ كەتتى. بىز كەشمىردىمۇ ئۇزاق تۇرالمىدۇق.

شۇنىڭ بىلەن 14 يىلدىن كېيىن، يەنە شۇ مۇشەققەتلىك ۋە خەتەرلىك يول يەنى، تىبەتنىڭ لاداخ يولى بىلەن ۋەتەنگە قايتىش ئۈچۈن لاداخقا كەلدۇق. لاداختىن يولغا ئات كىرا قىلىشمۇ ئاسان بولمىدى. خوتەندىن چىققان ئاتچىلار ھاجىمنىڭ بالىلىرىنىڭ چېچى بار ئىكەن، قىسقا چاپان كىيىدىكەن. ھازىر بىزدە ھۆكۈمەت بۇنداقلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ. بىزگە كاشىلىسى كېلىدۇ.....، دەپ ئات كىرا قىلغىلى ئۇنىمىغانىمىش! شۇنىڭ بىلەن ئىككىمىز چېچىمىزنى چۈشۈرۈۋېتىشكە مەجبۇر بولدۇق. ۋەتەندىن ئايرىلغانىدا 3 ياشتا ئىكەنمەن. ئۇ يەردە بىزنى لار نېمىلەر كۈتۈتىدۇ بىلىنمەس. ئەندىشە ۋە ھەيرانلىق ئىچىدە ئاسمانغا تاقاشقىدەك ئېگىز قارلىق تاغلارغا قاراپ مېڭىپ كەتكەن ئىدۇق.

İki hafta sonra Karakurum dağını geçtik. İki ülke sınırı belirleyen taşın yakınlarında dinlenmek için durduk. Ben atımdan inip sınır taşının yanına gittim. Yerden bir metre yükseklikte sivri dört köşeli bir taş. Taşın Hindistan tarafına İngilizce British India yazısı oyulmuştu. Diğer taraındaki yazı silik bir çince yazı idi. Demekki vatan toğrağına ayak basmıştık. Durduğum yerden Hindistan tarafına bir baktım. Aşağıda dumanlı dağ zirveleri uzaklarda bulutların arasında 14 yılımızı geçirdiğimiz yerler kalmıştı... İçimden Allah bir daha bu sınırdan geçmeyi nasip etmesin diye geçirdim. Birden bu zorlu gurbet ve misafirlik hayatımız aklıma geldi. Keşmir, Mekke, Afganistan, Ravalpindi, Peşaver ve Dammu ve yine Keşmirdeki heraçıdan zor günlerimiz. Anne ve babamın bir taraftan yoklukta geçim ve biz ikimizi okutma derdi. Bir taraftan hükümetin siyasi takip ve baskıları. Bunlar hiç unutulmaz olaylardı. Mekke'den geri dönüp (Hazretim'in vatan mücadelesini devam ettirme ümidi ile çağırması dolayısıyla) Afganistan'a geldiğimizde vatandan çıkarken yanımıza aldığımız para esasen bitmişti. Ravalpindi'ye gelir gelmez babam Toka Hacı'nın çorap atölyesine girip bu işi öğrendi. Bunu evde akşamları anneme öğretti ve evimize el ile kullanılan çorap örme makinesinden bir tane aldık. Ravalpindi'nin 60-50 derecelik sıcağında annem her gün gece yarısına kadar çalıştı, babam da ertesi sabah bunlara ütüleyle etiket basıp dükkânlara toptan sattı. Bu durum 7-8 yıl devam etti... Ondan sonraki

2 ھەپتىدىن كېيىن قاراقورۇم تېغىدىن ئاشتۇق. قاراقۇرۇمدا چېگرا تېشى يېقىنلىرىدا دەم ئېلىشقا توختىدۇق. مەن ئاتتىن چۈشۈپ چېگرا تېشى يېنىغا كەلدىم. يەردىن بىرمېتىر ئېگىز چىقىپ تۇرغان ئۇچلۇق تۆت چاسا بىرقورام تاش. ئۇنىڭ ھىندىستان تەرەپىگە ئىنگىلىزچە BirtishIndia دېگەن خەت ئويۇلغان، ئۇبىرتەرىپىدىكى يېزىق ئۆچۈپ كەتكەن چۇگۇمەچ خىتايچە يېزىق ئىدى. دېمەك ۋەتەن توپرىغىغا قەدەم باسقان ئىدۇق. تۇرغان يەردىن ھىندىستان تەرىپىگە بىر قارىدىم. تۆۋەندە تۇمان باسقان تاغ چوققىلىرى يىراقلاردا بۇلوتلارئاستىدا 14 يىلنى ئۆتكۈزگەن جايلار قالدى.... ئىچىمدە خۇدايىم يەنە بىر قېتىم بۇ چېگېرادىن ئۆتكىلى نىسىپ قىلمىسۇن دېدىم. بىردىن بۇ ئېغىر مۇھاجىرلىق ۋە مۇساپىرەتچىلىك ھاياتىمىز ئېسىمگە كەلدى.....كەشمىر، ھەرەم ، ئافغانىستان، راۋالپىندى، پىشاۋۇر ۋە دەممۇ ۋە يەنە كەشمىر دىكى ھەرتەرەپلىمە مۇشەققەتلىك كۈنلىرىمىز. دادام ۋە ئانامنىڭ بىرتەرەپتىن يوقسۇللۇقتا جان بېقىش ۋە بىز ئىككىمىزنى ئوقۇتۇش دەردى، يەنە بىرتەرەپتىن ھۆكۈمەتنىڭ سىياسى تەقىبي ۋە بېسىمى. بۇلار ھېچ ئۇنۇتۇلماس بىر ھادىسىلەرئىدى. ھەرەمدىن قايتىپ (ھەزرىتىمنىڭ ۋەتەن مۇجادىلىسىنى داۋام قىلىش ئۈمىدى بىلەن چاقىرىپ) ئافغانىستانغا بارغىنىمىزدا قولۇلىمىزدا ۋەتەندىن ئېلىپ چىققان ئىقتىساد ئاساسەن تۈگىگەن ئىدى. راۋالپىندىگە قايتىپ كېلىپلا دادام توقا ھاجىمىنىڭ پايپاق توقۇش ئىشخاسىغا كىرىپ بۇ ھۈنەرنى ئۆگەندى. بۇنى ئۆيدە كېچىلىرى ئانامغا ئۆگەتتى ۋە ئۆيىمىزدە قول بىلەن چۆرۈپ پايپاق توقۇيدىغان ماشىنىدىن بىرنى ئالدۇق. راۋالپىندىنىڭ 50 ـ 60 دەرىجىلىك ئىسسىغدا ئانام ھەر كۈن يېرىم كېچىگىچە ئىشلەيدۇ، دادام ئەرتىسى سەھەردە بۇلارغا دەزمال سېلىپ ماركا چاپلاپ دۇكاندار لارغا توپتىن ئۆتكۈزىدۇ. بۇ ھال 7 ـ 8 يىل داۋام قىلدى......... ئۇندىن كېيىنكى

olayların bir kısmını hatıramın önceki bölümlerinde anlatmıştım.

Dammu'dan geri dönüp Keşmir'de 7-8 ay kadar durduk. Bu arada ben 10. Sınıfta okumaya devam edip lise diplomamı aldım. Abim üniversiteye hazırlandı. Hazretim Çin'e gider gitmez babama Mehmet Kasım Hacım'da kalan "Doğu Türkistan Tarihi"'nin basılmış nüshalarını ve el yazmasını bir yolunu bulup yanında getirmesi için mektup yazmıştı. Bu çok zor bir siyasi görevdi. Çünkü İngiliz istihbaratı babamı izliyordu. Vatanımızdaki milliyetçi Çinliler bu kitabın basılmasını ve vatana girişini yasaklamıştı. Kitap 1941 yılında Keşmir'e basılmak üzere gönderilmiş olsa da bunu yapacak kimsenin olmamasından dolayı basılamamıştı. Babam bu konuya el attı. Hatta kitabın daha çabuk baskıdan çıkması için hatalı yazılan yerlerini, (taş baskının) taş dizilen tahtalarını akşam eve getirirdi. Annem geceleri oturup bu taş baskıları düzeltiyordu. Bir olayı hiç unutmuyorum. Babam çok yağmur yağan bir akşam matbaaya gitmişti. Üstü başı sırılsıklam bir halde geri geldi. Babamın anlattığına göre matbaaya varmasına çok az kala arkasında takip eden birisini farketmiş. Derhal geri döndüğünde o adam arkasından geliyormuş. İstihbarat ajanlarının babamı sürekli takip ettiklerini öğrenmiştik. Biz hemen kitabın el yazmasını saklamanın telaşında, endişe içinde kalmıştık.

Bu kitabın macerası bununla bitmedi. Ladak'ta bizim kiraladığımız atçılar önce "Keşmir'de basılan şu karşıt (kanunsuz) kitap

ھادىسىلەرنىڭ بىرقىسمىنى خاتىرەمنىڭ يوقىرىقى قىسىملىرىدا سۆزلەپ ئۆتتۇم دەممۇ دىن قايتىپ كەشمىردە 8 ـ 7 ئايدەك تۇردۇق. بۇئارادا مەن 10 ـ سىنىپتا ئوقوشنى داۋام قىلىپ شاھادەتنامىمە ئالدىم.، ئاكام يۇنىۋەرستىگە ھازىرلىق قىلدى. ھەزرىتىم خىتاي ئىچىگە بىرىپلا دادامغا مەتقاسىم ھاجىمنىڭ قولىدا قالغان «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» نى باستۇرۇش ۋە بۇ كىتابنىڭ قول يازمىسىنى بىرئامال قىلىپ بىرگە ئېلىپ كېلىشنى تاپىلاپ خەت يازغىلى تۇردى. بۇ زور بىر سىياسى مەسىلە ئىدى. چۈنكى ئىڭگىلىز مەخپىي ساقچىلىرى دادامنى ماراپ يۈرمەكتە ئىدى. ۋەتەنىدىكى مىللەتچى خىتايلار بۇ كىتابنىڭ بېسىلىشى ۋە ۋەتەنگە كىرىشىنى مەنئى قىلغانىدى. بۇ كىتاپ 1941 ـ يىلى كەشمىرگە بېسىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن بولسىمو بۇنىڭغا قول تىقىپ ئىشلەيدىغان ئادەم يوقلىقىدىن تۇرۇپ قالغان. دادام بۇئىشنى قولىغا ئالدى. ھەتتاكىتاپنىڭ تېزرەك نەشىردىن چىقىشى ئۈچۈن خاتا يېزىلىپ قالغان جايلىرىنى(تاش مەتبەنىڭ) تاش تاختىسىنى ئاخشىمى ئۆيگە ئېلىپ كېلەتتى ئانام كېچىلىرى ئولتۇرۇپ بۇ تاش تاختىلارنى سۈرۈپ ئۈچۈرۈپ بېرەتتى. بىر ۋەقە ھېچ ئېسىمدىن چىقمايدۇ: دادام قاتتىق يامغۇر يېغىۋاتقان بىرئاخشىمى مەتبەگە كەتكەن ئىدى، ئۈستى بېشى ھۆل ئەندىشىلىك ھالدا قايتىپ كەلدى. دادامنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا مەتبەگە ئاز قالغاندا ئارقىسىدىن تەقىپ قىلىپ كېلىۋاتقان بىرسىنى سېزىپ قاپتۇ. دەرھال ئارقىسىغا قايتقاندىمۇئۇئادەم ئارقىسىدىن كېلىۋاتامىش. مەخپىي ساقچىلارنىڭ دادامنى ھەر دايىم تەقىپ قىلىۋاتقانلىقى مەلۇم بولۇپ قالغانىدى. بىز دەرھال كىتابنىڭ قوليازمىسىنى بىريەرگە يوشۇرۇشنىڭ غېمىدە كۆپ ئەندىشە قىلغان ئىدۇق....

بۇ كىتابنىڭ ماجىراسى بۇنىڭ بىلەن تۈگىمىدى. لاداختا بىز كىرا قىلغان ئاتچىلار ئالدى بىلەن «كەشمىردە بېسىلغان ھېلىقى ئەتكەس( قانۇنسىز) كىتاپ

üzerinizde bulunursa sınırda sorun çıkar" diye ikaz ettiler. Babam kitaptan 5 tane ve el yazmasını götürmezsek olmaz dedi. Bunlardan 3 tanesini yükümüzü taşıyan atın eyeri arasına koyup diktik. 2 tanesini tanıdık bir tüccardan rica edip, onun mallarının arasına koyduk. El yazmasını annemin elbislerinin içine dikip üstüne kalın bir pamuk palto giydirdik.

Karakurum'dan yola çıkıp 8-10 gün sonra Şeydullah sınır karakoluna geldik. Askerler tüccarın mallarını kontrol ederken 2 tane kitabı bulup, çok kızdılar. O adam biraz para vererek işini halletti. Atın üstündeki eyere sakladıklarımızı farketmediler. Kontrollerden sağ salim geçtik. Sınıra yaklaştığımızda annemi taşıyan at suda ayağı takılıp düştü. Annem de suya düştü. Annemin sırtına sakladığımız kitap ıslanmasın diye kuytu bir yerde annemin üstündekileri çıkarıp kuruttuk. Allah'tan kitaba su geçmemişti. Sınırdakiler bu durumda iki büklüm kalan annemin bu haline acıyıp hemen insan olan bir yere gidip ateş yakıp kurutun diye bizi sınırdan hızlıca geçirdiler. Yani bu zorluklara ve maceralara göğüs geren babam ve annemin sayesinde "Doğu Türkistan Tarihi"nin el yazması sağ salim vatana ulaşmıştı....

ئىسلەردىن چىقىپ قالسا چىگىرادا خاپاسالىدۇ» دەپ ئاگاھلاندۇرۇپ قويدى. دادام بۇ كىتاپتىن 5 دانە ۋە قولىيازمىسىنى ئېلىپ كەتمەي بولمايدۇ دەپ بۇلارنىڭ 3 دانىسىنى يۈكىمىزنى ئارتىدىغان ئاتنىڭ توقام ئارىسىغا قويۇيۇپ تىكىۋەتتۇق. 2 دانىسىنى تونۇش بىر تىجارەتچىگە يالۇرۇپ ئۇنىڭ ماللىرى ئارىسىغا قويدۇق. قولىيازمىسىنى ئانام ئۇچىسىغا تېكىپ ئۈستىگە قېلىن بىر پاختىلىق چاپان كىيىۋالدى.

قاراقۇرۇمدىن مېڭىپ 8 ـ 10 كۈندىن كېيىن شەيدۇللاچېگرا پونكىتىغا كەلدۇق. ئەسكەرلار ھېلىقى تىجارەتچىنىڭ مېلىنى ئاختۇرۇش جەريانىدا 2 دانە كىتاپنى تېپىۋېلىپ قاتتىق كايىپ كەتتى. ئۇ كىشى رىشوەت بىلەن ئىشنى ھەل قىلدى. ئاتنىڭ ئۈستىدىكى توقامغا يوشۇرغانلىرىمىزنى كۆرمىدى، سالامەت ئۆتكۈزۈپ كەتتۇق. چېگرىغا يېقىن قالغاندا ئانام مىنگەن ئات سۇدا پۇتلىشىپ يىقىلىپ ئانام سۇغا پىشلىپ كەتكەندى. ئانامنىڭ ئۇچىسىغا تېكىۋالغان كىتاپنىڭ ھۆل بولۇپ كېتىشىدىن قورقۇپ بىردالدا ئانامنىڭ ئۈستى بېشىنى چىقىرىپ بىرئاز قۇرۇتتۇق. ياخشى كىتاپقا سۇ ئۆتمەپتۇ. چىگرىدا بۇ ۋەزىيەتە(سۇغاچۇشۇپ كېتىپ) ئېگىشىپ قالغان ئايالغا ئىچىنى ئاغرىتىشىپ دەرھال ئادەم بار جايغا كېتىپ ئوت قالاپ قورۇتۇڭلار دەپ بىزنى تېزرەك ئۆتكۈزۈۋەتتى. يەنى بۇ ماجىرالا ۋە زورلۇقلارغا بەرشداشلىق بەرگەن دادام ۋە ئانامنىڭ سەۋەبى بىلەن « شەرقىي تۈركىستان تارىخى» نىڭ قولىيازمىسى ساق سالامەت ۋەتەنگە يىتىپ كەلگەن ئىدى.....

Şimdi hatırama kaldığım yerden devam edeceğim:

Komunist hâkimiyetin yurdumuzdaki zulmü günden güne artarak devam ediyordu. Her gün Mao'nun yeni bir "en önemli talimatı" ilan edilip halkın üstüne yine baskı kuruluyordu (Komunistler Mao'nun talimatlarını en önemli talimat diye adlandırıyorlardı). Mao'nun "her etnik gruptan insanların kurtarıcılığı" tamamen kâğıt üstünde kaldı. Halkımıza uygulanan etnik ayrımcılık milliyetçi Çin (Gomindang) devrinden de kötüleşti. Hepsinden vahim olanı dini ve milli varlığımızı yok etmek için yaptıkları tecavüzler idi. Komunistler bunu ustalık ile bazen gizli, bazen de açıktan yürüttüler. Bunlara karşı yurdumuzun değişik bölgelerinde ortaya çıkan bazen dağınık bazen de organize direnişler meydana geldi. Yani halkımız tecavüzcüler önünde hiçbir zaman diz çökmedi, hep isyan etti. Aşağıda bunlardan Hoten'de meydana gelenlerden bir kısmını anlatacağım.

ئەمدى، خاتىرە نى قالغان يېرىدىن باشلايمەن:

كوممۇنىست ھاكىمىيىتىنىڭ يۇرتىمىزدىكى زۇلۇمى كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلىشىپ داۋام قىلماقتا ئىدى. ماۋنىڭ ھەر كۈنى يېڭى بىر «ئەڭ ئالى يوليورۇقى»ى ئېلان قىلىنىپ خەلق ئۈستىگە يەنە بىر بېسىم چۈشكەن ئىدى ( كوممۇنىستلار ماۋنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئەڭ ئالى يوليورۇق دەپ ئاتايتتى). ماۋنىڭ «ھەر مىللەت خەلقىنى قۇتقازغۇچى» لىقى پەقەت قەغەز ئۈستىدىلا قالدى. خەلقىمىزغا بولغان مىللى زۇلۇم ۋە مىللي كەمسىتىش مىللەتچى خىتاي (گومىنداڭ) دەۋرىدىكىدىنمۇ ئېشىپ چۈشتى. ھەممىدىن ئېغىر بولغىنى دىنىمىز ۋە مىللي مەۋجۇدىيەتىمىزنى يوقىتىشقا ئۇچۇن قىلغان تاجاۋۇزى ئىدى. بۇنى كوممۇنىستلار ئۇستىلىق بىلەن يوشۇرۇن ۋە بەزىدە ئاشكارا يۈرگۈزدى. بۇلارغا قارشى يۇرتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا بەزىدە تارقاق بەزىدە تەشكىللىك ھالدا قارشى كۆتۈرۈلۈشلار مەيدانغا كەلدى. يەنى، خەلقىمىز تاجاۋۇزچىلارنىڭ ئالدىدا ھېچ قاچان تىز پۈكۈپ تۇرمىدى، ئىسيان كۆتەردى. تۆۋەندە، بۇلاردىن خوتەندە يۈزبەرگەنلىردىن بىرقىسمىنى ئاڭلىتىپ ئۆتىمەن؛

## Atçuy İnkılabı

Hoten'de ortaya çıkan Atçuy silahlı inkılabı, komunist Çin hâkimiyetinin Doğu Türkistan'da rejimini sağlamlaştırmaya başladığı bir sırada istilacıların kendilerini güvende hissetmeye başladığı ortamda gerçekleşen komunist rejime karşı Türkistan'daki ilk ciddi, silahlı ayaklanmaydı. İnkılap kısa sürede komunistleri ciddi bir şekilde sarstı ve bunun etkisi yıllarca sürdü. Hükümet sonraki 22 yıl içinde yüz veren rejime karşı her türlü dini ve milli hareketi "Atçuy isyanının kötü etkisi", "Eminin kuyruklarının yönlendirmesi" diye izah etti. Bu hadiselerin bizim ailemize ve akrabalarımıza olan etkisi ağır oldu. Onun için bunları size biraz ayrıntılı anlatacağım:

15 Kasım 1954 tarihinde sehere yakın Hoten yeni şehir tarafından bir patlama sesi duyuldu. Hiçkimse bunun bir ayaklanma olabileceğini hayal bile etmemişti. Sabah babam dükkâna gitmişti, çok geçmeden geri geldi. Çok endişeliydi ve suratı solmuş halde, "sokaklar asker dolmuş, dükkânları açmayın diyip kovdular. Birşeyler olmuş gibi", diye geldi. Ne olduğunu anlamadım ama sıkıntılı bir durum olduğu açıktı. Hepimizi bir endişe kapladı. Öğleden sonra askerler kışlalarına döndü ve halk sokağa çıktı ve durum

## ئاتچۇي ئىنقىلابى

خوتەندە يۈزبەرگەن ئاتچۈي قورالىق ئىنقىلابى، كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيتى شەرقىي تۈركىستاندا ئەمدى مۇستەھكەملىنەي دەپ تۇرغان بىر چاغدا، مۇستەملىكىچىلارمۇ خېلى خاتىرجەم بولۇپ قالغان بىر پەيتتە يۈز بەرگەن كوممۇنىست ھاكىمىتىگە قارشى شەرقىي تۈركىستاندا تۇنجى قېتىملىق جىددى قورالىق قوزغىلاڭ ئىدى. ئىنقىلاب ئۆزى قىسقا بولسىمۇ كوممۇنىستلارنى قاتتىق ئالاقزادە قىلىۋەتتى ۋە بۇنىڭ تەسىرى يىللارچە داۋام قىلدى. يەنى، ھۆكۈمەت بۇ 22 يىل ئىچىدە يۈز بەرگەن رېژىمگە قارشى ھەر قانداق بىر دىنى ۋە مىللىي ھەرىكەتنى«ئاتچۈي ئىسيانىنىڭ قالدۇرغان تەسىرى»، «ئىمىنىنىڭ قۇيرۇقلىرىنىڭ قۇترىشى» دەپ ئاتاپ كەلدى. بۇ ھادىسىلەرنىڭ بىزنىڭ ئائىلىمىزگە توغقانلىرىمىزگە بولغان تەسىرى ئېغىر بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇلارنى سىلەرگە بىرئاز تەپسىلى ئاڭلىتىمەن:

1954 - يىلى 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى كېچىدە سەھەرگە يېقىن خوتەننىڭ يېڭى شەھەر تەرىپىدە بىر پارتلاش ئاۋازى تۇيۇلدى. ھېچكىم بۇنىڭ بىر قوزغىلاڭ ئىكەنلىكىنى خىيالىغۇ كەلتۈرمىدى. ئەتىگەن دادام دۇكانغا كەتكەن ئۇزاققا قالماي قايتىپ كەلدى. ناھايىتى ئەندىشىلىك ۋەچرايى تاتىرىپ كەتكەن ھالدا« كوچا ئەسكەرگە تولاپ كېتىپتۇ! دۇكاننى ئاچماقلاردەپ ھەيدىۋەتتى. بىرئىش بولغانغا ئوخشايدۇ» دەپ كەلدى. نېمە بولغانلىقىنى ئۇقالمىدۇق. ئەمما، بىر تەسلىك بولغانلىقى ئېنىق ئىدى. ھەممىز بىر ئەندىشەئىچىدە قالدۇق. چۈشتىن كېيىن، ئەسكەر لار سېپىلگە قايتىپ، ئادەملار رەستىگە چىقتى ۋە ئەھۋال

yavaş yavaş açığa çıkmaya başladı. Hükümet toplantı yapıp "din kisvesine bürünmüş devrim karşıtları isyan çıkarıp Atçuy'daki hapishaneye baskın yapmış olsalar da hepsi ele geçirildi ve isyan bastırıldı" diye açıklama yaptı.

Olay şöyle gelişmişti: Milletin komunistlere olan nefreti günden güne artmaktaydı. Özellikle dini ve milli alandaki zulmün hergün bir yenisinin uygulanmaya başlanması halkı canından bezdirmişti. Komunistler dini faaliyetleri yasakladıkça halk ona daha fazla yapışmaya başladı. Gizli olarak yapılan dini sohbetler tasavvur edilmez bir hızla yayıldı. Bir zaman geldi dindar olmayan insan kalmamış gibi bir durum ortaya çıktı. (Atçuy inkılabından sonra Hoten Komunist parti merkez komitesinin bir toplantısında, inkılap arefesinde Hoten ve Yarkent'teki Abdulhamit Damollam'ın müridlerinin sayısı kırk bine ulaştı diyerek hükümetin bu konuda ne kadar çaresiz kaldığını ortaya koymuştu. Bu halette Abdulhamit Damollam (Karakaş'tan) Fethettin Mahsum (Hoten'den) olmak üzere bir kısım dini ve milli aydınlar birleşip "Teşkili Necat" isimli bir teşkilat ve "şura" adı altında inkılaba önderlik edecek organı kurmuşlar. Hiç silahı olmayan bu teşkilat üye sayısının çokluğuna güvenip öncelikle şehir dışındaki savunma bakımından çok güçlü olmayan Atçuy hapishanesine hücum edip ordaki silahları ele geçirip, ondan sonra Hoten garnizonunu ele geçirme planı ile harekete başlamış. Bunların planının hayata geçmesi ile birlikte o gece Hoten şehrinin dört tarafında saklanıp duran fedailer

بارغانسىرى ئايدىڭلاشقىلى باشلىدى. ھۆكۈمەت مەجلىس ئېچىپ «دىنىي تونىغا ئورۇنۇۋالغان بىرقىسىم ئەكسىلئىنقىلابچىلار ئىسيان چىقىرىپ ئاتچۆي دىكى تۇرماغا بېسىپ كىرگەن بولسىمۇ ھەممىسى قولغا چۈشۈرۈلدى ۋە ئىسيان باستۇرۇلدى » دەپ ئۇختۇردى.

ۋەقەنىڭ جەريانى مۇنداق: مىللەتنىڭ كوممۇنىستلارغا قارشى بولغان ھىسسىياتى كۈندىن كۈنگە ئاشماقتا ئىدى. بولۇپمۇ دىنى ۋە مىللى زۇلۇمنىڭ ھەر كۈن بىر يېڭىسىنىڭ يولغا قويۇلىشى خەلقىمىزنى جېنىدىن بەزدۈردى. كوممۇنىستلار دىنى پائالىيەتنى چەكلىگەنسىرى خەلق ئۇنىڭغا شۇنچە يېپىشقىلى باشلىدى، مەخپى ھالدا توپلىنىدىغان دىنىي يېغىلىشلار تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز بىر سۈرئەت بىلەن يېيىلىپ كەتتى. بىرچاغدا ئىشانغا سوپى بولمىغان ئادەم قالمىغاندەك بىر ۋەزئىيەت بارلىققا كەلدى. (ئاتچۆى ئىنقىلابىدىن كېيىن، خوتەن پارتىيە كومىتتى بىر قېتىملىق يىغىنىدا- ئىنقىلاب ئەرپىسىدە خوتەن ۋە يەركەندە ئابدۇلھىمىت داموللامنىڭ مۇرىدلىرىنىڭ سانى 40 مىڭغا يېتىپ بارغان دەپ، ھۆكۈمەتنىڭ نەقەدەر بىخۇتلاشقانلىقنى ئۇتتۇرىغا قويغان). بۇ ھالەتتە ئابدۇلھىمىد داموللام(قارىقاشتىن)، پەتھىددىن مەخسۇم (خوتەندىن) قاتارلىق بىر قىسىم دىنى ۋە مىللى زىيالىلار بىرلىشىپ، «تەشكىلى نىجات» دېگەن بىر تەشكىلات ۋە «شۇرا» ئىسمى بىلەن ئىنقىلابقا رەھبەرلىك قىلىش ئورگىنى قۇرۇپ چىقىدۇ. ھېچ قورالى بولمىغان بۇ تەشكىلات ئەزالىرىنىڭ سان جەھەتتىكى كۆپلىكىگە تايىنىپ ئالدى بىلەن شەھەر تېشىدىكى مۇداپىئە جەھەتتە ئانچە كۈچلۈك بولمىغان ئاتچۆى تورمىسىغا ھۇجۇم قىلىپ ئۇجايىدىكى قوراللارنى قولغا چۈشۈرۈپ، ئاندىن خوتەن گارنىزوننى قولغا چۈشۈرۈش پىلانى بىلەن ھەرىكەت باشلىغان. بۇلارنىڭ پىلانى ئەمەلگەئېشىشى بىلەن شۇكىچە خوتەن شەھىرىنىڭ تۆت ئەتراپىدا ساقلاپ ياتقان پىدائىلار

şehre baskın yapacaklarmış.

Plana uygun Atçuy hapishanesine yapılan ani hucüm neticesinde hapishane kısa bir sürede halledilmişti. 20'ye yakın silahlı gardiyan öldürülmüş ve silahları ele geçirilmişti. Şimdi sıra hapisten kurtulanlarla birlikte Hoten sur içindeki garnizona hucüm etmeye gelmişti. Ama mücahitlerin içinde araba kullanmayı bilen şoför bulunmadığından hapiste 1 yıl ertelenmiş idam cezasına çarptırılan milliyetçi Çin hükümetinin yüzbaşı rütbesindeki bir Çinli "bende size katılacağım, arabayı ben kullanırım" diye 50 kadar mücahidi alıp Şorvag yoluyla yeni şehre doğru yola çıkmış. Bu münafık surlara yakınlaştıklarında arabayı hızlandırıp, acı acı korna çalıp bağırarak nöbetçi askerlerin dikkatini çekmiş. Bunu gören mücahitlerin bir kısmı arabadan atlayıp kaçmış. Kalanları Çinli şoför arabayı sürdüğü gibi surların önüne götürmüş. Kısa bir çatışmadan sonra mücahitlerin hepsi şehit olmuş ve böylece inkılap mağlup olmuş.

Sabah namazı ezanı ile garnizonun ele geçirilmesi planlanmış. Şehir etrafında (Yurunkaş ve Karakaş köprülerinin başında) toplanan inkılapçılar belirlenen bir vakitte işaret verilmediği için kendiliğinden çekilmişler. Bunlardan Hoten telgraf idaresini kuşatanlar en son çekildikleri için bunların komutanı Bahattin hacım ve bir kaç mücahid ele geçirilmiş ve böylece bütün teşkilat ifşa olmuş. (Bunların elinde telgraf

شەھەرگە بېسىپ كىرمەكچى بولغان.

پىلان بويىچە ئاتچۇي تۇرمىسىغا قىلىنغان تۇيۇقسىز ھۇجۇم نەتىجىسىدە تۇرما قىسقا بىر ۋاقىتتا بىرتەرەپ قىلىنىپ، 20 گە يېقىن قورال‌لىق ساقچىلار ئۆلتۈرۈلدى ۋە قوراللىرى قولغا چۈشۈرۈلدى. ئەمدى نۆۋەت تۇرمىدىن قېتىلغانلار بىلەن خوتەن سېپىل ئىچىدىكى گارنىزونغا ھۇجۇم قىلىشقا كەلگەنىدى. ئەمما، مۇجاھىدلار ئىچىدە ماشىنىنى قوللىنالايدىغان شوپۇر بولمىغانلىقتىن تۇرمىدا بىرىيل كېچىكتۈرۈپ ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان گومىنداڭنىڭ تەنجاڭ دەرىجىلىك بىرخىتاي «مەن سىلەرگە قېتىلىمەن ماشىنىنى مەن ھەيدەپ بېرەي» دەپ 50 دەك مۇجاھىدنى ئېلىپ، شۇرۋاغ يولى بىلەن يېڭى شەھەرگە قاراپ ماڭىدۇ. بۇ مۇناپىق سېپىلگە ئاز قالغاندا ماشىنىنى ناھايىتى تېز ھەيدەپ، قاتتىق سىگنال چېلىپ توۋلاپ، پوستتىكى ئەسكەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىۋېتىدۇ. بۇنى كۆرگەن بىرقىسىم مۇجاھىدلار ئۆزىنى ماشىنىدىن تاشلاپ قاچىدۇ. قالغانلىرىنى شوپۇرخىتاي ماشىنىنى ھەيدىگەن پېتى سېپىلنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ توختايدۇ. قىسقا بىر ئېتىشىش بىلەن مۇجاھىدلاردىن ھېچكىم ساق قالمايدۇ ۋە ئىنقىلاب مەغلۇپ بولىدۇ.

بامدات نامىزىغا ئەزەن ئوقۇش بىلەن تەڭ گارنىزۇننى قولغا چۈشۈرۈشنى تامالاش پىلان قىلىنغان ئىكەن. شەھەر ئەتراپىغا( يۇرۇڭقاش كورۇكى ۋە قارىقاش كورۇكى بېشىدا) تويلانغان ئىنقىلابچىلار بەلگىلەنگەن بۇ ۋاقىتتا بەلگە بېرىلمىگەنلىكتىن ئۆزلىكىدىن چېكىنىدۇ. بۇلاردىن خوتەن ھاۋا تېلىگراپ ئىدارىسىنى قورشاپ ياتقانلار ئەڭ ئاخىرىدا چېكىنگەنلىكتىن بۇلارنىڭ باشلىقى باھاۋۇددىن ھاجىم باشلىق بىرقىسىم مۇجاھىتلار قولغا چۈشۈپ كېتىدۇ ۋە پۈتۈن تەشكىلات پاش بولۇپ قالىدۇ. (بۇلارنىڭ قولىدىكى ھاۋا تېلىگراپ

istasyonu ele geçirildikten sonra Birleşmiş Milletler, Türkiye ve İslam devletlerine gönderilecek telgraf metni varmış.)

Böylece Atçuy İnkılabı mağlub oldu. O gün Çin askerlerinden kaç kişi öldü, mücahitlerin kaçı şehit oldu bunu hiçkimse bilmiyor, bilmesi de mümkün değil. Çünkü hükümet bunları çok gizli tuttu. Ondan sonra Lop, Karakaş, Kargalık ve Yarkent'te "isyancıları temizleme"den ibaret geniş kapsamlı bir tutuklama hareketi başladı. "1932 yılında Emin'in isyanına katılanlar, sofu Abdulhamit Damolla'nın müritleri ve Emin'in yakınlarını" esas hedef yaptılar. Bu sırada tutuklanıp hapse atılanların tahmini sayısı 1.500 kişiye ulaştı. Bu konudaki diğer gelişmeleri hatıramın ilgili yerlerinde yazmıştım.

Fahrettin Mahsum 2 yıl saklandığı yerden bir hainin ihbarı ile ele geçirildi ve bir Mayıs 1958 tarihinde Hoten'de komunist hükümet tarafından depdebeli bir hüküm ilan etme kongresi yapılıp, orda kurşuna dizilip şehit edildi. O gün infaz meydanındaki komunist hâkimiyetin gövde gösterisi ve kötü niyeti yıllarca aklımdan çıkmadı. Mahsum'un suratında korkudan eser yoktu. Dudağı sıkıca kapalı ve şişik idi. (Sonradan öğrendiğime göre Mahsum düşmana boyun eğmeyip, slogan attığından halkın önünde de bağırmasın diye cellatlar dudağını dili ile birlikte dikmişler.) Bir saat geçmeden sanki bu kâfirlere Allah'ın gazabı

ئىستانىسىنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، بىرلەشكەن مىللەتلەر تەشكىلاتىغا، تۈركىيەگە ۋە ئىسلام دۆلەتلىرىگە يوللىماقچى بولغان تىلگراپنىڭ تېكىستى بار ئىكەن).

شۇنىڭ بىلەن ئاتچۇي ئىنقىلابى مەغلۇپ بولىدۇ. شۇ كۈنى ختاي ئەسكەرلىرىدىن قانچىسى ئۆلدى، مۇجاھىدلاردىن قانچىسى شېھىت بولدى بۇنى ھېچكىم بىلمەيدۇ ۋە بىلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس چۈنكى، ھۆكۈمەت بۇلارنى قاتتىق مەخپى تۇتتى. ئۇندىن كېيىن، خوتەن، لوپ، قارىقاش،گۇما، قارغىلىق ۋە يەركەن قاتارلىق جايلاردا «ئىسيانچىلارنى تازىلاش» دىن ئىبارەت كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن باشلاندى. بۇنىڭدا، «1932 - يىلى ئىمىنىڭ ئىسيانىغا قاتناشقانلار، ئىشان ئابدۇلھىمىت دامۇللانىڭ مۇرىتلىرى ۋە ئىمىننىڭ يېقىنلىرى» نى ئاساس قىلدى. بۇجەرياندا قولغا ئېلىنىپ تۈرمىغا تاشلانغانلارنىڭ تەخمىنى سانى 1500 كىشىگە بارىدۇ. بۇ ھەقتىكى باشقا ئەھۋاللەرنى خاتىرىمنىڭ مۇناسىۋەتلىك جايلىرىدا يازدىم.

پەتھىددىن مەخسۇم 2 يىل يۇشۇرنۇپ ياتقان جايىدىن بىرخائىن نىڭ مەلۇم قىلىشى بىلەن قولغا چۈشتى ۋە 1958 - يىلى 5 - ئاينىڭ 1- كۈنى خوتەندەكوممۇنىست ھاكىمىيتى تەرپىدىن چوڭ داغدۇغ قىلىپ ھۆكۈم ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىپ نەق مەيداندا ئېتىپ شېھىت قىلىندى. شۇ كۈنى جازا مەيدانىدىكى كوممۇنىست ھاكىمىيتىنىڭ ھەيۋىسى ۋە ياۋۇز ئەپتى يىللەرچە ئىسىمدىن چىقمىدى. مەخسۇمنىڭ چىرايىدە قورقۇ ئەسرى يوقتى. كالپۇكىنى مەھكەم يۇمۇلغان ۋە ئىششىغان ھالەتتە ئىدى. (كېيىن ئۇقۇشۇمچە مەخسۇم دۈشمەنگە بويۇن ئەگمەي ۋاقراپ شۇئار توۋۇلاپ تۇرغانلىقتىن خەلق ئالدا يەنە توۋۇلىمىسۇن دەپ، جاللاتلار كالپۇكىنى تىلى بىلەن قوشۇپ تىكىۋاتقان ئىكەن....). بىرسائەت ئۆتمەي، خوددى بۇ كاپىرلارگە خۇدانىڭ غەزىبى

gelmiş gibi Hoten'de daha önce görülmemiş derecede şiddetli bir kum fırtınası çıkıp arkasından buz yağmaya başladı.

Abdulhamit Damollam bir süre kaçıp saklandıktan sonra Karakaş'ın Yava denilen kentinde kendisini 4 yıl bir sığınakta saklayan adamı tarafından yakalatıldı ve 1959 yılında şehit edildi.

İnkılap liderlerinin, dünyada eşi benzeri olmayan komunistlerin katı rejimi altında 4-5 yıl saklanabilmiş olmaları halkın onlara olan gönül bağının ne kadar güçlü ve derin olduğunun göstergesidir. Bu konuyu ayrıntılı olarak anlatabilmek için ayrı bir kitap yazmak gerekir. Burada bir iki tanesini kısaca anlatacağım:

Hükümet açık gizli bütün istihbarat mekanizmalarını faaliyete geçirdi. İnkılabın üzerinden 3-4 yıl geçmiş olmasına rağmen Fethettin Mahsum ve Abdulhamit Damollam'ı ele geçirememişti. Bu da yetmezmiş gibi halk içinde komunistleri delirtecek sözler yayılmaya başlamıştı. Örneğin bunların yerini öğrenip tutuklamaya giden askerler kapıyı açıp girdiğinde evden bir duman yükselip, bacadan çıkıp gitmiş. Yani onlar dumana dönüşüp askerlerin gözünün önünden kaybolmuş. Fethettin Mahdum ve Abdulhamit Damollam'a ateş edildiğinde kurşun onlara isabet etmiyormuş ve görünmez olabiliyorlarmış. Abdulhamit Damollam'ın Karakaş'ta bir evde olduğu haberini alıp çok sayıda silahlı asker muhtarı da yanlarına alıp evi kuşatmışlar. "Teslim ol yoksa ateş ederiz" diye bağırmaya başladıkları anda bir güvercin uçarak evden çıkmış ve bir süre sonra gözden kaybolmuş. Askerler evi basıp

كەلگەندەك خوتەندە كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە بوران چىقىپ ئارقىسىدىن مۆز يېغىپ كەتتى.

ئابدۇلھەمىد داموللام يوشۇرنۇپ ياتقاندىن كېيىن، قارىقاشنىڭ ياۋا دېگەن كەنتىدە 4 يىل گەمىدە ساقلىنغان ئادەم تۇتۇپ بەرگەن. 59 ـ يىلى شېھىت قىلىندى.

ئىنقىلاب رەھبەرلىرىنىڭ دۇنيادا باشقا بىر مىسالى بولمىغان مۇستەبىت كوممۇنىستلارنىڭ قاتتىق رېژىمى ئاستىدا 5 ـ 4 يىل يوشۇرنۇپ يۈرەلىگەنلىكى خەلقنىڭ ئۇلارغا بولغان ھىسداشلىقىنىڭ نەقەدەر چوڭقۇرلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ھەقتە تەپسىلى يېزىش ئۈچۈن، ئالاھىدە بىر كىتاب يېزىش كېرەك. مەن بۇيەردە بۇلاردىن قىسقىچە بىرئىككىسىنى مىسال قىلىپ سۆزلەپ بېرەي:

ھۆكۈمەت پۈتۈن مەخپى ۋە ئاشكارا چارلاش ھۈنەرلىرىنى ئىشقا سالغان. ئىنقىلاب يۈز بەرگىلى 3 ـ 4 يىل بولغان بولسىمۇ پەتھىددىن مەخسۇم بىلەن ئابدۇلھەمىد داموللامنى قولغا چۈشۈرەلمىدى. بۇنى ئاز دەپ خەلق ئىچىدە كامۇنىستلارنىڭ جېنىنى چىقىرىدىغان ئاجايىب سۆزلار تارقالغىلى باشلىدى. مەسىلەن: بۇلارنىڭ بار جايىدىن خەۋەر ئېلىپ، ئۇلارنى تۇتقىلى بارغان ئەسكەر لار ئىشىكنى ئېچىپ كىرگەندە ئۆي ئىچىدىن بىرتۇتۇن ئۆرلەپ تۈرۈستىن چىقىپ كېتىپتۇ! (يەنى ئۇلار تۇتۇنگە ئايلىنىپ ئەسكەرلارنىڭ كۆزى ئالدىدا غايىپ بولۇپ كېتىپتۇ). پەتھىددىن مەخسۇم بىلەن ئابدۇلھەمىد داموللامغا قارىتىپ ئوق ئاتسا ئۇلارغا ئوق تەگمەيدىكەن ۋە كۆزدىن غايىپ بولىدىكەن. ئابدۇلھەمىد داموللامنىڭ قارىقاشتا بىرئۆيدە بارلىقىنى خەۋەرئېلىپ، نۇرغۇن قورallıق ئەسكەرلار دادويجاڭنى بىرگە ئېلىپ ئۆيىنى قورشاپ «تەسلىم بولمىساڭ ئوق چىقىرىمىز» دەپ ۋاقىرىشىغا بىر ياۋا كەپتەر ئۆيىدىن ئۇچۇپ چىقىپ بىردەمدىن كېيىن كۆزدىن غايىپ بولاپتۇ. ئەسكەرلار ئۆيگە بېسىپ

girdiklerinde sofrada daha soğumamış bir kap mısır çorbasından başka bir şey bulamamışlar. Bu olayı kendi gözleri ile gören filanca yetkili bir arkadaşına anlatmış....ve buna benzer sözler

Bu olaydan 3 yıl sonra "sosyalist terbiye hareketi" sırasında tedavi heyeti ile birlikte Karakaş'ın Yava denilen bölgesine gönderildim. Orada 3 ay kadar gündüz doktorluk yapıp, akşamları fakir çiftçilerden "sosyalist terbiye" alıyordum. Bir gün Yava'da Abdulhamit Damollam'ı 4 yıl saklayıp, sonra kendi eliyle teslim eden kişiyi "ziyaret" etmeye götürdüler. Öncelikle sığınağı gösterdiler. Bu sığınak adamın evinin arka bahçesinde olup, Karakaş'ın Taklamakan çölünün sınırındaydı. Tahminen bir kilometre etrafında başka bir ev yoktu. Evin 100 metre ilerisinde Taklamakan'ın geçit vermez çölü başlıyordu. Evin arkasında koyunlar için yapılmış bir ağıl vardı. Sığınak bu ağılın altındaydı. Ağılın yanına büyük bir gölet kazıp bunu su ile doldurmuş. Hava almak için sığınak içinden uzun bir kamışı göletin su seviyesine çıkarıp bırakmıştı. Ağılda devamlı 4-5 koyun mevcuttu. İşte kimsenin aklına gelmeyecek bu yerde Damollam 4 yıl saklanmıştı. Yöneticilerimiz akşam toplantı yapıp, o kişiyi çağırıp bize "açıklama" yaptırdı. Onun dediklerine bakılırsa, o Abdulhamit Damollam'ın sadık müritlerinden biri olduğu için onu saklama görevini üzerine alıp son derece gizli bir şekilde hatta oğluna ve karısına bile farkettirmeden yukarıdaki gibi bir sığınak inşa edip, bir gece yanlız başına Damollam'ı getirip bu sığınağa

كىرسە، ئۆيدە دەستىخاندا تېخى سوۋۇمىغان بىرئاياق ئوماچتىن باشقا بىرنەرسە تاپالماپتۇ. بۇۋەقەنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن پالانى دادويجاڭ بىرسىگە دەپ بېرىپتۇ.... ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش سۆز لار.

بۇ ۋەقەدىن 3 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، مىنى «سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى» دە داۋالاش ئەترىدى بىلەن قارىقاشنىڭ ياۋا دېگەن جايىغا ئەۋەتتى. بۇ يەردە 3 ئايدەك كۈندۈزى دوختۇرلۇق قىلىپ ئاخشاملىرى كەمبەغەل دېھقانلاردىن «سوتسىيالىستىك تەربىيە» ئالىمەن. بىر كۈنى ياۋادا ئابدۇلھەمىد دامۇللام 4 يىل يۇشۇرنۇپ ياتقان گەمىنى «ئېكىسكۇرسىيە» قىلىشقا ۋە دامۇللامنى 4 يىل ساقلاپ، كېيىن ئۆزى تۇتۇپ بەرگەن كىشىنى « زىيارەت» قىلىشقا ئېلىپ باردى. ئالدى بىلەن ھېلىقى گەمىنى كۆرسەتتى. بۇيەر ھېلىقى كىشىنىڭ ھويلىسىدا بولۇپ قارىقاشنىڭ تەكلىماكان چۆلىگە تۇتىشىدىغان بىرجايىدا ئىدى. تەخمىنەن بىر كىلومېتىر ئەتراپىدا باشقا ئۆي يوقتى. ئۆيدىن 100 مېتىر ئۇ تەرەپتە تەكلىماكاننىڭ پايانسىز چۆلى باشلىناتتى. ئۆينىڭ ئارقىسىدا قوي ئېغىلى بولۇپ، گەمە بۇ ئېغىلنىڭ ئاستىدا ئىكەن. ئېغىلنىڭ يېنىدا چوڭ بىر كۆلچەك كولاپ داۋاملىق سو توشقۇزۇپ تۇرىدىكەن. ھاۋا ئىلىش ئۈچۈن گەمە ئىچىدىن ئۇزۇن بىر قومۇش نەيچىنى كۆلچەكنىڭ سۇ سەۋىيىسى بىلەن تەڭ يەردىن چىقىرىپ قويغان. ئېغىلدا داۋاملىق 5 ـ 4 قوي ئۆزۈلمەيدىكەن. مانا، ھېچكىمنىڭ ئەقلىگە كەلمەيدىغان بۇ جايدا دامۇللام 4 يىل ساقلانغان. باشلىقلىرىمىز ئاخشىمى مەجلىس ئېچىپ ئۇ كىشىنى چاقىرىپ بىزگە «دوكلاد» بەرگۈزدى. ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قارىغاندا؛ ئۇ ئابدۇلھەمىد دامۇللامنىڭ سادىق مۇرىدلىرىدىن بىرى بولغانلىقتىن دامۇللامنى ساقلاشنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ ناھايىتى مەخپىلىك بىلەن ھەتتا ئوغلى ۋە ئايالىغىمۇ تۇيغۇزماي يوقىرىقىدەك بىرگەمە ياساپ بىركېچىدە ئۆزى يالغۇز دامۇللامنى ئېلىپ كېلىپ بۇ گەمىدە

saklamıştı. Bu arada hükümet şüphelenmesin diye kendisi fakir çiftçi olduğu için "aktifler" arasına katılmış. "Ailen şüphelenmedi mi?" diye sorulduğunda hayır diye cevap verip, "hatta Damollam'a yemek taşıdığını farketmesinler diye herzaman kendi yemeğinden biraz arttırıp evdekiler uyuya kaldığında ot vermeye ağıla girermiş gibi yapıp ağıldaki sığınağın deliğinden Damollam'a yemek veriyordum" demişti. Damollam'ı teslim etme olayını anlatırken "2 yıl geçtikten sonra hükümet onun müritlerinin en fazla olduğu bu yerde saklandığı istihbaratını aldıktan sonra merkezden özel ekipler gelip Yava köyünde çalışmaya başladığında ben "Damollam ne yapacağız? Hükümet bir şeyler hissetmiş gibi duruyor, kendimiz teslim olursak kolaylık sağlayacaklarmış" dedim. O "hayır bu mümkün değil. Sen ihbar edip teslim etmedikten sonra beni hiçkimse bulamaz. Eğer sen beni teslim edersen ben şehit olurum ama sen Abdurrahman Paşa şiirlerindeki ipek elbiseye imanını satan İsmail'in hain diye lanetlendiği gibi halk dilinde ta kıyamete kadar lanetleneceksin" dedi. Vakit geçtikçe özel ekibin teşvik ve tehditleri arttı. Yava'nın her yerine "itiraf edenlere genişlik, inat edenlere katı muamele" denen ilanlar yapıştırıldı. Ben de gitgide korkmaya başladım ve başka biri farkedip ihbar etse benim başım da gidecek diye düşünmeye başladım. Bir gün toplantıda "Abdulhamit'i kimin sakladığını biliyoruz ama o kişinin kendisinin gelmesini bekliyoruz. Kendi gelirse büyük ödül kazanacak"

ساقلىغان. بۇئارىدا ھۆكۈمەت گۇمانلىنىپ قالمىسۇن دەپ ئۆزى كەمبەغىل دېھقان بولغانلىقتىن« ئاكتىپلار» قاتارىغا قوشۇلغان. « ئائىلىڭىز گۇمانلانمىدىمۇ ؟ » سورىغاندا ياق دەپ جاۋاپ بېرىپ «ھەتتا دامۇللامغا يېمەك تۇشۇغاننى سېزىپ قالمىسۇن دەپ ھەردائىم ئۆزەمنىڭ يېمىكىمدىن بىرئاز ئاشۇرۇپ قويۇپ، ئۆيدىكىلەر ئۇخلاپ قالغاندا قويغا ئوت بېرىشكە ئېغىلغا كىرگەندەك قىلىپ ئېغىلدىكى گەمىنىڭ تۇشۇكىدىن دامۇللامغا يېمەك سۇنۇپ بېرەتتىم» دېگەن. داموللامنى تۇتۇپ بېرىش جەريانىنى ئاڭلىتىپ كېلىپ: «2 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ھۆكۈمەت ئۇنىڭ مۇرىدلىرىنىڭ ئەڭ كۆپ بولغان بۇ يەردە يوشۇرنۇپ تۇرغان دېگەن ئاخباراتقا ئىگە بولغاندىن كېيىن، مەركەز دىن مەخسۇس خىزمەت گۇرۇپپىسى كېلىپ ياۋا گوڭشىدە ئىش باشلىغاندا مەن داموللامغا قانداق قىلىمىز ؟ ھۆكۈمەت بىرنەرسە سېزىپ قالغان ئوخشايدۇ ، ئۆزىمىز مەلۇم قىلساق ھۆكۈمەت كەڭچىلىك قىلىدىكەن دېسەم، ئۇ ياق بۇمۇمكىن ئەمەس. سەن مەلۇم قىلىپ مېنى تۇتۇپ بەرمىسەڭ مىنى ھېچكىم تاپالمايدۇ . ئەگەر سەن مىنى تۇتۇپ بەرسەڭ، مەنغۇ شېھىت بولىمەن ئەمما ، سىنى، تا قىيامەتگىچە خەلق خۇددى ئابدراھمان پاشا قوشاقلىرىدىكى «كىمخاپ تونغا ئىمانىنى ساتقان ئىسمائىل بەدرەك» دەپ لەنەتلىگىنىگە ئوخشاش قوشاقلىرىدا سېنى تا قىيامەتكىچە لەنەتلەيدۇ دېدى. زامان ئۆتكەنسىرى «خىزمەت گۇرۇپپا» تەشۋىقى ۋە قورقۇتۇشلىرى ئارتتى. ياۋانىڭ ھەر يېرىگە « ئىقرار قىلغانلارغا كەڭچىلىك ـ جاھىللىق قىلغانلارغا قەتئىلىك» دېگەن شۇئارلار چاپلىنىپ كەتتى. مەنمۇ بارغانسىرى قورقۇشقا باشلىدىم ۋە باشقا بىرسى سىزىپ قېلىپ دەپ قويسا مېنىڭ بېشىم كېتىدىكەن دېگەن تونۇشقا كەلدىم. بىركۈنى مەجلىستە«ئابدۇلھىمتنى كىمنىڭ ساقلىغانلىقىنى بىلىمىز ، ئەمما ئۇ كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ مەلۇم قىلىشىنى كۈتىمىز. مەلۇم قىلسا چوڭ مۇكاپاتقا ئىگە بولىدۇ»

dendikten sonra özel ekibe gidip ihbar ettim. Parti ve hükümet bana genişlik sağladı ve beni 70 yuan yüksek mükâfat ile ödüllendirdi.

Atçuy inkılabı en vahşi yöntemler kullanılarak bastırılıp, inkılapta aktif rol alanların hepsine ya ölüm cezası ya da ağır çalışma altında müebbet hapis cezası verildi. Harekete katılmasada haberi olanlar da 10 ila 20 yıl hapis yattı. Bunların çoluk çocukları "devrim karşıtı unsur ailesi" denen suçlama ile çöldeki Bozyer'lere sürgün edildiler. Bununla da yetinmeyip Hoten'deki önemli inşaat faaliyetleri durduruldu. Sonuçta Hoten'de 20 yıl hiçbir fabrika kurulmadı. Demiryolu ve petrol çıkarma işleri durduruldu. Hoten'den hiçkimse askere alınmadı ve üniversite epey uzun bir süre öğrenci kabul etmedi.

1957 yılının Ağustos ayında "devrim karşıtı ayaklanma" sergisi açılmıştı. İdareden bizi de sıraya dizip bunları göstermeye götürdüler. Sergi 1-2 metre uzaktan gezilecek şekilde dizayn edilmişti. Bunlar büyük ve elde çizilmiş resimlerden ibaret idi. Devrim karşıtlarının çaldığı silahlar diye birkaç askeri silah, 2-3 tane el bombası koyulmuştu. Ondan başka matbaada basılan bir sürü materyaller, el yazması mektup – yazışmaları uzağa dizmişlerdi. Önceki gün sergiyi gezenler ay yıldızlı bayrağın olduğunu anlatmışlardı. Fakat sergiyi görmeye gelenler bu bayrağın önünde uzun durakladıkları için ertesi günden itibaren

دېگەندىن كېيىن، مەن ئۆزەم تەشكىلگە بېرىپ مەلۇم قىلدىم. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ماڭا كەڭچىلىك قىلدى ۋە 70 كۈي ئالى مۇكاپات بىلەن مۇكاپاتلىدى.....

ئاتچۇى ئىنقىلابىنى ئەڭ دەھشەتلىك ئۇسۇل قوللىنىپ بېسقۇرۇپ، ئىنقىلابتا پائال رول ئالغانلارنىڭ ھەممىسگە ئۆلۈم جازاسى ۋەيا ئېغىر جىسمانىي ئەمگەك ئاستىدامۇددەتسىزقاماق جازاسى بېرىلدى. خەۋرى بولۇپ ھەرىكەتكە قاتناشمىغانلارمۇ 10 ـ 20 يىل تۈرمىدا ياتتى. بۇلارنىڭ بالاچاقىلىرى « ئىنقىلابقا قارشى ئۇنسۇر ئائىلىسى» دېگەن قالپاق ئاستىدا چۆلدىكى «بوز يەر» لەرگە سۈرگۈن قىلىندى. بۇنىڭ بىلەنلا قالماي خوتەننىڭ ئاساسىي قورۇلۇشنى توختاتتى. نەتىجىدە، 20 يىلغىچە خوتەندە ھېچبىر سانائەت زاۋۇتى( فابرىكسى) قورۇلمىدى، تۆمۈريول ۋە نىفت چىقىرىش قۇرۇلۇشلىرى توختۇلدى، خوتەنلىكتىن ئەسكەر ئېلىنمىدى، ۋە ئالى مەكتەبكە خېلى ئۇزۇن بىرمەزگىل خوتەندىن بالائېلىنمىدى.

1957 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ھۆكۈمەت خوتەندە «ئەكسىل ئىنقىلابى توپىلاڭ كۆرگەزمىسى» ئاچقاندى. ئىدارىدىن بىزلارنى قاتارقىلىپ تىزىپ بۇلارنى كۆرگىلى ئېلىپ كەلدى.كۆرگەزمە1 ـ 2 مېتر ئۇزاقتىن تۇرۇپ كۆرەلەيدىغان قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىكەن. بۇلار كۆپىنچە چوڭ قىلىپ قولدا سىزىلغان رەسىملاردىن ئىبارەت ئىدى. ئەكسىل ئىنقىلابچىلار بۇلغان قورالىلار دەپ بىرقانچە ئەسكىرى مىلتىق، 2 ـ3 دانە قول بومبىسىمۇ قويۇلغان ئىدى. ئۇندىن باشقا شىگرافتا بېسلغان نۇرغۇن ماتېرىياللەر، قول يازما خەت ـ چەكلەر نى يېراقتىراق تىزىپ قويغان ئىكەن. ئالدىنقى كۈنى كۆرگەزمىنى كۆرگەنلار ئاي يۇلدۇزلۇق بايراقنىڭ بارلىقىنى ئېتقاندى . ئەمما، كۆرگەزمىنى كۆرگىلى كەلگەنلار بۇ بايراق ئالدىغا ئۇزۇن تۇرۇۋالغانلىقتىن ئەرتىسىدىن باشلاپ

bayrağı kaldırmışlardı. Benim gözüme ilk ilişen sipigrafta büyükçe basılmış "Doğu Türkistan İslam Cumhuriyeti'nin 2. Anayasası" oldu. Onun yanındaki yazılarda "gençlere hitap", "gençlik yapılanmasının nizamnamesi" gibi materyalleri farkettim. Bazı kişiler bunlara dikkatle bakıp önünde biraz uzun kaldığında polisler "okumayın görmeniz yeterli" diye uzaklaştırıyordu. Ondan başka bu materyaller içinde "şura üyeleri" ve "Doğu Türkistan Cumhuriyeti Hükümet üyelerinin" listesinin de ele geçirildiği anlaşılıyordu.

Çin komunistleri bu tür terör ve korkutma yöntemleri ile halkımızın direnme gücünü yok edeceğini sandı. Ama Hoten'de ve Doğu Türkistan'ın diğer yerlerinde inkılaplar devam etti. Örneğin 1956 yılında Hoten Lop'ta Abdulkadir Damollam önderliğinde, Ocak 1957 de Hatice hanım önderliğinde Balamas'ta isyanlar çıktı. Bunlardan başka Hoten'de "Uçkunlar teşkilatı", Karakaşta "Doğu Türkistan Partizanları" gibi gizli teşkilatlar kurulup, faaliyet gösterirken açığa çıktılar ve hepimizin bildiği gibi halkımızın milli kurtuluş mücadelesi günümüzde de devam ediyor.

## Kültür Devrimi

Tam adı "proleteryanın büyük kültür devrimi" bunu insanlık tarihinin en büyük katliamlarından biri desek abartmış

بايراقنى ئېلىۋەتكەن ئىكەن. مىنىڭ بىرىنچى بولۇپ كۆزۈمگە چۈشكىنى شىپىگرافتا يوغان قىلىپ بېسىلغان: « شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ 2 ـ ئاساسى قانۇنى» بولدى. ئۇنىڭ يېنىدا يېزىلاردىكى « ياشلارغا قارىتا بايانات»، « ياشلار تەشكىلاتىنىڭ نىزامنامىسى» دېگەن ماتېرىيالنى پەرق ئەتتىم. بەزىلەر بۇلارغا دىققەت قىلىپ قاراپ ئالدىدا ئۇزاقراق تۇرۇپ قالسا ساقچىلار، « ئوقوماڭلار! كۆرسەڭلارلا بولىدۇ» دەپ ھەيدەپ تۇراتتى. ئۇندىن باشقا بۇ ماتېرىياللار ئىچىدە «شۇرا ئەزالىرى » ۋە «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمەت ئەزالىرى» نىڭ تىزىملىكىمۇ قولغا چۈشكەنلىكى مەلۇم.

ختاي كوممۇنىستلىرى بۇخىل تېرور ۋە قورقۇتۇش بىلەن خەلقىمىزنى قارشى تۇرۇش كۈچىنى يوقىتىمىز دەپ ئويلىدى. ئەمما، خوتەندە ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ باشقا جايلىرىدا ئىنقىلابلار داۋام قىلدى. مەسلەن خوتەندە: 56 ـ يىلى لۇپتا ئابدۇقادىر داموللام باشچىلىغىدا، تەۋەككۇلدا شۇ يىلى باقى داموللام باشچىلىغىدا، 57 ـ 1 ـ ئايدا خەدىچە خان باشچىلىقىدا بالاماستا ئىسيانلار مەيدانغا كەلدى. بۇلاردىن باشقاخوتەندە «ئۇچقۇنلار تەشكىلاتى»، « قارىقاشتا « شەرقىي تۈركىستان پارتىزانلىرى» گە ئوخشاش بىرقانچە مەخپىي تەشكىلاتلىرى قورۇلۇپ يەرئاستى پائالىيەتلەرئېلىپ بېرىش جەريانىدا پاش بولۇپ قالدى. ۋە ھەممىزگە مەلۇم بولغىنىدەك خەلقىمىزنىڭ مىللىي ئازاتلىق كۆرەشلىرى بۇگۈنمۇ داۋام قىلماقتا .....

## مەدەنىيەت ئىنقىلابى

تولۇق ئاتىلىشى « پۇرۇلىتارىئات مەدەنىيەت زۇر ئىنقىلابى». بۇنى ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ قەتلىئاملىرىدىن بىرى دېسەك، مۇبالىغە

olmayız. Çin komunistlerinin resmi açıklamalarında bu felakette ölenlerin (öldürülen) sayısı yarım milyon ancak, bağımsız kaynaklar gerçek sayının 3 milyon civarında olduğunu söylüyor. 1960 sonbaharında beni Sağlık bakanlığında Uygur geleneksel tıbbı hakkındaki eski eserleri tercüme etme işi için Urumçi'ye göndermişlerdi. 6 ay geçtikten sonra "sosyalist terbiye hareketi" başlayıp idaremden harekete Hoten'de katılacak diye beni geri çağırdılar ve Karakaş'ın Yava denen yerindeki hizmet ekibine dâhil ettiler. Bu yerde bir taraftan merkezi tedavi ekibinde doktorluk yapıyordum diğer taraftan harekete katılıp, fakir çiftçi ve alt orta sınıf çiftçilerden öğrenip, yani tarlada çalışıp, "sosyalist terbiye" alıyordum.

Bir ay geçmeden bir gün etraftaki duvarlara asılan Çin komunist partisinin Mao dışındaki liderlerinin resimleri indirildi. Bu kültür devriminin benim olduğum yere gelen ilk rüzgârı idi. Ertesi gün "sosyalist terbiye hizmet grubunun" lağvedildiği ve Hoten'e dönmemiz gerektiği doğrultusunda talimat geldi ve Hoten'e döndük. Hoten'e gelip şehrin dazıbavlar (duvar gazetesi) ile kaplandığını gördüm.

Her yere "Kahrolsun Liy, Ding, Tav" (Mao'nun yardımcısı ve Çinin başbakanı Liy Şav Çi, parti genel sekreteri Ding Şo Ping, ve askeri komutan Tav Cu'nun isimlerinin kısaltılmış halleri) yazan afişler yapıştırılmıştı. Birkaç gün sonra bölgesel parti başkanı ve Hoten il

بولماس. چۈنكى، خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ رەسمىي باياناتلىرىدا بۇ پالاكەتتە ئۆلگەن ( ئۆلتۈرۈلگەن) لارنىڭ سانى بىر يېرىم مىليۇن. ئەمما، بىتەرەپ كىشىلەر ھەقىقىي سان 3 مىليۇن ئەتراپىدا دەپ قارايدىكەن.

1960 ـ يىلى ئەتىيازدا، مېنى سەھىيە نازارىتىگە مىللىي تىبابەت ھەققىدىكى قەدىمكى ئەسەرلارنى تەرجىمە قىلىش ئۈچۈن ئورۇمچىگە يۆتكىگەنىدى. 6 ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، «سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى» باشلىنىپ، ئىدارەمدىن ھەرىكەتكە خوتەندە قاتنىشىدۇ دەپ قايتۇرۇپ كەلدى ۋە قارىقاشنىڭ ياۋا دېگەن جايىدىكى خىزمەت گۇرۇپپىسىغا تەيىن قىلىندىم. بۇ يەردە بىرنەرەپتىن «مەركىزى داۋالاش ئەترىتى» دوختۇرلۇق قىلىمەن ۋە بىر تەرەپتىن ھەرىكەتكە قاتنىشىپ كەمبەغەل دېھقان ۋە تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلاردىن ئۆگىنىپ يەنى، جىسمانىي ئەمگەك قىلىپ، «سوتسىيالىستىك تەربىيە» ئالىمەن.

بىر ئاي ئۆتمەستىن بىركۈنى ھەرقايسى جايلارغا ئېسىلغان خىتاي كوممۇنىست پارتىيىسىنىڭ ماۋزېدۇڭدىن باشقا مەشھۇر رەھبەرلىرىنىڭ رەسىملىرى ئېلىۋېتىلدى. بۇ مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ مەن بار يەرگە كەلگەن بىرىنچى شامىلى ئىدى. ئەرتىسى «سوتسىيالىستىك تەربىيە خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ» ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقى ۋە خوتەنگە قايتىش توغراسىدا ئوختۇرۇش كېلىپ خوتەنگە قايتتۇق. خوتەنگە كېلىپ، شەھەرنى دازىباۋ قاپلاپ كەتكەنلىكنى كۆردۈم

ھەر يەردە « يورقالسۇن لىيۇ، دىڭ، تاۋ » (بۇ، لىيۇ شاۋچى ـ ماۋ نىڭ مۇئاۋىنى ۋە خىتاينىڭ رەئىس جۇمھۇرى، پارتىيە سېكرېتارى دىڭ شاۋپىڭ ۋە ئەسكىرىي قوماندان تاۋجۇ دېگەنلەرنىڭ قىسقارتىلغان ئىسىملىرى) دېگەن شۇئار لارچاپلانغان. بىرقانچە كۈندىن كېيىن، ئۆلكىنىڭ پارتىيە باشلىقى ۋاڭئىنماۋ ۋە خوتەن ۋىلايىتىنىڭ

Böylece bütün Çin'den bir milyon Hong Vi Bing yani kızıl muhafızlar Pekin'e gelip Tienenman meydanında Mao'nun önünde resmigeçit yaptılar. Böylece halkımızın dediği gibi delilerin harekete geçişi başladı.

Hoten'de de merkezden ve Urumçi'den gelen "irtibat" kısımlarının gelişi ile kızıl muhafızlar örgütlenmeye başladılar. Bunlar da bulundukları yerlerde ikiye bölünüp birbirleri ile çatışmaya başladılar. Aşağıda kızıl muhafızların Hoten'deki terör faaliyetlerinin bir kısmını anlatacağım.

## "Kapitalizm Yolunda Giden Yöneticilerin" Yok Edilmesi

Bundan bir süre önce bütün ülke çapında parti ve hükümet organlarına "askeri vekil" gönderilip ülke çapında askeri yönetim başlamıştı. Hükümet organlarındaki bütün yöneticileri "ortaya çıkarıp" pipen yapmaya (eleştirme, mücadele etme) başladılar. Bunların ne demek olduğunu daha önce ki "ortaya çıkarma" "mücadele etme" ve benzeri başlıklarda anlatmıştım. Ama kültür devriminin bu safhasında mücadeleye tabi tutulanlar parti ve hükümetin üst düzey yöneticileriydi. Hatta Hoten parti merkez komitesinin başkanı Ho Vang Çıng (önceki bölümlerde tezek toplamaya çıkan komiser isimli başlıkta anlatılan komiser)'ı yüzüne kara sıvayıp başına külah giydirip yürümeyecek hale getirip el arabasına koyup teşhir ettiler. Merkezde bazı üst düzey yöneticilerin de "parti içinde kapitalizm yolunda giden yönetici" diye teşhir edildikleri

شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن خىتاي ئىچىدىن بىرمىليۇندىن كۆپرەك خۇكۇبىنىڭ يەنى قىزىل مۇھاپىزەتچىلار بېجىڭغا كېلىپ تيەنمىن مەيدانىدا ماۋنىڭ ئالدا پاراتتىن ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەن خەلقىمىزنىڭ ئېتقىنىدەك « تەلۋىلار نىڭ قۇتراپ كېتىش» ھەرىكتى باشلاندى.

خوتەندىمۇ مەركەزدىن ۋە ئۈرۈمچىدىن كەلگەن قىزىل مۇھاپىزەتچىلارنىڭ «ئالاقە باغلاش» قىسىملىرىنىڭ كېلىشى بىلەن قىزىل مۇھاپىزەتچىلار تەشكىللەندى. بۇلار مۇ ئۆز جايلىرىدا 2 گە بۆلۈنۈپ، بىر - بىرى بىلەن ئېلىشىپ كەتتى. تۆۋەندە قىزىل مۇھاپىزەتچىلار نىڭ خوتەندىكى تېرورلۇق قىلمىشلىرىدىن بىرقىسمىنى ئاڭلىتىپ ئۆتىمەن.

**«كاپىتالىزىم يولىغا ماڭغان هۆقۇقدارلارنى» يوقۇتۇش:**

بۇنىڭدىن بىر مەزگىل بۇرۇن پۈتۈن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا « ھەربىي ۋەكىل» ئەۋەتىلىپ، مەملىكەت بويىچە ھەربىي ئىدارە قىلىش باشلانغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدىكى پۈتۈن باشلىقلارنى «تارتىپ چىقىرىپ» پىپەن قىلىش (تەنقىت قىلىش - كۆرەش قىلىش) باشلاندى. بۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى يوقىرىدا تارتىپ چىقىرىش، كۆرەش قىلىش ۋە ھاكازا دېگەن مەۋزۇ لاردا سۆزلەپ ئۆتتۈم. ئەمما، مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ بۇ باسقۇچىدا كۆرەش قىلىنغانلار پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ بىرىنچى باشلىقلىرى ئىدى. ھەتتا، خوتەننىڭ پارتىيە كومىتېت باشلىقى خۋاڭ چىڭ (يۇقىرىدا تېزەك تەرگىلى چىققان كومىسسار دېگەن مەۋزۇ دا سۆزلەپ ئۆتكەن كومىسسار خواڭ) نىڭ يۈزىگە قارا سۇۋاپ، بېشىغا كولاكىيدۇرۇپ، ماشىنىمۇ قول هارۋىسىغا سېلىپ سازاي قىلدى. مەركەزدە بىرقىسىم رەھبەرلەرنىمۇ «پارتىيە ئىچىدە كاپىتالىزىم يولىغا ماڭغان هۆقۇقدار» دەپ تارتىپ چىقىرىلغانلىقى مەلۇم.

anlaşıldı. İş kontrolden çıkıp her yerde anarşi hüküm sürmeye başladı. Askeri vekiller "kendi görüşlerindekileri" kollayıp karşı görüştekilere karşı silah kullanmaya başladılar. Bunların her ikisi de Mao'nun dışındaki liderler konusunda birbirlerine düştüler. Hoten'deki 2 taraf Hon Er Si yani 2. Kızıl kumandanlık ve Len Zung yani birleşmiş memurlar teşkilatı olup, yukarıda anlattığım gibi kendilerini kollayan askeri kısmın cephaneliğini "çalıp" silahlanarak resmen savaşmaya başladılar. Şehri ikiye bölüp paylaştılar. Bizim eski şehirdeki evimiz ikisinin tam ortasında kaldı. Biz bir akşam canımızı zor kurtarıp, evi ve içindeki eşyaları öylece bırakıp köye kaçtık. 2-3 ay sonra ortalık sakinleşti ve biz de şehre geri geldik. Evimiz tamamen harap bir haldeydi. Bir kısmı yıkılmış ve yakılmıştı. Sanki savaştan çıkmış gibiydi. Etrafındaki çamur koruma duvarları yıkılmıştı. Evin içindeki eşyalar hatta sakladığımız kışlık sebze ve kömürler bile çalınmıştı. Evin altını siper yapmak için köstebek gibi kazıp tamamen oturulamaz hale getirmişlerdi. Bunları kim veya hangi taraf yaptı suçu hiçkimse üstlenmedi. Çaresizlik içinde, patlama sonucu etrafa saçılmış olan kapı ve pencereleri, yıkılan duvarları toparlayıp, etrafını kapatıp bir süre bu harabede yaşadık. Köydeki akrabalar gelip evin etrafına çamurdan duvar ördüler. İklimnisa Hanım ile ikimiz gölden çuvallarla toprak taşıyıp çukurları doldurduk. Gölden çamur çıkarıp 8 bin

بولدى. ئىش كونترولدىن چىقىپ كېتىپ، ھەريەردە ئانارشى مەيدانغا چىقتى. ھەربىي ۋەكىللەر «ئۆز كۆز قاراشىدىكى» لارنى قوللاپ، قارشى كۆز قاراشىدىكىلارغا قارشى قورال ئىشلىتىشكە باشلىدى. بۇلار ھەرئىككىسى «ماۋجۇشىنى جان تىكىپ قوغدايمىز» دەپ مەيدانغا چىققان بولسىمۇ ماۋدىن باشقا رەھبەرلەرنى يوقۇتۇش ۋە يا قوغداشتا بىر- بىرىنى دۈشمەن دەپ ئېلان قىلاتتى. خوتەندىكى 2 تەرەپ (خوگېئەرسى، يەنى، 2 - قىزىل قوماندانلىق ۋە لەنزۇڭ يەنى، بىرلەشكەن كادىرلەر تەشكىلاتى) بولۇپ، يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمدە ئۆزلىرىنى قوللايدىغان ھەربىي قىسىمنىڭ ياراقلىرىنى «بۇلاپ» قوراللىنىپ، رەسمىي ئۇرۇش باشلىدى. شەھەرنى ئىككىگە بۆلىشىۋالدى. بىزنىڭ كونا شەھەردىكى ئۆيىمىز ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قالدى. بىز بىرئاخشىمى جېنىمىزنى ئاران ئېلىپ، ئۆي ۋاقىمىزنى شۇنداقلا تاشلاپ، يېزىغا قېچىپ چىقتۇق. 2 -3 ئايدىن كېيىن، ئالەم تىنجىدى. ۋە بىزمۇ شەھەرگە قايتىپ كىردۇق. ئۆيىمىز تامامەن ۋېران بىرھالەتتە بىرقىسمى يېقىلغان ۋە ئوت قويۇلغان، خوددى ئۇرۇشتىن چىققاندەك بىر كۆرۈنۈشتە ئىدى. ئەتراپىدىكى ئەھاتە تاملىرى يېقىلغان. ئۆي ئىچىدىكى نەرسە كېرەكلەر ھەتتا، ئورنىغا كۆمگەن قىشلىق كۆكتات ۋە كۆمۈر لىرىمىزنىمۇ بولاپ كەتكەن. ئۆينىڭ تىگىنىنى ئىستىھكام ئۈچۈن، ساچقاندەك كولاپ، تامامەن ئولتۇرغۇسىز ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغان. بۇلارنى كىم ۋەيا قايسى تەرەپ قىلدى؟ ھېچكىم ئىگە بولمىدى. چارەسىزلىك ئىچىدە پارتلاش نەتىجىسىدە ئەتراپقا چېچىلىپ كەتكەن ئىشىك دەرىزە لىرىمىزنى يىغىپ، يېقىلغان تامغا يۆلەپ، ئەتراپنى توسۇپ بىرمەزگىل بۇ خارابە ئىچىدە ياشىدۇق. يېزىدىكى تۇغقانلار كىرىپ، ئەتراپقا لاي تام سېلىپ بەردى. ئىقلىمنىساخان بىلەن ئىككىمىز كۆلدىن تاغاردا يۆدۈپ توپا تۇشۇپ، كاتەكلەرنى تىندۇردۇق. كۆلدىن سېغىز چىقىرىپ، 8 مىڭ

tane ham kiremit yaptık ve köyden gelen akrabalarla 2 ay içinde evi baştan inşa edip, çatısını kapattık. O günler hayatımın en zor günlerindendi. Beni bu halde gören arkadaşlarımdan biri daha sonra bunları hatırlatıp bana şöyle demişti. O gün sizi ziyarete gelmiştim. Ortalık o kadar harap haldeydi ki hiç tanıyamadım. Önümdeki manzara sanki 2. Dünya savaşında harabeye dönmüş evlerin görüntüsü gibiydi. Yıkılmış damın içinde bir tahta üstünde başı ellerinin arasında endişeli bir halde oturan bir kişiyi görüp yanına geldim, bu kişi sizdiniz.

İdaremden hasarı inceleyip, yardım edeceğiz diye bir miktar para yardımı hesap edip yukarıya göndermiş olsalar da "tarihinde sorun olan düşyang (hedef)" imiş diye bu yardım onaylanmamış.

## Dört Eskiyi Yok Etme

Bu harekette kızıl muhafızların sloganı "dört eskiyi yok etme" olsa da bu tamamen bir terör hareketine dönüştü. Herşeyden önce dinimiz ve milli varlığımıza hücum başladı. Önlerine çıkan mescid, medrese, han, hamam ve tarihi eserleri yıktılar. Büyük şehirlerde bunlardan sağ kurtulan birkaç tane olsa da köylerde hiç kalmadı. Onun arkasından Kuran ve başka bütün dini kitapları toplayıp hepsini yaktılar. Kızıl muhafızlar ev ev baskın yapıp aramada ele geçirdikleri her türlü eski kitaba zorla el koyup yaktılar. Evde Kuran saklayanlara çok ağır ceza vereceğiz diye dehşet saldılar. Aramada evinde Kuran bulunan

دائە قىش قۇيدۇق ۋە يېزىدىكى تونۇغقانلار ياردەملىشىپ 2 ئاي ئىچىدە ئۆينى باشقىدىن سېلىپ، تۆپىسىنى يېپىۋالدۇق. بۇ بىر مەزگىل ھاياتىمنىڭ ئەڭ مۇشكىل كۈنلىرىدىن ئىدى. مېنى بۇ ھالەتتە كۆرگەن ئاغىنىلىرىمدىن بىرسى، كېيىنچە، بۇلارنى تەسۋىرلەپ ماڭا مۇنداق دەپ بەرگەنىدى: «ئۇ كۈنى سىلنى يوقلاپ كەلدىم. ئەتراپ شۇ قەدەر ۋەيران بولۇپ كەتكەنكى، ھېچ تونۇيالمىدىم. ئالدىمدىكى مەنزىرە، خۇددى كىنولار دىكى 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدا ۋەيران بولغان ئۆيلەرنىڭ كۆرۈنىشى ئىدى. يېقىلۇق تام نىڭ ئىچىدە بىر ياغاچ ئۈستىدە پېشانىسىنى تۇتۇپ، غەمگىن ئولتۇرغان بىر كىشىنى كۆرۈپ يېنىغا كەلسەم، بۇ سىلە ئىكەنلە».

ئىدارە دىن زىياننى تەكشۈرۈپ، ياردەم قىلىمىز دەپ، بىرمىقتار ياردەم پولى ھېساپلاپ يۇقىرىغا يوللىغان بولسىمۇ مىنى «تارىخىدا مەسىلەبار دويشاڭ» ئىكەن بۇ ياردەم پولىنى تەستىقلىمىدى.

**«تۆت كونا» نى يوقىتىش:**

بۇ ھەرىكەتتە قىزىل مۇھاپىزەتچىلار نىڭ شۇئارى 4 كونىنى يوقىتىش بولسىمۇ ئەمەلىيەتتە بۇ تامامەن بىر تېرور ھەرىكىتى بولۇپ چىقتى. ھەممىدىن بۇرۇن دىنىمىز ۋە مىللىي بارلىقىمىزغا ھۇجۇم باشلىدى. ئالدىغا ئۇچرىغان مەسجىد، مەدرىسە، خانقا ۋە تارىخى يادىگارلىقلارنى چىقىپ تاشلىدى. چوڭ شەھەرلەردە بۇلاردىن بىرەر دانىدىن ساق قالغىلىرى بولسىمۇ يېزىلاردا ھېچ قالمىدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قۇرئان ۋە باشقا ھەر قانداق دىنى كىتاپلارنى يىغىۋېلىپ، ھەممىسىنى كۆيدۈرۈۋەتتى. قىزىل مۇھاپىزەتچىلار ئۆيىمۇ ئۆي بېسىپ كىرىپ، ئاختۇرۇپ قولىغا ئۇچرىغان ھەرقانداق كونا كىتاپ بولسىمۇ زورلىق بىلەن ئېلىپ چىقىپ، كۆيدۈرۈۋەتتى. ئۆيىدە قۇرئان يوشۇرغانلارنى قاتتىق جازالايمىزدەپ دەھشەت تارقاتتى. ئاختۇرۇشتا ئۆيىدىن قۇرئان چىقىپ قالغان

ve teslim etmeyi rededenleri feci şekilde döverek, bazılarının boynuna Kuran'ı asıp teşhir ettiler. Bizim eve benim olmadığım bir vakitte Kuran aramak için gelenlere evdekiler eski tıp kitaplarından birkaç tanesini vermişler. Ben sonra bunları dini kitap değil diye geri aldım.

Cenaze namazı kılmayı yasakladılar. Hatta bir süre bütün dini merasimleri yasakladılar. Dini bayram düğün, nikâh, isim koyma ve sünnet gibi dini ve milli adetlerimize "gericilik" diye zorla engel oldular. Hatta Pazar günleri yolları kesip, sakal bırakan erkeklerin sakallarını kestiler. Sarık veya doppa takan varsa başından çıkarıp şapka giymeye zorladılar. Milli şifahanedeki tabip hocaların takke ve doppalarını bırakıp Mao'nunkine benzer şapka giydiklerini görüp gülmemek için kendimi zor tuttuğumu hatırlıyorum. Çinli kızıl muhafızlardan birisi bir çiftçinin ayağındaki çarığı görüp hayran kalıp yanındakine "bu ne?" diye sormuş. O da "eski Uygurların giydiği ayakkabı" diye cevap vermiş. Ondan sonra çarık giymek "gericilik" diye yolda çarık giyenleri durdurup ayağından çıkarıp parçalayıp attıkları olaylar yaşanmıştı.

Dini ve milli örf âdetlerimizdeki törenler yasaklandıİnsanlar dini nikâhları gizli kıyarken bayram namazlarını da gizlice kıldılar. Bunlar farkedildiğinde ise cezalandırıldılar. Hatta insanların karşılaştıklarında söyledikleri selamun aleyküm bile yasaklandı. Onun yerine çince yaşasın başkan Mao manasına gelen "Mav Cu Şi veysu" sözleri söyletilmeye zorlandı, vb...

ۋە تاپشۇرۇشنى رەد قىلغانلارنى قاتتىق ئۇرۇپ، بەزىلىرىنىڭ بويۇنىغا قۇرئاننى ئېسىپ سازايى قىلدى. بىزنىڭ ئۆيگىمۇ مەن يوق، قۇرئان ئىزدەپ كەلگەنلەرگە ئۆيدىكىلەر كونا تىبابەت كىتاپلىرىدىن بىرقانچىسىنى بېرىپتۇ. مەن كېيىن چىقىپ، بۇلار دىنى كىتاپ ئەمەس دەپ قايتۇرۇۋالدىم.

جىنازا نامىزى ئوقۇشنى مەنئى قىلدى. ھەتتا بىرمەزگىل دەپنى مۇراسىملارنىمۇ چەكلەپ قويدى. دىنى بايرام، تۆي - تۆركۈن، نىكاھ مۇراسىمى، ئات قويۇش ۋە خەتنە تۆيى قاتارلىق دىنى ۋە مىللىي ئادەتلىرىمىزنى «كونىلىق» دەپ زورلۇق بىلەن توستى. ھەتتا، بازار كۈنلىرى يول توساپ، ساقال قويغان ئەرلەرنىڭ ساقىلىنى كەستى، سەللە ۋەيا دوپپا كىيگەن بولسا ئېلىپ تاشلىۋېتىپ شەپكە كىيگىلى سالدى. مىللىي شىپا خانىدىكى تېۋىپ ئاخۇنۇملىرىنىڭ توماق ۋە دوپپالىرىنى تاشلاپ، ماۋنىڭ شەپكىسىگە ئوخشاش شەپكە كىيۋالغانلىرىنى كۆرۈپ، كۆلكۈمنى يوشۇرالمىغانلىقىم ئېسىمدە. خىتاي قىزىل مۇھاپىزەتچىلاردىن بىرسى بىردېھقاننىڭ پۇتىدىكى كالاچنى كۆرۈپ ھەيران قېلىپ يېنىدىكىدىن بۇنېمە دەپ؟ سوراپتۇ. ئۇ «كونا ئۇيغۇرلارنىڭ كىيدىغان ئايىغى» دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ كالاچنى «كونىلىق» دەپ، يولداكالاچ كىيگەن كىشىنى توختىتىپ ئايىغىدىن سالدۇرۇۋېلىپ، ئۇنى چاناپ تاشلىۋەتكەن ۋەقەلەر بولغان.

دىنى ۋە مىللىي ئورپەئادەتتىكى مۇراسىملار مەنئى قىلىندى. خەلقلەر دىنى نىكاھلىرىنى ناھايىتى مەخپى ھالدا ئېلىپ باردى، بايرام نامازلىرىنى ئۆيلىرىدە مەخپى قىلىشتى. بۇلار سىزىلىپ قالسا ھەرخىل جازالارغا ئۇچرىدى. ھەتتا كىشىلەر بىر- بىرلىرى بىلەن ئۇچراشقاندا « ئەسسلام ئەلەيكۇم» دېيىشنى چەكلەپ بۇنىڭ ئورنىغا « ماۋجۇشى ۋەنسۇي» يەنى، خىتايچە ياشسۇن رەئىس ماۋ دېيىشنى ئۇختۇردى ۋە باشقىلار....

Bir yıl geçmeden merkezi hükümet "kızıl muhafızlar" hareketini sonlandırdı. Böylece halkımız bu beladan kurtuldu.

Bu başıbozukluk, kara kuvvetleri (eskileri koruma taraftarları) ile hava kuvvetlerini (devrimcileri koruma taraftarları) savaşın sınırına getirdi. O zaman Mao durumun vehametinin farkına vardı ve Cu In ley'i sahneye çıkardı. O "elem mücadelesi değil kalem mücadelesi yapalım" diye ortaya çıkıp kontrolu ele aldı. Sonuçta "taraflar"ın başıbozukluğunu biraz dizginlenip partiyi düzene sokma hareketi başladı. Böylece bazı yerlerdeki parti yöneticileri eski görevlerine iade edilmiş olsa da Hoten il ve bölge parti başkanları değişti. O günlerde Pekin belediye başkanı tutuklandı. Mao'nun birinci yardımcısı ve askeri komitenin başkanı olan Lin Bi Yav hain ilan edildi ve kaçarken uçağının düşmesi sonucu öldüğü haberi yayıldı. Parti merkez komitesinde başlanan büyük temizlik ile, güç tekrar eski komunistlerin eline geçti. Böylece komunistler "safı temizleme" adı altında çuvaldızı parti ve hükümetteki milli liderlere batırıp onların elinden yetkiyi aldı. Bu arada eski "düşyang"lar ile hesabı gördüler. Bu harekette başıma gelenleri önceki bölümlerde anlatmıştım.

1985 yılında Amerika'ya kaçıp gitmiş olan bir Çinli kadın yazarın (kültür devrimi sırasında ailesinin ve kendisinin başından geçen olayları yazdığı) "Yabani kazlar" isimli kıtabın neşredildiğini ve

بىرىلغا قالماي مەركەزقىزىل مۇھاپىزەتچىلار ھەرىكتىنى ئاياغلاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن خەلقىمىز بۇ تەلۋىلەردىن قۇتۇلدى.
بۇ باش باشتاقلىق قۇرۇقلۇق ئەرمىيەسى(كونىلارنى قوغداش تەرەپتارى) ھاۋا ئەرمىيەسىنى(ئىنقىلاپچىلارنى قوغداش تەرەپتارى) نى تۇقۇنۇشۇش دەرىجىسگە ئىلىپ كەلدى. بۇچاغدا ماۋ ۋەزىيەتنىڭ ياماللىقىنى ھىس قىلىپ، جوئىنلەينى سەھنىگە چىقاردى. ئۇ «ئەلەم كۆرىشى قىلماي قەلەم كۆرىشى قىلايلى» دەپ ئۇنتىتۇرىغا چىقىپ، كونتروللىنى قولغا ئالدى. نەتىجىدە « تەرەپلەر» نىڭ باش - باشتاقلىق بىرقەدەر تىزگىنلىنىپ، پارتىيەنى تەرتىپكە سېلىش ھەرىكىتى باشلاندى. بۇنىڭ بىلەن بەزى جايلارنىڭ پارتىيە باشلىقلىرى ئەكسگە كەلگەن بولسىمۇ خوتەن ۋىلايىتى ۋە ئۆلكىنىڭ پارتىيە باشلىقلىرى يۆتكەلدى. شۇ كۈنلەر دە بېجىڭ شەھەر باشلىقىنى قولغا ئالدى. ماۋ نىڭ بىرىنچى ياردەمچىسى ۋە ھەربىي كومىتېت رەئىسى لىنبياۋ نى «خائىن» دەپ ئېلان قىلىندى ۋە ئۇنىڭ قېچىپ كېتىش ئەسناسىدا ئايروپىلان چۈشۈپ كېتىپ ئۆلدى دېگەن خەۋەر تارقىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن مەركىزى پارتىيە كومىتېتىدا چوڭ بىر تازىلاش باشلىنىپ، ھوقۇق تەكرار كونا كوممۇنىستلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەن كوممۇنىستلار «قوشۇننى تازىلاش» ھەرىكىتى نامى بىلەن تىنغ ئۈچچىنى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت رەھبەرلىك ئورنىدىكى مىللىي رەھبىرى كادىرلارغا قارىتىپ، ئۇلار نىڭ ئەدىبىنى بەردى. بۇئارادا كونا دۈيشاڭلار بىلەنمۇ ھېساپلاشتى. بۇ ھەرىكەتتە ئۆزەمنىڭ بېشىغا كەلگەنلەرنى يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتتۇم.
1985 - يىللىرى ئامېرىكا غا قېچىپ بېرىۋالغان بىرخىتاي ئايال يازغۇچىنىڭ (مەدەنىيەت ئىنقىلابى جەريانىدا ئائىلىسى ۋە ئۆزىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن كۆچۈرمىشلىرىنى يازغان) « ياۋا غاز لار» دېگەن كىتابىنىڭ نەشرىدىن چىقىپ

batılıların bundan çok etkilendiği yönündeki haberleri okudum. Bu Batılıların kültür devrimi hakkında gördüğü birinci elden çıkma ilk eser olup, daha sonra bunun filmi de çekildi. Kıtabın kendisini okumadım ama okuyanlardan duyduklarıma göre komunizm Çin hâkimiyeti altında ezilmekte olan vatanımızda ailemin başından geçenler "Yabani kazlar"ınkinden daha az değil diye düşündüm. Böylece kültür devrimi denen bu kara boran 7-8 yıl içinde bütün yurdu dehşet ve felaket içinde bıraktı. 10 yıl geçtikten sonra kıyısından köşesinden "az bir kısmının hata olduğunu" kabul ettiler ve git gide kirli çamaşırlar ortaya çıkmaya başladı ve sonunda (Mao'nun ölümünden sonra ) resmi ağızdan "kötü olduğu" ortaya kondu. Ama Çinli komunistler yapacağını yapmıştı. Dökülen gözyaşları ve akan kanlar daha birçok şey hiçbir zaman onarılamayacak ve her zaman hatırlanacaktı.

70'li yıllara gelindiğinde hava biraz yumuşamaya başladı. Çin içinden Hong Kong'a gidip gelmelerin başladığını duyduk. Arabistan'da akrabası olanlara mektup ve paket geldiğini öğrendik. Bir gün (1972 yılı olsa gerek) Hoten postanesinin önünde oturup insanlara mektup yazıp veren arzuhalci Pizi Niyaz Ahun idareme gelip çalıştığı yerden (idaremin haftada bir iki gün çalışanların ailelerini idarenin bostan ve tarlasında çalıştırma kuralı vardı) İklimnisa Hanımı çağırıp "size Yunus Hacım'dan mektup geldi" dedi. İklimnisa hanım korkup, "sakın mektubu burada çıkarma" diyerek onu eve

غەربتە كۆپ نەسر پەيدا قىلغانلىقىنى ھەققىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىدىم(بۇ غەربتىكىلەرنىڭ مەدەنىيەت ئىنقىلابى توغرىسىدا تۇنجى قېتىم كۆرگەن بىرىنچىدىن قولدىن ماتېرىيال بولۇپ كېيىنچە بۇ بىرفىلىم بولۇپمۇ ئىشلىنىپتۇ) . كىتابنىڭ ئۆزىنى كۆرمىدىم ئەمما، ئوقۇغانلاردىن ئاڭلىغانلىرىمغا قاراپ كوممۇنىست ختاي ھاكىمىيتى ئاستىدا ئېزىلىۋاتقان ۋەتىنىمدە ئائىلەمنىڭ بېشىدىن ئۆتكەنلىرى « ياۋاغازلار » نىڭكىدىن كەم ئەمەسكەن دەپ قالدىم .

شۇنداق قىلىپ، مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن ئىبارەت بۇ قارا بوران 7 ـ 8 يىل ئىچىدە پۈتۈن يۇرتىمىز دەھشەت ۋە پالاكەت ئىچىدە قالدۇردى. 10 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئاندىن بىر بۇجىكىدىن بۇنىڭدا «ئاز بىرقىسمى خاتا بولغانلىقى» نى قوبۇل قىلىشتى. ۋە بارغانسېرى مېزى چۆۋۈلۈپ چىقتى ۋە ئاخىردا( ماۋنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن) رەسمىي ئېغىزدىن «يامان بولغانلىقى» ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئەمما، ختاي كوممۇنىستلىرى قىلىدىغىنى قىلىپ بولغانىدى. تۆكۈلگەن كۆز ياشلار ۋە ئاققان قانلار.... بۇلارھېچبىر زامان ئۇنۇتۇلمايدۇ ۋە ھەر زامان خاتىرلىنىدۇ.

70 ـ يىللىرىغا كەلگەندە ۋەزىيەت بىرئاز يۇمشىغىلى باشلىدى. ختاي ئىچىدىن شاڭگاڭغا بېرىش ـ كېلىش يولغا قويۇلغانلىقىنىمۇ ئاڭلىدۇق. ھەرەمدە تۇققىنى بار كىشلەرگە خەت خالتا كەلگەنلىكىنى ئاڭلىدۇق. (72 ـ يىلى بولۇشى كېرەك) بىر كۈنى خوتەن پوشتاخانە ئالدىدا ئولتۇرۇپ كىشلەرگە خەت يېزىپ بېرىدىغان خەتچى پېزى نىياز ئاخۇن ئىدارىگە كېلىپ، ئەمگەك قىلىۋاتقان يېرىدىن(تەشكىلىنىڭ ھەپتىدە بىرئىككى قېتىم ئائىلە تەۋەلىكلىلەرنى ئىدارىنىڭ كۆكتات ئېتىزىدا ئىشقا سېلىش تۈزۈمى بارئىدى) ئىقلىم نىساخاننى چاقىرىپ : «سىلەگە يۇنۇس ھاجىمدىن خەت كەلدى» دەپدۇ . ئىقلىمنىساخان قورقۇپ كېتىپ، « ھەرگىزخەت بۇ يەردە چىقىرىپ سالمىسىلا !» دەپ ئۆيگە

götürmüştü. Mektubu anneme verip, mektubun geliş hikâyesini yani abimin bu mektubunun bize nasıl geldiğinin hikâyesini anlatmıştı. 1952 yılında komunistlerin sınırdışı ettiği Afgan vatandaşlarından Türkiye'ye (Ankara) yerleşen birisi Hoten Tambag'daki ablası ile mektuplaşırmış, ablası bu mektupları Pizi Niyaz Ahun'a okutup ona cevaben mektup yazdırırmış. Abim ondan bunları duyup, Pizi Niyaz Ahun'un adresini alıp bizim durumumuzu, hayatta mıyız değil miyiz öğrenmesini isteyip bizim şehirdeki ve köydeki bütün akrabaların adlarını yazıp mektup göndermiş. Böylece Pizi Niyaz Ahun bu mektubu alır almaz derhal bize haber vermiş. Çünkü bu adam beni iyi tanırdı. Arabistan'a gönderilecek mektupların zarfında adres ingilizce yazılmazsa postane kabul etmiyordu. Bu adam bu mektupları alıp gelip ingilizce adres yazıp verin diye bana yalvarmıştı. Hükümet öğrenirse başım belaya girer diye kabul etmemiştim. Sadece devlet ve şehir isimlerini yazıp verdim. Bu adam da bunu kaşe yapıp, zarfa basmaya başlamıştı. Böylece Pizi Niyaz'dan başka biri bunu yapamadığı için yurtdışına mektup göndermek isteyenlerin hepsi onun yanına gelmeye mecbur kalmış ve adamın işleri açılmıştı. Bu sebepten o beni çok severdi. Bunların hepsini annem son derece gizli tutup epey uzun süre bana söylemedi. Çünkü abimin Celaleddin Ahun aracılığıyla yazdığı ilk mektup bizim için büyük bir sorun olmuş, bizi "yurtdışına bağlanan unsur" yapmış bize yıllarca sıkıntı çektirmişti. Abimin Pizi Niyaz aracılığıyla yazdığı mektuplar 2-3'e

باشلاپ كىرگەن. خەتنى ئانامغا بېرىپ بۇ خەتنىڭ كېلىش ھېكايىسىنى ئاڭلىتىپ بېرىپتۇ. يەنى، ئاكامنىڭ بۇخەتنىڭ بىزگىچە يېتىپ كېلىش جەريانى مۇنداق ئىكەن: 1952 - يىلى كوممۇنىستلار ھەيدىگەن ئافغان پۇخرالىرىدىن تۇركىيە(ئەنقەرە)گە بېرىپ قالغان بىرسى خوتەن تامباغدىكى ئاچىسى بىلەن خەت ئالاقە قىلغان. ئاچىسى بۇ خەتلەرنى پېزى نىياز ئاخۇنغا ئوقۇتۇپ ئۇنىڭغا جاۋاب خەت يازدۇرىدىكەن. ئاكام ئۇنىڭدىن بۇلارنى ئاڭلاپ، پېزى نىياز ئاخۇننىڭ ئادرىسىنى ئېلىپ بىزنىڭ دېرىكىمىزنى يەنى، ھاياتتىمۇ يوقمۇ بۇلارنى ئۇقۇشۇپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلىپ بىزنىڭ شەھەردىكى ۋە يېزىدىكى باشقا ئۇرۇقتۇققانلارنىڭ ئىسىملىرىنى يېزىپ خەت يازغان. شۇنىڭ بىلەن پېزى نىياز ئاخۇن بۇخەتنى ئېلىش بىلەن دەرھال بىزگە خەۋەر قىلغان. چۈنكى بۇ ئادەم مېنى ياخشى تونۇيتتى.( ھەرەمگە ئەۋەتىدىغان خەتلەرنىڭ لىپاپە ئۈستىگە ئىنگلىزچە يازمىسا پوچتا خانە ئالمايتتى، بۇ ئادەم بۇنداق خەتلەرنى ئېلىپ كېلىپ ئىنگلىزچە ئادرىس يېزىپ بەرسلە دەپ ماڭا بىرقانچە قېتىم يالۋۇرۇپ كەلگەن ئىدى. ھۆكۈمەت ئۇقۇپ قالسا بېشىمغا بالا بولىدۇ دەپ ئۇنۇمىغان ئىدىم. پەقەت دۆلەت ۋە شەھەر ئىسمىنىلا يېزىپ بەردىم ۋە ئۇ ئادەم بۇنى تامغا قىلىپ ئويۇۋېلىپ لىپاپىگە شۇنى بېسىپ بەرگەن. شۇنداق قىلىپ پېزى نىياز دىن باشقا كىشى بۇنى بىلمىگەنلىكتىن چەت ئەلگە خەت ئەۋەتىدىغانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ قېشىغا كېلىشكە مەجبۇر قالغان ئۇنىڭمۇ بازىرى چىققان. بۇ سەۋەبتىن ئۇ مېنى ياخشى تونىتتى). بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئانام ناھايىتى مەخپى تۇتۇپ، خېلى ئۇزۇن بىر مەزگىل ماڭا بىلدۈرمىدى. چۈنكى، بىرىنچى قېتىم جاالىدىن ئاخۇنۇم ئارقىلىق يازغان خېتى بىز ئۈچۈن چوڭ بىرباالابولۇپ بىزنى «چەت ئەلگە باغلانغان ئۇنسۇرچوك» قىلىپ يىللارچە خاپىلىقنى تارتقان ئىدۇق. ئاكامدىن پېزى نىياز ئاخۇننىڭ خېتى بىلەن يازغان خېتى 2 - 3 كە

ulaştıktan sonra ancak benim haberim oldu. 20 yıl sonra bu bize "tünelin ucunda görülen ışık" gibi bir şey olmuştu. Abim bir mektubunda Türkiye hükümetine başvurup annemi yanına getirme arzusundan bahsetmişti (Annem hasta olduğu için Nurahmeti beraber gönderirsiniz demişti). Annemin yıllardan beri hasretle istediği hayali gerçekleşecek diye ben derhal mektuba cevap yazdım. Yakınlarımızdan bunu duymayan kalmadı. Abimden gelecek mektubu sabırsızlıkla beklediğimiz günler başladı. Ansızın ortaya çıkan bu durumun stres ve heyacanı benim sağlığıma kötü etki etti. Beyin damarlarımda tıkanma teşhisi ile hastaneye yattım. Urumçi'ye gidip tedavi olup geldim. Bu benim Hoten tıp fakültesinde öğretim görevlisi olarak çalıştığım zamandı. Hastalığım nedeniyle bu vazifeden alınıp istirahata çıkarıldım.

Bu durum 4 yıl kadar devam etti. Abimden gelen mektuplara göre Çinliler ne zaman izin verirse anneme pasaport verilecekti ve abim uçak bileti gönderecekti. Ama hükümetten hiç ses çıkmıyordu. Sonunda haberim yokmuş gibi abimden gelen mektupları alıp, valilikteki polis merkezine gittim. Ancak bize haber yok diyerek her defasında geri gönderdiler. Bir yıl sonra bir gün beni emniyete çağırıp, son durumu anlattılar. Türkiye Dış işlerinin talebine binaen hükümet annemin yurt dışına çıkışına izin vermeye karar vermiş. Ama yerel hükümet bütün aile çıkıp gitsin dediği için beni "kaç kişi gideceksiniz" diye sormaya çağırmışlardı.

بارغاندىن كېيىن مېنىڭ خەۋىرىم بولدى ۋە 20 يىلدىن كېيىن، بۇ بىزگە «يۈچۈقتىن يۈرۈغلۈق كۆرەنگەن» دەك بىر ھادىسە بولغاندى. ئاكام بىرخېتىدە، تۈركىيە ھۆكۈمىتىگە ئىلتىماس قىلىپ ئانامنى ئەكەلدۈرۈش ئارزۇسىنى بىلدۈرگەن. (ئانامنىڭ كېسلجانلىقىدىن نۇرئەھمەتنى بىرگە قوشۇپ ئەۋەتسەڭلار دېگەن ) ئانامنىڭ يىللەردىن بېرى ھەسرەت بىلەن ئارزۇقىلىپ كەلگەن خىيالى ئەمەلگە ئاشىدىغان بولدى دەپ مەن دەرھال خەتنىڭ ئۈچۈرىنى يازدىم. يېقىن يۈرۈقلىرىمىزدىن بۇلار ئاڭلىمىغان كىشىمۇ قالمىدى. تاقەتسىزلىك بىلەن ئاكامدىن كېلىدىغان خەتنى كۈتۈش كۈنلىرى باشلىدى. تۇيۇقسىزدىن ئوتتۇرىغا چىققان بۇ ۋەزىيەت، جىددىلىك ۋە ھاياجان مېنىڭ سالامەتلىكىمگە يامان تەسىر بەردى. مېگەقانتومۇرلىرىدىكى قېتىش دىياگنوزى بىلەن دوختۇر خانىدا ياتتىم ئۈرۈمچىگە بېرىپ داۋالىنىپ كەلدىم. بۇ مېنى خوتەن تىببى مەكتەپكە مۇئەللىملىكە بەلگىلىگەن چاغ ئىدى. كىسەللىك سەۋەبى بىلەن بۇئىشتىن قايتىپ چىقىپ دەم ئېلىشقا چىقرىلدىم.

بۇ ھال 4 يىلغا قەدەر داۋام قىلدى. ئاكامدىن كەلگەن خەتلەردە ئىش تامام، قاچان خىتايلار رۇخسەت قىلسا ئانامغا پاسپۇرت بېرىلمەكچى ۋە ئاكام ئايرۇپىلان بىلتى ئەۋەتمەكچى.... ئەمما، ھۆكۈمەتتىن ھېچ ئۈنتۈش يوق. ئاخىرى مەن ئۇقمىغان كىشى بولۇپ، ئانام ئاكامدىن كەلگەن خەتلەر ئېلىپ ۋىلايەتلىك ساقچىغا چىقتى. بىرمەزگىل بىزگە ئۈچۈرىيۇق دېگەن جاۋاپنى بېرىپ يولغا سېلىپ تۇردى. بىريىل ئۆتكەندىن كېين، بىركۈنى مېنى ساقچىغا چاقىرىپ ئەھۋالنى ئېيتتى. تۈركىيە تاشقى ئىشلىرىنىڭ تەلەبىگە بىنائەن ھۆكۈمەت ئانامنى چەت ئەلگە چىقىپ كېتىشكە رۇخسەت قىلماقچى بولاپتۇ. ئەمما، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن چىقىپ كەتسۇن دېگەنلىكتىن مېنى قانچە كىشى چىقىپ كېتىسلەر دەپ سورغىلى چاقىرغانىكەن.

Ben paramız yok hepimiz gidemeyiz dedim. Onlar "abinize mektup yazın" dediler. Abimden "o kadar para yok, sadece annem ve Nurahmet için bilet gönderdim" diye mektup geldi. Böylece aradan bir yıl kadar vakit geçti. Artık evimize emniyetten sık sık gelip soru sormaya başladılar. Karşılaştığım tanıdıkların hepsi "mübarek olsun ne zaman gidiyorsunuz?" diye sormaya başladı. Hükümetin bizi ailece gönderme niyetinde olduğu ortaya çıktı ve ailece gideceklerin listesi diye 14 kişinin adını yazıp verdim. Bir ay sonra hükümet 7 kişi (annem, ben, İklimnisa hanım, Nurahmet, Aliye, Rabia, Murat) gidecek diye cevap verdi ve emniyete gidip pasaport için form doldurduk. Ev ve başka para edecek herşeyi satıp yol hazırlığı yaptık. Abim sadece anneme bilet gönderebilmiş olsa da biz kalanlara da yetecek kadar para hazırladık. Hükümetten gelip durum hakkında bilgi alıp, çabuk yola çıkın diye sıkıştırmaya başladılar. Yolda harcamak için paramız yoktu. Yirmi yıl çalıştığım için 2 bin yuan tazminat verecek oldular. Bununla sınırda döviz alacak diye yazı verdiler.

Böylece 1 Haziran 1976 günü çocuklar ve akrabalar ile sanki bir musibet olmuş gibi gözyaşları içinde vedalaşıp emniyetten 2 kişinin refakatinde Hoten havaalanına çıktık. Fırtına çıktığı için uçak kalkamadı. Havaalanının yakınında Tuzakçı'da Âlem Hoca'nın evinde 3 gün misafir olduk. Bütün o merasim ile yola çıktıktan sonra şehre geri dönmeyi uygun

مەن پۇلىمىز يوق ھەممىمىز كېتەلمەيمىز دېدىم. ئۇلار«ئاكىڭىزغا خەت يېزىڭ» دېدى. ئاكامدىن ئۇنچىۋالا پۇلۇم يوق پەقەت ئانام ۋە نۇرئەھەمەت ئۈچۈن بىلەت ئەۋەتتىم دېگەن خەت كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئارىدىن بىر يىلدەك زامان ئۆتتى. ئەمدى ساقچى ئىدارىسىدىن ئۆيىمىزگە تولا ئادەم كېرىپ گەپ سوراپ چىقىپ كېتىدىغان بولدى. ئالدىمغا ئۇچرىغان تونۇشلارنىڭ ھەممىسى «مۇبارەك بولسۇن ، قاچان ماڭىدىغان بولدىلا؟» دەپ سورىغىلى باشلىدى.

ھۆكۈمەت بىزنى ئائىلەچە چىقارماق نىيىتىدە ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى ۋە ئائىلەچە كېتىدىغانلارنىڭ كېتىدىغانلىرىمىز دەپ، 14 كىشىنى يېزىپ بەردىم. بىرئايدىن كېيىن، ھۆكۈمەت7 كىشىنى( ئانام، مەن ، ئىقلىمنىساخان، نۇرئەھمەت، ئالىيە، رابىيە ۋە مۇرات) ماڭىدۇ دەپ ئۇختۇردى ۋە ساقچى ئىدارىسىغا چىقىپ پاسپورت ئۈچۈن جەدۋەل توشقۇزدۇق. ئۆي ۋە باشقا پولغا يارايدىغان ھەممەنەرسنى سېتىپ يولغا ھازىرلىق قىلدۇق. ئانامغا ئاكام بىلەت ئەۋەتسە قالغان لىرىمىزغا يەتكۈدەك پول راستلىدۇق. ھۆكۈمەتتىن كىرىپ بۇلاردىن مەلۇمات ئېلىپ تۇراتتى ۋە پاتراق يولغا چىقىڭلار دەپ ئالدىراتقىلى تۇردى. يولدا خەزلەشكە پۇل ئاشمايتتى. يېگىرمە يىل خىزمەت قىلغانلىقىم ئۈچۈن، 2 مىڭ كوي چىكىنىش پۇلى بەرگەن بولدى. بۇنىڭغا چېگرىدىن چىقىشتا چەت ئەل پۇلى ئالىدۇ دەپ خەت قىلىپ بەردى.

شۇنداق قىلىپ، 1976 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، باللەر ۋە تۇققانلار بىلەن خوددى بىرمۇسىبەت بولغاندەك يىغى زاربىلەن خوللىشىپ، ساقچى ئىدارىسىدىن 2 كىشىنىڭ نازارىتى بىلەن خوتەن ئايرۇپلان ئىستانسىسىگە چىقتۇق، بۇران چىقىپ قېلىپ، ئايرۇپىلان ئۇچمىدى . ئايرىپلان ئىستانسىنىڭ يېنىدا تۇزاقچىدا ئىلھام ئاخۇنۇمنىڭكىدە 3 كۈن تۇرۇپ قالدۇق. شۇنچە مۇراسىم بىلەن ئۇزاپ چىقىپ يەنە شەھەرگە قايتىپ كىرىشنى ئۇيغۇن

görmedim.

Urumçi'ye geldikten sonra pasaportlarımızı verdiler ve Urumçi'den bizi Pekin'e gönderdiler. Annem ile bizim biletimizin tarihi farklı olduğu için annem ile Nurahmet bir hafta önce gitti. Pekin havaalanında tesadüfen Türkiye büyükelçisi ile karşılaştık. Birkaç kişi ile yanımıza gelip "nereye gidiyorsunuz?" "Yunus Buğra'nın kardeşimisiniz?" "Zeynep Hanım nerde?" diye sordu. Ben hayatımda ilk defa etrafımdaki Çinlilerin hayran bakışları arasında heyecanla "İstanbul'a gidiyorum, Yunus Buğra'nın yanına, bu annem" dedim. Büyükelçi gülmeye başladı ve derhal annemin yanına gelip elini öptü ve "Maşallah çok iyisiniz, vizenizi biz verdik" dedi. Dediklerinin hepsini anlamamış olsam da annemin hasta olduğunu bildiği için durumunu sordu ve bize Allah'a emanet olun, iyi yolculuklar dedi. O zamanlar Çin'den yurtdışına Pakistan havayollarından başka havayolu uçmuyordu. Annem ile Nurahmet'in yolcu salonundan epey uzakta olan Pakistan uçağına bir asker ile hızla gittiklerini gördüm. Çinli polisler, yurtdışına çıkan ilk Uygur oldukları için, onları epey oyalamış ve uçak bu sebepten beklemişti. Normalde çok yavaş yürüyen Annem bir baktım Nurahmet ile aynı hızda koşar adım uçağın merdivenlerini çıkıp uçağa bindi. Arkada kalan bizler bunu görüp Allah'a şükür dedik.

كۆرمىدىم.

ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن پاسپورتلىرىمىزنى بەردى ۋە ئۈرۈمچىدىن بىزنى بېجىڭدا تاشقى ساياھەت ئىدارىسىدىن ئادەم چىقىپ قارشى ئالىدۇ دەپ، بېجىڭغا يولغا سالدى. ئانامنىڭ بىلتى بىلەن بىزنىڭ بىلتىمىزنىڭ ئۇچۇش تارىخى ئوخشىمىغانلىقتىن ئانام نۇرئەھمەت بىلەن بىرھەپتە بۇرۇن ماڭدى. بېجىڭ ھاۋا مەيدانىدا تەسادىپ تۈركىيە ئەلچىسى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدۇق. بىرقانچى كىشى بىلەن يېنىمىزغا كېلىپ: «نەرەيە گېدىيورسىنىز ؟»، «يونۇس بۇغرانىڭ قاردىشىمىسىنىز؟»، «زەينەپ خانىم نەردە؟» دەپ سورىدى. مەن ھاياتىمدا بىرىنچى قېتىم ئەتراپىمدىكى خىتايلارنىڭ ھەيرانلىق بىلەن بېقىشلىرى ئارىسىدا ھاياجان بىلەن: «ئىستامبۇلغا كېتىيورۇم، يونۇس بۇغرانىڭ قىشىغا بۇ ئانام» دېدىم. باش ئەلچى (رەھمەتلىك ئادنان بولاق) كۈلۈپ كەتتى ۋە دەرھال ئانامنىڭ قېشىغا كېلىپ، قولىغا سۆيدى ۋە: «ماشا ئاللاھ ! چوق ئىسىنىز. ۋىزە نى بىز ۋەردىك ..... » دېدى. سۆزلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۇقالمىغان بولسامۇ، ئانامنى كېسەل دەپ ئەھۋال سورىدى ۋە بىزنى «خۇداغا ئامانەت يول بولسۇن دېدى» دەپ تەخمىن قىلدىم. ئۇ چاغدا خىتايدىن چەت ئەلگە پاكىستان ھاۋا يوللىرىدىن باشقا ماڭىدىغان ئايروپىلان يوقتى. ئانام بىلەن نۇرئەھمەتنىڭ يولچى سالۇندىن خېلى يىراقتا تۇرغان پاكىستان ئايروپىلانىغا بىرئەسكەر بىلەن ناھايىتى تېز كېتىۋاتقانلىقلىرىنى كۆردۈم. خىتاي پولىسى چەت ئەلگە چىقىۋاتقان بىرىنچى ئۇيغۇر بولغانلىقى ئۈچۈن بۇلارنى ئۇزۇن ھايال قىلىپ، ئايروپىلان ساقلاپ قالغان. ئاددەتتە ناھايىتى تەس ماڭىدىغان ئانامنى قارىسام نۇرئەھمەت بىلەن تەڭ يۈگۈرگاندەك مېڭىپ ئايروپىلانغا شۇتىسىغا چىقىپ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. قالغان بىزلار بۇلارنى كۆرۈپ «خۇداغا شۇكۇر» دېدۇق.

Bir hafta sonra geride kalan bizler de Pakistan uçağı ile Pekin vakti ile tahminen saat 4.00'da havalandık. Benim dışımdakiler hayatlarında ilk defa uçağa biniyorlardı. Ben de ilk defa jet motorlu uçakta oturuyordum ve hepimiz büyük bir heyacan içindeydik. Murat'ın midesi bulanıp suratı soldu. Aliye başını kaldırmadan yatıyordu, İklimnisa hanım bunlara nazaran daha iyi durumdaydı. Hosteslerden biri yanıma geldiğinde ben Urduca "tuvalet nerde?" diye sordum. Bizimkilerin hepsi sıkışmıştı. Hostes benim Urduca konuştuğumu görüp hayran kaldı ve sohbet başladı. Bizimkileri teker teker tuvalete götürüp getirdi. Sonra hosteslerin hepsi yanıma gelip benimle konuşmaya başladılar. "Urducayı çok iyi konuşuyorsunuz, nerede öğrendiniz, Pakistan'da nerede okudunuz, hangi okula gittiniz" gibi sorular ile hasbihal ettiler. Biraz sonra kabin amiri yanıma gelip "sizi kaptan pilot kokpite davet ediyor" dedi. Ben korkuyla karışık, heyecanla onun arkasından yürüdüm. Kokpite girer girmez en önde oturan bembeyaz uniforma giymiş kapkara sakallı kaptan pilot "selamun aleyküm, benim adım Kadı Abdurrahman" dedi. Bir an elim ayağıma dolaştı. Önümde atılmış pamuk gibi duran bulutlar ve bulutlarda yürüyormuş gibi görünen dolunay duruyordu. Başımın üstünde sayısız kırmızı yeşil düğmeler, saat gibi göstergeler sağ ve sol tarafımda iki pilot... Hayatımda gördüğüm en muhteşem manzara ve unutulmaz bir hatıra iki tarafıma bakıp, zorlukla "ve aleyküm selam ben Mehmet Yakup"

بىر ھەپتىدىن كېيىن، قالغان بىزلار مۇ پاكىستان ئايروُپىلانى بىلەن بېجىڭ ۋاقتى تەخمىنەن سائەت 4 بىلەن ئۇچۇپ كەتتۇق. مەندىن باشقىلار ھاياتىدا بىرىنچى قېتىم ئايرۇپىلانغا چىققانلار. مەنمۇ بىرىنچى قېتىم زەت مونۇرلۇق ئايىرۇپىلاندا ئولتۇرۇۋاتىمەن ۋە ناھايىتى ھاياجان. مۇراتنىڭ كۆڭلى ئايىنىپ چىراي ئاقىرىپ كېتىپ بارىدۇ. ئالىيەمۇ بېشىنى كۆتۈرەلمەي ياتىدۇ. ئىقلىم نىساخان بولارغا قارىغاندا بىر ئاز ياخشى. كۆتكۈچى ئاياللاردىن بىرسى يېنىمغا كەلگەندە مەن ئۇردۇچە ئۇنىڭدىن تەرەتخانە نەردە دەپ سوردۇم.(بىزنىڭكىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ تەرىتى قىستاپ قالغان) كۆتكۈچى مېنىڭ ئۇردۇچە گەپ قىلغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى .... ۋە سىزھبەت باشلىنىپ كەتتى. بىزنىڭكىلارنى بىر - بىرلەپ تەرەتخانىغا ئاپىرىپ ئەكەلدى. ئۇندىن كېيىن، باشقا كۆتكۈچىلار ھەممىسى قېشىمغا كېلىپ سۆزلىشىپ، «ئۇردۇتىلنى ياخشى بىلىدىكەنسىز، نەدە ئۇگەنگەن، پاكىستاندا نەردە تۇرغان، قايسى مەكتەپتە ئوقۇغان .... » دېگەندەك سۇئال سوراپ ھال سوراپ كېتىشتى. بىر ئاز دىن كېيىن، باش كۆتكۈچى كېلىپ: « سىزنى باش پىلوُت كابىنغا دەۋەت قىلىدۇ» دېدى. مەن قورقۇ ئارىلاش ھاياجان بىلەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدىم. كابىنگە كىرىشىمگە ئەڭ ئالدىدا ئولتۇرغان ئاپپاق يۇنفورما بىلەن يوغان قاپ - قارا ساقاللىق باش پىلوت «سالام ئەلەيكۇم» مېنىڭ ئىسىم قازى ئابدۇرراھمان» دېدى. مەن بىردەم تەمتىرەپ قالدىم. ئالدىمدا ئاتقان ياختىدەك تۇرغان بولۇتلار ۋە بولۇتلاربىلەن تەڭ ئۈزۈپ ماڭغاندەك تولان ئاي تۇراتتى. بېشىمنىڭ ئۈستىدە سانسىز قىزىل يېشىل نوختىلار سائەت سېتىرىلكىلىرى ئوڭ ۋە سول تەرەپىمدە يەنە ئىككى پىلوُت ..... ھاياتىمدا كۆرگەن ئەڭ مۆھتەشەم بىرمەنزىرە ۋە ئۇنۇتۇلماس بىرخاتىرە. ئىككى تەرەپىمگە قاراپ تەسلىكتە: «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، مەن مەھەممەت ياقۇپ»

Bir hafta sonra geride kalan bizler de Pakistan uçağı ile Pekin vakti ile tahminen saat 4.00'da havalandık. Benim dışımdakiler hayatlarında ilk defa uçağa biniyorlardı. Ben de ilk defa jet motorlu uçakta oturuyordum ve hepimiz büyük bir heyacan içindeydik. Murat'ın midesi bulanıp suratı soldu. Aliye başını kaldırmadan yatıyordu, İklimnisa hanım bunlara nazaran daha iyi durumdaydı. Hosteslerden biri yanıma geldiğinde ben Urduca "tuvalet nerde?" diye sordum. Bizimkilerin hepsi sıkışmıştı. Hostes benim Urduca konuştuğumu görüp hayran kaldı ve sohbet başladı. Bizimkileri teker teker tuvalete götürüp getirdi. Sonra hosteslerin hepsi yanıma gelip benimle konuşmaya başladılar. "Urducayı çok iyi konuşuyorsunuz, nerede öğrendiniz, Pakistan'da nerede okudunuz, hangi okula gittiniz" gibi sorular ile hasbihal ettiler. Biraz sonra kabin amiri yanıma gelip "sizi kaptan pilot kokpite davet ediyor" dedi. Ben korkuyla karışık, heyecanla onun arkasından yürüdüm. Kokpite girer girmez en önde oturan bembeyaz uniforma giymiş kapkara sakallı kaptan pilot "selamun aleyküm, benim adım Kadı Abdurrahman" dedi. Bir an elim ayağıma dolaştı. Önümde atılmış pamuk gibi duran bulutlar ve bulutlarda yürüyormuş gibi görünen dolunay duruyordu. Başımın üstünde sayısız kırmızı yeşil düğmeler, saat gibi göstergeler sağ ve sol tarafımda iki pilot... Hayatımda gördüğüm en muhteşem manzara ve unutulmaz bir hatıra iki tarafıma bakıp, zorlukla "ve aleyküm selam ben Mehmet Yakup"

بىر ھەپتىدىن كېيىن، قالغان بىزلار مۇ پاكىستان ئايرۇپىلانى بىلەن بېيجىڭ ۋاقتى تەخمىنەن سائەت 4 بىلەن ئۇچۇپ كەتتۇق. مەندىن باشقىلار ھاياتىدا بىرىنچى قېتىم ئايرۇپىلانغا چىققانلار . مەنمۇ بىرىنچى قېتىم ژەت موتۇرلۇق ئايىرۇپىلاندا ئولتۇرۇاتمەن ۋە ناھايىتى ھاياجان. مۇراتىنىڭ كۆڭلى ئايىنىپ چىراي ئاقىرىپ كېتىپ بارىدۇ. ئالىيەمۇ بېشىنى كۆتۈرەلمەي ياتىدۇ. ئىقلىم نىساخان بۇلارغا قارىغاندا بىر ئاز ياخشى. كۆتكۈچى ئاياللاردىن بىرسى يېنىمغا كەلگەندە مەن ئۇردۇچە ئۇنىڭدىن تەرەتخانە نەردە دەپ سوردۇم.(بىزنىڭكىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ تەرىتى قىستاپ قالغان) كۆتكۈچى مېنىڭ ئۇردۇچە گەپ قىلغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى .... ۋە سۆھبەت باشلىنىپ كەتتى. بىزنىڭكىلارنى بىر - بىرلەپ تەرەتخانىغا ئاپىرىپ ئەكەلدى. ئۇندىن كېيىن، باشقا كۆتكۈچىلار ھەممىسى قېشىمغا كېلىپ سۆزلىشىپ، «ئۇردۇتىلىنى ياخشى بىلىدىكەنسىز، نەدە ئۆگەنگەن، پاكىستاندا نەردە تۇرغان، قايسى مەكتەپتە ئوقۇغان .... » دېگەندەك سۇئال سوراپ ھال سوراپ كېتىشتى. بىر ئاز دىن كېيىن، باش كۆتكۈچى كېلىپ: « سىزنى باش پىلۇت كابىنغا دەۋەت قىلىدۇ» دېدى. مەن قورقۇ ئارىلاش ھاياجان بىلەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدىم. كابىنگە كىرىشىمگە ئەڭ ئالدىدا ئولتۇرغان ئاپپاق يۇنفۇرما بىلەن يوغان قاپ - قارا ساقاللىق باش پىلوت «سالام ئەلەيكۇم» مېنىڭ ئىسىم قازى ئابدۇرراھمان» دېدى. مەن بىردەم تەمتىرەپ قالدىم. ئالدىمدا ئاتقان پاختىدەك تۇرغان بولۇتلار ۋە بولۇتلاربىلەن تەڭ ئۈزۈپ ماڭغاندەك تولان ئاي تۇراتتى. بېشىمنىڭ ئۈستىدە سانسىز قىزىل يېشىل نوختىلار سائەت سېتىرىلكىلىرى ئوڭ ۋە سول تەرەپىمدە يەنە ئىككى پىلۇت ..... ھاياتىمدا كۆرگەن ئەڭ مۆھتەشەم بىرمەنزىرە ۋە ئۇنۇتۇلماس بىرخاتىرە. ئىككى تەرەپىمگە قاراپ تەسلىكتە: «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، مەن مەھەممەت ياقۇپ»

dedim. Yanındaki koltuğu gösterip oturun diye işaret yaptı. Ve böylece sohbet başladı. İçlerinden biri benim Ravalpindi'de okuduğum okulu biliyormuş. Komunistlerin zulmünden, müslümanların içler acısı halinden haberleri varmış. Uzun uzun konuştuk. Aradan bir saat geçti. Kaptan pilot "şuanda sizin memleketinizin üstüne geldik" dedi. Ben yerimden kalkıp baktım. İnsanı ürküten zulmetli bir karanlık ve ufukta mavimsi renkteki tan yerinden başka bir şey göremedim. Bahsettiğimiz hanım hostes kokpite çay getirdi. Yine sohbete devam ettik. Konu genellikle dini mevzular idi. Bu sohbetten anladım ki kaptan pilot Pakistan'ın meşhur bir dini âliminin oğluymuş. Bana "dini ilimleri nerde öğrendin" diye sordu. Ben Pakistan'da dedim. O buna daha çok sevindi. Biraz sonra "sağ tarafa bakın bu Himalayaların zirvesi" diye bana bulutların içinden çıkıp duran bir dağı gösterdi. O anda "kemerleri bağlayın" anonsu duyuldu ve hostes beni yerime götürüp kemer bağlamayı gösterdi. Bizimkiler beni merak etmişler. Ben her şey yolunda diye işaret yaptım ve yerime oturup rahat bir nefes alarak içimden "hakikaten kurtulduk" dedim. Biraz sonra baktım bizimkiler de uyuyakalmış. Derin hayallere daldım. Vatan, gözyaşları içinde kalan 2 kızım ve 4 sevgili torunum, akrabalar ve dostlar bunların hepsi sanki bir daha ulaşılamayacak kadar uzakta göründü. Bunları bir hatıra olarak yazma arzusunu tekrar hissettim...

دېدىم. يېنىمدىكى ئۇرۇندۇقنى كۆرسىتىپ، ئولتۇرۇڭ دەپ ئىشارەت قىلدى ۋە شۇ نىڭ بىلەن سۆھبەت باشلىنىپ كەتتى. ئۇلاردىن بىرسى مەن راۋالپىندىدە ئوقۇغان مەكتەپنى بىلىدىكەن. كوممۇنىستلارنىڭ زۇلمىدىن، مۇسۇلمانلارنىڭ ئېچىنىشلىك ھالىدىن خەۋەرلىرى بارئىكەن. كەڭ تاشا سۆزلەشتۇق. ئارىدىن بىرسائەتتەك ۋاقت ئۆتتى. باش پىلوت: «ھازىر دەل سىزنىڭ يۇرتىڭىزنىڭ ئۈستىگە كەلدۇق....» دېدى. مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ قارىدىم، كىشىنى ئۆركىتىدىغان زۇلمەتلىك قاراڭغۇلۇق ۋە ئۈپۈقتا كۆكۈش رەڭدىكى تاڭ نۇرىدىن باشقا بىرنەرسىنى كۆرەلمەدىم. ھېلقى كۆتكۈچى خانىم كابىنغا چاي ئېلىپ كىردى. ماڭمۇ بىرئاز جان كىردى، يەنە سۆھبەتىمىز باشلىنىپ كەتتى. مەۋزۇ كۆپىنچە دىنىي مەمۇنلار ئىدى. بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى باش پىلوت پاكىستانىنىڭ بىرمەشھۇر دىنىي رەھبىرىنىڭ ئوغلى ئىكەن. مېنى دىنىي بىلىملەرنى نەردە ئۆگەنگەن دەپ سورىغۇدى، مەن «پاكىستاندا.... » دېدىم. ئۇ بۇنىڭغا تېخىمۇ سۆيۈندى. بىرئازدىن كېيىن: «ئوڭ تەرەپكە قاراڭ، بۇ ھىمالايا چوقىسى» دەپ ماڭا بۇلۇت ئىچىدىن چوقچۇيۇپ چىقىپ تۇرغان بىر تاغنى كۆرسەتتى. شۇ پەيتتە« كەمەرلىرىڭىزنى باغلاڭ دېگەن» ئاۋاز ئاڭلاندى ۋە مېنى كۆتكۈچى يېرىمگە ئاپىرىپ كەمەر باغلاشنى كۆرسىتىپ قويدى. بىزنىڭكىلار مەندىن ئەنسىرەپ تۇرۇپتىكەن. مەن ئىشلەر جايىدا دەپ ئىشارەت قىلدىم ۋە يېرىمدە ئولتۇرۇپ راھەت بىر نەپەس ئالدىم ۋە ئىچىمدە«ھەقىقەتەن قۇتۇلدۇق» دېدىم. بىردەمدىن كېيىن، قارىسام بىز نىڭكىلەرمۇ ئۇخلاپ قېپتۇ. چوڭقۇر خىيالەرغا چۆكتۈم. ۋەتەن، يېغلاپ قالغان ئىككى قىزىم ۋە 4 ئۇماق نەۋرىلىرىم، توققانلار ۋە دوستلار. بۇلار ھەممىسى خوددى بىز ئىككىنچى بارالمايدىغان بىر يىراقتا قالغاندەك كۆرۈندى.... مەنە، بۇلارنى بىرخاتىرە قىلىپ يېزىش ئارزۇسىنى يېڭىدىن ھېس قىلدىم .....

İkindi namazına İslamabad'a geldik. Hava çok sıcaktı. Daha önce hiç görmediğim pasaport ve gümrük kontrollerinin üstüne bir de yolculardan vergi alıyorlarmış onu öğrendim. Yanımda Pakistan parası olmadığından Pekin'de aldığım sterlinden (100 pound) birini uzattım. "Sadece Pakistan parası kabul ediyoruz" dediler. Ben ne yapacağımı şaşırdım, görevlilerle Urduca tartışmaya başladığım bir sırada arkamda dizilip duranlardan asil bir Pakistanlı "bu beyefendinin vermesi gereken parayı ben vereceğim" dedi. Şaştım kaldım ve ona içten dileklerimle teşekkür ettim. Abim Pakistan'da sizi Gulam Muhammed Hacim karşılayacak ve Türkiye'ye yolcu edecek diye yazmıştı. Eğer kimse karşılamaya gelmezse işimizin hakikaten çok zor olacağını düşünerek, endişe içinde dışarı çıktık. Gulam Muhammed Hacım bizi karşılamaya gelmişti. Görür görmez beni tanıdı. 1948 yılında kaşkar'a gittiğimde tanışmıştık. Rahmetli Gulam Muhammed Hacım'in evinde bir hafta on gün kaldık. Bizi son derece samimi bir şekilde misafir etti. Ben Pakistan'dan Türkiye'ye uçak ile gitmeye paramız yetmezse eğer diye tren veya karayolu ile İran üzerinden gitmenin (abime yük olmasın diye) tereddüdü içindeydim. Abim Gulam Muhammed Hacım'dan bizi Iran'a kadar uçak ile yolcu etmesini (yol parasını borç vermeyi) rica ettiği için bizi İran'a uçak ile yolcu etti. "Tahran havaalanında abinizin dostlarından birisi karşılayıp o sizi Ankara'ya yolcu edecek, siz başınıza doppa giyin karşılamaya gelen kişinin sizi tanıması kolay olur" diye

ناماز ئەسىرگە ئىسلامئاباتقا كەلدۇق. ھاۋا بەك ئىسسىق ئىدى. بۇرۇن ھېچ كۆرۈپ باقمىغان پاسپورت كونترولى گۇمرۇك تەكشۈرۈشلىرى.... ئۇنىڭ ئۈستىگە يولچىلاردىن باج ئالىدىكەن. پاكىستان پۇلى يوق يېنىمدىن بېيجىڭدا تېگىشىپ بەرگەن ستېرلىڭدىن (100پاۋۇند) بىرنى تەڭلىدىم. ئۇلار پاكىستان پۇلى ئالىمىز دەپ تۇرۇۋالدى. مەن نېمە قىلىشىمنى بىلمەي ئۇلار بىلەن ئۇردۇچە تاكاللىشىپ تۇرسام ئارقامدا تىزىلىپ تۇرغانلاردىن ئېسىل بىر پاكىستانلىق كىشى: «بۇ ئەپەندىم بېرىشكە تېگىشلىك پۇلنى مەن بېرىمەن» دېدى. ھەيران قالدىم ۋە ئۇ كىشىگە چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتتىم.

ئاكام پاكىستاندا سىلەرنى غۇلام مەھەممەت ھاجىم قارشى ئالىدۇ ۋە تۈركىيىگە يولغا سېلىپ قويىدۇ دەپ يازغانىدى. قارشى ئالىدىغان كىشى بولمىسا ھەققەن ئىشىمىز تەس بولىدىغانلىقىنى سېزىپ ئەندىشە ئىچىدە تاشقىرىغا چىقتۇق. غۇلام مەھەممەت ھاجىم ئالدىمىزغا چىققان ئىكەن. كۆرۈپلا مېنى تونۇدى. 1948 يىلى قەشقەرگە بارغىنىمدا تونۇشقان ئىدۇق. مەرھۇم غۇلام مەھەممەت ھاجىمنىڭ ئۆيىدە ھەپتە ئون كۈندەك تۇردۇق. ناھايىتى سەممىيەتلىك بىلەن كۈتۈپ مېھمان قىلدى. مەن پاكىستاندىن تۈركىيەگە ئايرۇپىلان بىلەن كېتىش ئۈچۈن پۇلىمىز يەتمەسمىكىن دەپ، پويىز ۋە يا تاش يول بىلەن ئىران ئارقىلىق مېڭىشىنىڭ (ئاكامغا مالىي يۈك بولماسلىق ئۈچۈن) تەرەددۇدىنى قىلغان ئىدىم. ئەمما، ئاكام غۇلام مەھەممەت ھاجىمدىن بىزنى ئىرانغا قەدەر ئايرۇپىلان بىلەن يولغا سېلىپ قويۇشنى (كىرا پۇلىنى قەرز ھېساۋىدا بېرىشنى) ئېلىماس قىلغانلىقتىن بىزنى ئايرۇپىلان بىلەن ئىرانغا يولغا سالدى. تەھران ھاۋامەيدانىدا ئاكامنىڭ دوستلىرىدىن بىرسى قارشى ئېلىپ، ئۇ سىلەرنى ئەنقەرىگە يولغا سېلىپ قويىدىغان بولدى. سىلە باشلىرىغا دوپپا كىيىۋالسا، ئالدىلىرىغا چىققان كىشىنىڭ سىلەرنى تونۇۋېلىشى ئاسان بولىدۇ دەپ

tembihledi.

Tahran'a geç geldik. Tanıdık birisi görünmüyordu. Ben hayranlık içinde etrafıma bakıp dururken birisi yanıma gelip İngilizce "siz .....'nin misafirimisiniz" diye sordu. Ben öyle birinin bizi misafir edeceğini bilmediğimden "hayır" dedim. O kişi gitti. Biz havaalanının ortasında kalakaldık. Uçaktan inecek başka kimse kalmadı. Biraz önceki adam yine yanıma gelip, "pasaportunuza bakabilir miyim" dedi. Ben pasaportumu uzattım o kişi "yarım saattir sizi arıyoruz, biz sizi karşılamaya geldik, buyurun" diye bize yol gösterdi. Yanımızdaki bir bavul ve bir parça halıyı başkaları aldı. Polisler onların önünde esas duruşta durup yol vermeye başladılar. Pasaport ve gümrük kontrolu yapılmadan VIP salonuna geçtik. Biraz dinlendikten sonra içlerinden yöneticileri gibi duran birisi "Biz Yunus Buğra'nın dostuyuz, siz bizim misafirimizsiniz, şimdi sizi otele yerleştireceğiz. Birkaç gün Tahran'ı gezin ondan sonra Ankara'ya yolcu edeceğiz" dedi. Çok geniş bir arabaya binip şehre doğru yola çıktık. Yolda giderken ben yönetecileri ile Farsça konuşmaya başladım. Onlar benim Farsça bildiğimi görüp hayran kaldılar ve sıcak bir sohbet başladı. İçimde Türkiye'ye uçak ile gidin derlerse paramız yetmiyor ne yapacağız diye bir endişe vardı. Onun için ben ona "Ankara'ya tren ile yolcu edin bizi" dedim. O bana "sizin uçak biletiniz rezerve edildi, yarın

جىكىلىدى.

تەھرانغا كەچ كەلدۇق. تونۇش بىر كىم كۈرۈنمەيتتى. مەن ھەيرانلىق بىلەن ئەتراپىمغا قاراپ تۇرغىنىمدە بىرسى كېلىپ، ئىنگىلىزچە: ( سىز.... نىڭ مېھمىنىمۇسىز؟) دەپ سورىدى. مەن ئۇنداق بىرسىنىڭ بىزنى مېھمان قىلىدىغانلىقىنى بىلمىگەنلىكتىن : (ياق) دېدىم. ئۇ كىشى كەتتى بىز زالنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغان پېتى قالدۇق. ئايروپىلاندىن باشقا چۈشىدىغانلار قالمىغاندا ھېلىقى كىشى يەنە يېنىمغا كېلىپ: پاسپورتىڭىزنى كۆرۈپ باقسام) دېدى. مەن پاسپورتۇمنى ئۇزاتتىم. ئۇ كىشى: ( ھە .... بىزسىنى يېرىم سائەتتىن بېرى ئىزدەۋاتىمىز، بىز سىلەرنى كۈتۈۋېلىشقا چىققان، مەرھەمەت قىلىڭلار) دەپ بىزنى باشلاپ ماڭدى. يېنىمىزدىكى بىرچامىدان ۋە بىرپارچە گىلەمنى باشقىلىرى ئالدى. پولىسلار ئۇلارنىڭ ئالدىدا تىك تۇرۇپ يول بىكارلاپ تۇرغىلى باشلىدى. كونترول ۋە گۇمرۇك تەكشۈرۈشكىمۇ كىرمەي مېھمانلارنى باشلايدىغان زالغا باشلاپ كىردى. بىرئاز دەم ئالغاندىن كېيىن، ئۇلار ئىچىدىن باشلىققا ئوخشايدىغان بىرسى ( بىز يۇنۇس بۇغرانىڭ دوستى، سىز بىزنىڭ مېھمىنىمىز ھازىر سىزنى ھوتەلگە يەرلەشتۈرۈپ قويۇمىز. بىرقانچە كۈن تەھراندا تاماشا قىلىڭ. ئاندىن بىز ئەنقەرىگە يولغا سېلىپ قويۇمىز) دېدى. ناھايىتى ئازادە بىرماشىنىغا ئولتۇرۇپ شەھەرگە قاراپ ماڭدۇق. يولدا كېتىۋېتىپ مەن ھېلىقى باشلىق بىلەن پارسچە سۆزلىشىشكە باشلىدىم. ئۇلار مېنىڭ پارسچە بىلىدىغانلىقىمنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشتى ۋە قىزغىن سۆھبەت باشلىنىپ كەتتى. ئىچىمدە تۈركىيىگە ئايروپىلان بىلەن كېتىڭلا دەپ قالسا پۇلىمىز يېتىشمەيدۇ قانداق قىلامىز دېگەن ئەندىشە بار ئىدى. شۇ نىڭ ئۈچۈن مەن ئۇنىڭغا: ( بىزنى ئەنقەرىگە پويىز بىلەن يولغا سېلىپ قويىسىڭىز ئىكەن) دېدىم. ئۇ كىشى (سىزنىڭ ئايروپىلان بىلىتىڭىزنى زاكاس قىلىپ قويدۇق ، ئەنە

size teslim edeceğiz. Tahran'da bir hafta dinlenin çünkü sizi direk götürecek uçağa bindireceğiz, o güne kadar uçak yok" dedi. O yine söz arasında "şu başınızdaki şeyi giymeyin, burada bunu Yahudiler giyer" dedi. Ben bunun Uygurların milli başlığı olduğunu anlattım.

Bizi götürdükleri otel dünyanın en lüks otellerinden biri olan "Hilton" imiş. O gün İran'ı ziyaret etmek için gelen Enver Sedat da oteldeymiş. Yanyana iki odaya yerleştik. Bunları görüp bu kadar özel (VIP) ağırlanmamızın sırrı nedir diye düşünmeye başladım. Hatta sonra bunlar için para ödeyin derlerse ne yaparım diye endişe etmeye başladım. Onun için yemeğe restorana inmedik. Sadece kahvaltıya inip az birşey yiyip yukarıya çıktık. Pan Amerika havayollarının biletini getirdiler. Bu Pan Amerika havayollarının 19 Haziran tarihli 111 sefer sayılı Tahran Ankara biletiydi. "Akşam sizi pazara götüreceğiz almak istediğiniz birşey varsa alırsınız" dediler. Ben başım ağrıyor diye kabul etmedim. Kalanları götürdüler.

Ben sonunda onlardan birinin yanına gidip, bizim bu konaklama, yemek masrafları ne olacak diye sordum. "Hepsini biz ödiyeceğiz, sizinkiler pazardan hiçbir şey almayı kabul etmediler" dedi. Rabia'nın anlattığına göre onlar mağazalarda sürekli "ne almak istersiniz" diye sormuşlar. Bizimkiler biz bir şey almayacağız diyince birbirlerine bakakalmışlar. Ondan sonra ben biraz rahat nefes aldım. Allah'a şükür diyip, yemeği de korkmadan yedik ve

ئاپىرىپ بېرىمىز. تەھراندا بىرھەپتە دەم ئالىسىز. چۈنكى، سىزنى ئۇدۇل ئەنقەرىگە بارىدىغان ئايرۇپىلانغا سېلىپ قويىمىز. ئۇنىڭغىچە ئايرۇپىلان يوق » دېدى. سۆز ئارىسىدا ئۇ يەنە: « شۇ بېشىڭىزدىكى نەرسىنى كىيمەك، بۇنى بۇيەردە يەھۇدىلەر كىيىدۇ» دېدى. مەن بۇنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي باش كىيمى ئىكەنلىكىنى ئاڭلاتتىم.

بىزنى ئاپىرىپ قويغان ھۆتەل دۇنيا بويىچە ئەڭ ئالىي ھۆتەللەردىن بىرى بولغان «ھىلتون» ئىكەن . شۇكۈنى ئىراننى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەن ئەنۋەر ساداتمۇ شۇ ھۆتەلدە ئىكەن. يان ـ يانا ئىككى ياتاقتا يەرلەشتۇق. بۇلارنى كۆرۈپ، بۇقەدر ئالىي دەرىجىدە كۆتۈۋېلىشىمىزنىڭ سىرى نېمە دەپ ئويلاپ قالدىم. ھەتتا، كېيىن بۇلار ئۈچۈن پۇل تۆلەڭلەر دېسە قانداق قىلامەن دەپ ئەندىشىمۇ قىلىپ قالدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن يېمەككىمۇ زالغا كىرمىدۇق. ناشتىغىلا كىرىپ ئازراق بىرنەرسە يەپ چىقتۇق. ئەرتىسى 5 كىشىلىك « پان ئامېرىكا ھاۋا يوللىرى» نىڭ بىلىتىنى ئەكىلىپ بەردى. قارىسام بۇ پان ئامېرىكا نىڭ تەھران ـ ئەنقەرەگە 6 ـ ئاينىڭ 19 ـ تارىخلىق 111 ـ سەپەر بىلىتى ئىدى. كەچتە بازارغا ئېلىپ چىقىمىز ئالىدىغان نەرسە كېرەك بولسا ئېلىۋېلىڭلار» دەپ كەلدى. مەن بېشىم ئاغرىپ قالدى دەپ ئۇنىمىدىم . باشقىلارنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

كەچتەمەن ئۇلاردىن بىرىنىڭ قېشىغا بېرىپ ئاخىرى: « بىزنىڭ بۇ ياتاق يېمەك چىقىملىرى قانداق بولىدۇ» دەپ سوردۇم . « ھەممىسىنى بىز تۆلەيمىز، بۇلار بازاردىن ھېچ سودىلىق قىلغىلى ئۇنىمىدى؟» دېدى. رابىيەنىڭ ئېيتىشىچە ئۇلار ھەدەپ ماگازىنلاردا نېمە ئالىسلەر دەپ سوراپتۇ. ئۇلار بىز بىرنەرسە ئالمايمىز دېسە بىر ـ بىرىگە ھەيرانلىق بىلەن قارىشىپ قاپتۇ. ئاندىن كېيىن مەن بىرئاز خاتىرجەملىنىپ خۇداغا شۇكۇر دەپ، يېمەكنىمۇ قورقماي يېدۇق ۋە

pazara çıktığımızda safran lazım diye biraz safran aldık. Bir hafta sonra yine karşılamaya gelenler bizi yolcu etti. 19 Haziran 1976 tarihinde öğleden sonra uçağın Türk hava sahasına girdiği anons edildi. Birden heyecanlanmaya başladım. Abimden ayrıldığımızdan beri 27 yıl geçmişti. İkimizin de başından çok olaylar ve değişiklikler geçmişti. Yani çeyrek asır ikimiz başka başka dünyalarda yaşadık. Annem de muradına erdi. Ama ben sanki romanlardaki gibi bu beklenmedik durum karşısında şaşırdım kaldım. Yeni bir ülkede bizi neler bekliyor sadece Allah bilir.

Uçaktan inip biraz yürüdük. Yüksekçe bir yerden birinin elini sallayarak bize bakıp işaret ettiğini gördüm. İklimnisa hanım işte Yunus Hacım diye bağırdı. Böylece Türkiye'ye sağ salim gelip abim ile buluştuk.

Ve 23 yıl önce yazmaya başladığım hatıralarımın sonu geldi. Hatıramın bu son satırlarını 2000 yılının ilk günü yazıyor olmam da bir tesadüf oldu. Hatıramın son satırları dedim çünkü bunların devamını artık yazmayacağım. Tünelin ucu göründü dedikleri gibi 69 yaşımı bitirip 70'e ayak bastım (Çinlilerin bana sormadan pasaporta 2 yıl büyük yazdığını ve Türk vatandaşlığına geçtiğimde de öyle yazıldığını hesaplarsam). Yakında Ayşe'nin iki torunu olacak yani Allah nasip ederse torunumun çocuğunu görecek gibiyim.

***Cenabı Allah akıbetimi hayırlı kılsın***

1 Ocak 2000 Batıkent, Ankara

، ۋە بازارغا چىققاندا زەپەر كېرەك ئىدى دەپ بىرئاز زەپەر ئېلىۋالدۇق.... بىرھەپتىدىن كېيىن، يەنە شۇ قارشى ئالغانلار ئۇزۇتۇپ قويدى.

1976 - يىلى 6 - ئاينىڭ 19 - كۈنى - چۈشتىن كېيىن، ئايرۇپىلان تۈركىيە تەۋەسىگە كىرگەنلىكىنى ئانئۇس قىلىندى. بىردىن ھاياجانلانغىلى باشلىدىم. ئاكامدىن ئايرىلغاندىن بېرى ئارىدىن 27 يىل ئۆتتى. ئىككىمىز بېشىمىزدىن كۆپ ھادىسىلەرنى ۋە ئۆزگۈرۈشلارنى ئۆتكۈزدۇق. يەنى، چارەك ئەسىر بىر زامان ئىككىمىز باشقا - باشقا دۇنيادا ياشىدۇق.... ئانامغۇ مۇرادىغا يەتتى.... ئەمما، مەن خۇددى ھىكايىلار دىكىدەك بۇ تويۇقسىزلىقتىن گاڭگىراپ قالغاندەك ئىدىم. يات يۇرتتا بىزنى نېمىلەر كۈتمەكتە خۇدا ئۆزى بىلىدۇ....

ئايرۇپىلاندىن چۈشۈپ بىرئاز ماڭدۇق. ئىگىز بىر يەردىن بىرسىنىڭ قولىنى ئوينىتىپ بىزگە قاراپ ئىشارەت قىلغانلىقىنى كۆردۇم. ئىقىلىمنىساخان ئەينا يۇنۇس ھاجىم ! دەپ توۋۇلىدى. شۇنداق قىلىپ تۈركىيىگە ساق سالامەت كېلىپ ئاكام بىلەن كۆرەشتۇق....

ۋە 23 يىل بۇرۇن يازغىلى باشلىغان خاتىرەمنىڭمۇ ئاخىرى كېلىپ قالدى. خاتىرەمنىڭ بۇ ئاخىرقى سەتىرلىرىنى بۈگۈن يەنى، 2000 - يىلىنىڭ بىرىنچى كۈنى يېزىشىممۇ بىر تەسادىپ بولدى. خاتىرىمنىڭ ئاخىرقى سەتىرلىرى دېدىم چۈنكى، بۇلارنىڭ داۋامىنى ئەمدى يازماسمەن. «تۇنىلىنىڭ ئۇچچى كۆرۈندى» دېگەندەك 69 يېشىمنى تۈگىتىپ، 70 گە قەدەم قويدۇم....
(ختايلارنىڭ مەندىن سورىماي پاسپورتقا 2 ياش چوڭ يېزىپ قويغانىنى ۋە تۈرك پوخرالىقىغا ئېلىنغاندىمۇ شۇ بو يىچە يېزىلغانلىقىنى ھېساپقا ئالمىغاندا).

يېقىندا بۇ ئايشەخانىنىڭ ئىككى نەۋرىسى بولىدۇ. يەنى خۇدا ئۆمۈر بەرسە پەنەۋەر كۆرىدىغاندەك تۇرىمىز.

جناب آلله ئاخىرىمنى خەيرلىك قىلسۇن. ئامىن

2000 - يىلى ١ - ئاينىڭ ١ - كۈنى .

باقى كەنت . ئەنقەرە



# EKLER

Neseb Tablosu (Şeçere)
Fotoğraflar

# Neseb Tablosu (Şeçere)





Abdulaziz AHUNUM
Cemile HAN AĞAÇAM
Ali AHUNUM
Sekine BANU
Emir ABDULLAH
Emir NURAHMET
Bibi Meryem HANACİM
MEHMET EMİN BUĞRA
Busara HAN
Abdulehad MEHSUM HACİM
Amine HANACIM
Habibe HANACIM
Mehmet Rıza BEKİN
Ahmet Rıza BEKİN
Fatma BUĞRA
Kuyaş BUĞRA
İpar BUĞRA
Marifet BUĞRA
Rabia ALTUNAY
Coşkun ALTUNAY
Deniz BUĞRA
Muhammed Emin BUĞRA
Merve ALTUNAY
Mine ALTUNAY
Ali ARSLAN

# FOTOĞRAFLAR

[Bu bölümde yer alan fotoğraflar Nur Ahmet BUĞRA'nın arşivinden alınmıştır.]



Mehmet Yakup Buğra'nın Babası Abdulkerim Hacim (*Sağda Ayakta*), Hoten Emiri Mehmet Emin Buğra (*Sağda Masa Başında Oturan Siyah Cübbeli*) ve bir grup Hoten'in önde gelen şahsiyetleri ile birlikte. [Hoten-1933]



*Sağdan-sola*: Mehmet Yakup Buğra, Abdulkerim Hacim, Yunus Buğra
(Resmin altındaki Arapça not: *"Hacı Abdulkerim Mekketü'l-Mükerreme'de"*)
[Mekke-1935]



Bibi Zeynep Hacı Hanım



Mehmet Yakup Buğra (*ayakta*),
Bibi Zeyneb Hacı Hanım (*sağda*),
Yunus Buğra (*solda*)
[Sirinegar/Keşmir-1947]



Mehmet Yakup Buğra (*sağda yerde oturan*) ve Abdulkerim Hacim(*sağda sandalyede*), M.Rıza Bekin (*solda ayakta*) ve bir grup hemşehriler ile birlikte. [Keşmir-1937 ]



Mehmet Yakup Buğra [Hoten-1956 ]



İklim Nisa Buğra [Ankara-1978]



Risalet Alioğlu (*solda ayakta*), Mehmet Yakup Buğra, Nur Ahmet Buğra (*ortada*), Ayşe Oğuz (*sağda ayakta*). [Hoten, 1957 ]



Soldan *Üst Sıra:* Abdullah Oğuz , Samet Oğuz, MEHMET YAKUP BUĞRA, Abdulcelil Alioğlu, Abdulhabir Alioğlu. *Orta Sıra:* Aliye Bekin, Ayşe Oğuz, Halise Oğuz, Bibi Zeynep Hanım, İklimnisa Buğra, Risalet Alioğlu, Muhammed Ali Alioğlu
*Alt Sıra Ortada* Nur Ahmet Buğra ve *Sağda* Rabia Buğra.[Hoten, 1976 ]



*Soldan-Sağa üst sıra:* İklimnisa Buğra, Ayşe Oğuz, Abdulcelil Alioğlu, Mehmet Yakup Buğra, Risalet Alioğlu, Aliye Bekin. Rabia Altunay, Samet Oğuz
*Alt sıra (Soldan-Sağa):* Halise Gazi, Nurahmet Buğra, Murat Bekin, Muhammed Ali Alioğlu, Abdulhabir Alioğlu, Alp Doğan, [Ankara, 1982]



Mehmet Yakup Buğra, Doctor of Philosopy (Ph. D) ünvanı töreninde. [İspanya, 1986]



Mehmet Yakup Buğra, özel muayenehanesinde. [Ankara, 1988]



[Malaga, İspanya 1986]



Hoten 1982]



Uluslararası düzenlenen bir ilmi toplantıda. [Pekin 1990]



Hoten Milli Tabebat Hastanesi başhekimi Abdulhamit Yusuf ile birlikte.[Hoten 1987] Abdulhamit Yusuf ile M.Yakup Buğra'nın akrabalık bağı için bkz. Şecere (s.258-259)



[Urumçi, 1996 ]



M. Yakup Buğra ve eşi İklim Nisa hanım
[Ankara, 1988 ]



M. Yakup Buğra, torunu Murat Bekin ile (Kamera önündeki) Mehmet Emin Buğra'nın hayatını konu alan bir belgesel çalışmasını hazırlarken. [Ankara, 1992]



M. Yakup Buğra torunlarıyla birlikte.
*Soldan:* Abdullah Oğuz (önde), Murat Bekin, Halise Oğuz, Abdulhabir Alioğlu, Muhammed Ali Alioğlu. [Ankara, 1986]



M. Yakup Buğra torunlarıyla birlikte.
*Soldan:* Abdulkerim Buğra, Muhammed Emin Buğra, Merve Altunay, Mine Altunay [Ankara, 2001]



Dr. Mehmet Yakup Buğra, Doğu Türkistan halkının Çin esaretine karşı bağımsızlık ateşini yakmaya başladığı günlerde, Hoten inkılabının önderi Mehmet Emin Buğra'nın yakın kurmaylarından olan Abdülkerim Buğra ve Bibi Zeynep Hanımın oğlu olarak 1930 yılında dünyaya geldi.

Doğu Türkistan İslam Cumhuriyeti'nin yıkılmasından sonra ailesi ile birlikte Suudi Arabistan'a hicret etmek zorunda kaldı. Mehmet Emin Buğra'nın mücadeleye devam çağrısını emir telakki eden babası ile birlikte 1936 yılında Hindistan'a geldi. 1942 yılında Mehmet Emin Buğra Çin'e dönmeye mecbur bırakılana kadar Hindistan'da (Bugünkü Pakistan) kaldı. 1942'den 1947 yılına kadar ailesi ile birlikte İngiliz sömürge hükümeti tarafından Hindistan'ın iç bölgelerinde yer alan Dammu'da mecburi ikamete tabi tutuldu. Orta öğrenimini burada tamamladı

27 Aralık 1947 günü kendi ifadesi ile "14 yıl süren Hindistan, Afganistan ve Suudi Arabistan'daki zorlu gurbet hayatını sonlandırıp vatanına geri döndü". 1949 yılında İklimnisa Hanım ile evlendi. Bu evlilikten Ayşe, Risalet, Nur Ahmet ve Rabia isimli dört çocuğu dünyaya geldi. Tıp fakültesini 1956 yılında, iç hastalıkları ve akupunktur uzmanlığını 1967 yılında memleketinde tamamladı

19 Haziran 1976 günü, Doğu Türkistan'ı 1949 yılında işgal eden Komünist Çin yönetimin baskısı altında geçen 27 yıllık korku ve dehşetten sonra, mazlum Doğu Türkistan halkının yegâne hamisi Türkiye'ye ulaştı. Ailesi ile birlikte Ankara'ya yerleşerek burada özel muayenehanesinde doktorluk yapmaya başladı. Nisan 1986'da İspanya'da Doctor of Philosophy (Ph.D) ünvanını aldı. Nisan 1990'da 172. Yüksek Sağlık Şurası'nda akupunktur yönetmeliğinin hazırlanması çalışmalarına katıldı. 19.10.1991'de Sağlık Bakanlığı tarafından Akupunktur Üst Komisyonu üyeliğine seçildi.

5 yabancı dil bilen Dr. Mehmet Yakup Buğra, 1990 yılından itibaren doktorluğun yanı sıra ilmi faaliyetlere ağırlık vermeye başladı. İlk olarak Mehmet Emin Buğra'nın "Doğu Türkistan Tarihi" adlı kitabını günümüz Uygur yazım kurallarına göre yeniden düzenleyerek bastırdı. Uygurca'ya tercüme ettiği eserlerin başlıcaları İmam Nevevi'nin 40 Hadis'i, Mevdûdi'nin İslam'a İlk Adım ve Tefhimu'l-Kur'an tefsirinin 1. cildidir.

27 Mart 2011 günü 81 yıl süren çileli ama bir o kadar da bereketli ve verimli bir hayattan sonra, ebedi aleme irtihal etti. Cenabı Allah rahmetiyle muamele etsin, mekânı cennet olsun.